ساغلام روھ مەنزىللىرى - 2

# ئاتا - ئانىلار ئەخلاقى



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئاتا - ئانىلار ئەخلاقى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇھەممەد قۇربانىنىياز

گۈزەل ئەخلاق سىزنى بەخت -
سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ

ISBN 978-7-5372-4544-9
9 787537 245449 >
(民文)总定价(三册):54.00元

www.uyghurkitap.com

_______________ گە

_______________________________

_______________________________

_______________________________

_______________________ .

_______________ دىن

______-يىلى ______-ئاينىڭ ______-كۈنى

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى ئائىلىنى بەخت-سائادەتكە باشلاپلا قالماي ئەۋلادلارنى گۈزەل كېلەچەككە يېتەكلەيدۇ.

بۇ كىتابنى ئەنە شۇنداق مەقسەتتىكى ئاتا-ئانىلارغا ئېھترام بىلەن بېغىشلايمىز.

— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاتا-ئانىلار ئەخلاقى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

父母的礼仪：维吾尔文/艾则孜编.—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2009.5

（心态与健康之路，第2辑）

ISBN 978-7-5372-4544-9

I.父… II.艾… III.家庭教育-维吾尔语（中国少数民族语言）IV.G78

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第072232号

策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
责任编辑　西尔尼江·艾沙
责任校对　克尤木·吐尔逊
电脑设计　穆海麦提·库尔班尼亚孜
书　　法　艾尼瓦·卡森木
出　　版　新疆人民卫生出版社
地　　址　乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址　http://www.xjpsp.com
印　　刷　新疆新博文印刷有限公司
发　　行　新疆新华书店
版　　次　2009年5月第1版
印　　次　2009年12月第1次印刷
开　　本　850×1168 毫米　1/32 开本　22.375印张
书　　号　ISBN 978-7-5372-4544-9
印　　数　1—10000
总定价（三册）：54.00元

发行科联系电话：（0991）2823055　邮编：830001

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان بۇ كىتاب ئەخلاق ساھىبلىرىدىن بولغان رىزائۇددىن ئىبنى پەخرۇددىن، ئالىمەتۇل بەنات، تۇرسۇنئاي سادىقوۋا، رەھىمە شامەنسۇرىۋا ... قاتارلىقلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاققا ئائىت رىسالىلىرىدىكى ئاتا-ئانىلار ئەخلاقىغا دائىر مەنبەلەرنى ئاساس، باشقا مەنبەلەرنى قوشۇمچە قىلغان ئاساستا نەشرگە تەييارلانغان بولۇپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى قىسمەن سەۋەنلىكلەرنى تۈزۈتىۋېلىشىغا ياردىمى بولسۇن دېگەن مەقسەت ئاساس قىلىندى.

كىتاب مەزمۇن جەھەتتىن ئاتىلار ئەخلاقى ۋە ئانىلار ئەخلاقى دېگەن ئىككى بۆلەككە ئايرىلغان بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەخلاق ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئايرىۋەتكەنلىك ئەمەس، بەلكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشىغا قولايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەخلاق ۋە بۇرچلىرى بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلارنىڭ ھايات مۇساپىلىرىدە ئورتاق بىلىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارغا رىئايە قىلىپ بەختلىك، خۇشال-خۇرام ياشىشىغا تىلەكداشمەن.

# مۇندەرىجە

ئاتىلار ئەخلاقى


ئاتىلارغا كىتاب كېرەكمۇ؟ .................................. 3

سىز ئاتا بولدىڭىز .................................. 6

ئائىلە ـــ ۋەتەندۇر، ئاتا ـــ باشپاناھ .................. 12

ئاتا ـ ئائىلە يۆلەنچۈكى .................................. 19

ئاتا بولۇش شەرتلىرى .................................. 23

ئەخلاقى پەزىلەت ئاتا ئۈچۈن قۇۋۋەتتۇر .................. 35

ئاتىلارنىڭ ۋەزىپىسى مۇقەددەستۇر .................. 37

پەرزەنت تەربىيىسىدە ئائىلىنىڭ كۆرستىدىغان تەسىرى ..... 45

ئاتىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولى .................. 48

ئاتىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى ئەدەپلىرى .................. 52

نۇقسانى بار ئايالىڭمۇ ھۆرمىتىنى جايىدا قىلىڭ .......... 58

ئايالىڭىزنى ھۆرمەت قىلىڭ .................................. 63

ئائىلىدە بىرلىك بولسۇن .................................. 67

باللارنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىشتا سالماق بولۇڭ .......... 71

ئائىلىدىكى گۈزەل مۇناسىۋەت .................................. 74

ئائىلە ۋە دۇنيا .................................. 77

ئائىلە ۋە ئۆلپەت .................................. 79


www.uyghurkitap.com

خىزمەتكارلار، بالا باققۇچىلار، قوشنىلار، دوستلار بىلەن بولغان
ئەدەپلەر ........................... 81
خوتۇنلار بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەدەپلەر .... 84
سىزگە ھەممىدىن بەكرەك ئايالىڭىز بارلىقنى پىدا قىلىدۇ .. 89
ئەر بولۇش ھەققىدە ........................... 93
ئاتىلار نەسىھىتى ـــ ئەجدادلار چىرىقىدۇر .............. 101

## ئانىلار ئەخلاقى

ئەي سۆيۈملۈك ئانا ........................... 111
ئەي ئانا، سىز بۈيۈك ئىنسان ..................... 113
ئانا بۈيۈك مۆرەببىيدۇر ........................... 119
ئانا! دەپ چاقىرىلىش بۈيۈك شەرەپ ..................... 127
ئەڭ قەدىرلىك ئايال ........................... 133
ئەي مېھرىبان ئانا، ئومۇمىي ۋەزىپىڭىزنى ئۇنۇتماڭ ...... 135
ئەقىللىق ئاتا ـ ئانىلار خالىي بولۇشقا تېگىشلىك سەۋەنلىكلەر .. 141
ئانىلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى ........................... 160
بالىڭىزنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىڭ ..................... 162
ئاتا ـ ئانىلار بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار .............. 166
ئائىلىدىكى سىرلار ........................... 170
قىزىڭىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ھەممىدىن مۇھىم ........ 183
قىزىڭىز ئۆي ئىشلىرىغا پىشسۇن ..................... 193
ھەشەمەتخورلۇق ئەڭ يامان ئىللەت ..................... 200
ئائىلە ۋە ئايال ........................... 213
ئايال ۋە تەربىيە ........................... 215

ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى نىجادلىقنىڭ ئاچقۇچى ........ 219
چۇقۇمكى ئاياللار ئىلىملىك بولۇشى لازىم ............ 226
چىراي ۋە ئايال ................................ 231
مېھرى ـ مۇھەببەت ھەقىقەتەن قەدىرلىك .............. 234
تەربىيىلىك ئايال مۇنداق بولىدۇ .................. 238
ئىشەنچ ................................ 240
ئىتائەت ................................ 241
ئەرنىڭ يېقىنلىرىنى ھۆرمەتلەش ............... 242
ھەمسۆھبەت ............................. 244
سىر ساقلاش ھەققىدە ........................ 245
قانائەت ۋە شۈكرى قىلىش ................... 246
ئۆزىنى تۇتۇش ھەققىدە ...................... 247
پاكىزلىق ـــ زىننەت دېمەكتۇر ................. 249
ھايا ۋە ئىپپەت ........................... 251
تەرتىپلىك بولۇش ھەققىدە ................... 253
سالامەتلىكنى ئاسراش ھەققىدە ................. 254
ئوسال خوتۇنلار ........................ 255
ئەرلەر ................................ 256
قېينانا بىلەن كېلىنلەر ئارىسىدا بولىدىغان قائىدە ھەققىدە . 259
ئۆگەي بالىلار ۋە ئۆگەي كېلىنلەر ھەققىدە ............ 262
ئۆي تۇتۇش ھەققىدە ....................... 264


www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئائىلە ئەخلاقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاتىلارغا كىتاب كېرەكمۇ؟

تۇنجى ئاتا — ئادەم ئاتا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا «ئاتا»لىق نامدا ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەر ھەددى - ھېسابسىزدۇر. ئەمما، ھەقىقى ئاتا بولۇپ ئۆتكەن، ئاتىلىق سىرلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، مۇكەممەل ئائىلە قۇرۇپ چىقالىغان ئاتىلار بەك ئازدۇر. چۈنكى، «ئاتا» بولدىڭىز دېگەن گەپ، بىر ئائىلىنىڭ، پەرزەنتلەرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ بارلىق يۈكى سىزگە يۈكلەندى، دېگەنلىكتۇر. بۇ يۈكلەرنىڭ ھەممىنى تەڭ، ئادىل كۆتۈرۈپ مېڭىش ھەقىقەتەن مۇشكۇللەرنىڭ مۇشكۇللىرىدىندۇر. شۇ سەۋەبتىن ئاتىلار تارىختىن بىرى بۇ مۇشكۇللەر ئالدىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ ھايات كەچۈرگەن.

ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرتىپ - قائىدىسى، تۇتقان يولى بولىدۇ. بۇ ئېنىق. ئەمما، دۇنيادا باش ئاغرىقى يوق، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر كۆرۈلمەيدىغان، كۆرۈلگەن بارلىق مەسىلىلەر يۈز پىرسەنت توغرا ھەل قىلىنىدىغان ئائىلە بولمايدۇ. سىزنىڭ ئائىلىڭىز ھەم شۇنىڭ ئىچىدە. سىز مەيلى يېڭى ئائىلە قۇرغان بولۇڭ ۋەياكى مەيلى نەۋرە - چەۋرىلىك بولغان بولۇڭ، ھامان ئائىلە مەسىلىلىرىنىڭ قورشاۋىدا ياشايسىز ھەم ھەرقانداق

مەسلىنى ئالدى بىلەن سىز، يەنى ئاتا بولغۇچى بىر تەرەپ قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەيسىز. دېمەك، سىز ھامان پات - پات يېڭى - يېڭى ئائىلە مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىپ تۇرغۇچى ھېسابلىنىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى سىز قانچىلىك نامدار باي بولۇڭ، تەلەپكە لايىق ئاتا بولۇش يوللىرىنى بىلمىسىڭىز، تاپقان دۇنيارىڭىز ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىڭىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. سىز ھەرقانچە كاتتا ھوقۇقدار ياكى ئالەمنى مالەم قىلىدىغان كەشپىياتچى بولسىڭىزمۇ، ئاتا بولۇش يوللىرىنى بىلمىسىڭىز، ھوقۇقدارلىقىڭىز تىراگېدىيە بىلەن، كەشپىياتچىلىقىڭىز پۇشايمان بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

خوش، ئۇيغۇر ئەرلىرىگە ئاتا بولۇش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان كىتاب كېرەكمۇ؟ كېرەك. چۈنكى، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئائىلەپەرۋەردۇر، ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن ئىزدەنگۈچىدۇر. بىرەر ساھەدە ئىزدەنگۈچى ئۈچۈن بولسا شۇ ساھەگە ماس كېلىدىغان ماتېرىياللارنى كۆرۈش، بۇ ھەقتە تېخىمۇ مۇكەممەل بىلىمگە ئىنتىلىش ئەقەللىي ساۋاتتۇر. ئەگەر كىمكى مېنىڭ ئائىلەم مۇكەممەل ئائىلە، مەنمۇ ئاتىلىق يوللىرىنىڭ ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان ئاتا، شۇڭا ماڭا ئائىلە ھەققىدە ھېچقانداق كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ، باشقىلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ، ئەقىل - ئۈگۈتلىرىنىڭ لازىمى يوق دەپ قارايدىكەن، بىز بۇنداق ئاتىنى كۆرەڭ، مەمەدان ياكى بەك نادان ئاتا دەپ ھېسابلاشقا ھەقلىقمىز ھەم شۇنى جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى، بۇنداق ئاتىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى ئەڭ ئېچىنىشلىق بولىدۇ، ئاشۇ ئۆيلىرى ئۈچۈن يۈز مىڭ قېتىملاپ تۆۋە قىلىدۇ. چۈنكى، نۇرغۇن ئەرلەر مۇكەممەللەشتۈرەلمىگەن ئائىلىنى سىز - بىزنىڭ مۇشۇ ئاددىي كاللىمىز بىلەن قانچىلىك مۇكەممەللەشتۈرىشىمىز، ئاتا بولۇش يوللىرىنى قانچىلىك ياخشى

بىلشىمىز مۇمكىن؟

دېمەك، بىزگە كىتاب كۆرىدىغان ئاتىلار كېرەك، مىللىتىمىز ئاتىلىرىغا كىتاب كېرەك. گەرچە كىتاب ھەممىنى ھەل قىلالمىسىمۇ، ئەمما، شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، كىتاب ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزگە دىئاگنوز قويالايسىز، ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك تەلەپكە لايىق ئاتا بولۇۋاتقانلىقىڭىزغا باھا بېرەلەيسىز، ئۆزىڭىزدە ساقلانغان ئىللەتلەرنى كۆرۈپ يېتىپ ئۇنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىش شەرىپىگە، ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئىلىملەرنى ئىگىلەش پۇرسىتىگە ئېرىشىسىز. دۇنيادا ئاتا بولغۇچى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىكراق ئىلىم بارمۇ، قېرىندىشىم؟

# سىز ئاتا بولدىڭىز...

سىز ئاتا بولدىڭىز. نەزىرىڭىزدە ئەتىراپ بىردىنلا يورۇپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. ماڭىسىڭىز بويىڭىز ئېگىزلىشىپ قالغاندەك، پۇتلىرىڭىزمۇ يەرگە تەگمەيۋاتقاندەك تۇيۇلدۇ. گويا شۇ بىرلا بالىڭىز بىلەن دۇنيا تولۇپ قالغاندەك، ھەممە كەم ـ كۇتىڭىز پۈتكەندەك بولدى. يۈرىكىڭىزنىڭ تېگىدىن پۈتۈن جىسمىڭىزغا بىر شېرىن يايراش تارىدى. قولىڭىزدىكى بىر پارچە ئەت سىزنىڭ تەكرارىڭىزدۇر. بىر ئىدىڭىز، ئىككى بولدىڭىز. ئۇ چوڭ بولۇپ كۆپەيسە ئۈچ بولىسىز، تۆت بولىسىز...

قاراڭ، سىزنىڭ نامىڭىز بىلەن ئاتىلىدىغان ئەۋلادىڭىز كارۋىنى پەيدا بولدى. بۇ چەكسىز بەختنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن مۇبارەك بولسۇن، ئوغلانىم! ئۆيىڭىزدە پەرزەنت ئاتلىق شېرىن «دۈشمەن» پەيدا بولدى، يۈرىكىڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر يىپ باغلاندىيۇ، بۇ يىپ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بالىڭىزغا ئۇلاندى. كۆكسىڭىزنىڭ شۇ قىسمى ئەمدى ھەرگىز ئۇخلىيالمايدۇ. مەيلى قەيەردە بولۇڭ، شۇ شېرىن ئاغرىق سىزنى ئۆي تەرەپكە تارتىپ تۇرىدۇ، ھامان تارتىۋېرىدۇ. بۇ يىپ ئەمدى ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرغىچە سىزنى قويۇپ بەرمەيدۇ. ئوغلانىم، شۇ تاپتا بىر پەس ئۆزىڭىزگە كېلىڭ: سىز

تۇغۇلغاندا ئاتا ـ ئانىڭىزمۇ قانداق كۈيگە چۈشكەنلىكىنى نەسىھەت قىلىپ كۆرۈڭ، ئۇلارنىڭ باغرىدىكى شۇ ئاغرىق سىز ئىكەنلىكىڭىز ۋە شۇ كۈنگىچىمۇ ئۇلار بۇ دەردكە مۇپتىلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىڭ ۋە ئاۋۋال روھەن ئۇلارغا تازىم قىلىپ، ئاندىن بالىڭىزغا يۈزلىنىڭ.

بالىڭىزنىڭ شېرىن تىلى ۋە شېرىن ھەرىكەتلىرىدىن سىمابتەك ئېرىگەن پەيتلىرىڭىزدە، ئۇ ساقسىز بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ داۋانى ئىزدەپ سەرسان بولغان كۈنلىرىڭىزدە ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭمۇ سىز تۈپەيلى شۇ ھالغا چۈشكىنىنى يادلاپ تۇرۇڭ ۋە ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىغا باش ئۇرۇپ، ئۆزرىلىرىڭىزنى ئېيتىشقا ئالدىراڭ.

دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر غېرىبلىق بالاڭ بالىسى بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىپ، سېنىڭ بىر چەتتە ئېتىبارسىز قېلىشىڭدۇر. بىزنىڭ ئادىتىمىزدە ئومۇمەن يېنىمىزدا ئاتا ـ ئانىمىز بار ۋاقىتتا باللىرىمىزنى ئەركىلەتمەيمىز. ئويلاپ كۆرسەك، بۇنىڭ كەينىدە ئاجايىپ چوڭ پەلسەپە بار ئىكەن: قاراڭ، جېنىمىزنىڭ بىر پارچىسى بالىمىزغا ئۆتتى. بۇ جاننىڭ ئاغرىقى ـ ئەلمى پۈتمەي تۇرۇپ بالىمىز بىز بەرگەن جاندىن ئۈزۈپ ئۆز بالىسغا ئۆتكۈزىدۇ. ئېيتىڭچۇ، بىر ئازابى ئىككى بولدى، يەنە بۇ ئازابلاردىن پارچىلىنىپ تۇرغان ئاتا ـ ئانىغا كەينىڭىزنى قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇنتۇپ، ھەدەپ بالىڭىز بىلەن بولۇپ كەتسىڭىز، بۇ ئادىللىقمۇ، ئوغلانىم؟

پەرزەنتىڭىز تۇغۇلدى، ئەمما ئۇنىڭ نىملەرگە يارىشى سىزگە باغلىقتۇر. قېنى، بۇرادەر، بالىڭىزنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى خالايسىز؟ ئىلىملىك بولسۇن دەيسىز، چوڭ مەرتىۋىلىك بولسۇن دەيسىز ياكى پۇلدار بولسۇن دەيسىز، شۇنداقمۇ؟ خوپ،

پەرىشتىلەرمۇ ئامىن، دېدى دەيلى، ھەددى-ھېسابسىز قۇربان بېرىشلەر بىلەن بالىڭىزنى شۇ مەرتىۋىگە يەتكۈزدىڭىز. لېكىن، كۆڭلىڭىز ئەمدى تىنغاندا پاجىئە يۈز بېرىدۇ. بالىڭىزنىڭ قىلغان ئىشلىرى سىزگە يارىمايدۇ. دۇنياسى نۇرسىزلىنىشقا باشلايدۇ: گۈدەك بالىلار جىمى ياخشى-يامان، گۈزەل ۋە خۇنۇك نەرسىنى دەسلەپ ئاتا-ئانىسىدىن تونۇيدۇ. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، بالىلار دۇنياسىدا ئاتا-ئانىلار خاتا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشى توغرا، دېگەن قاراش مىخلىنىپ قالغان بولىدۇ. سىز بولسىڭىز، ئاۋۋال قانداق بولغان بولسىڭىز، پەرزەنتلىك بولغىنىڭىزدىن كېيىنمۇ ئۆزىڭىزنى شۇنداق تۇتتۇۋېرىسىز. ئائىلىقا نامۇناسىپ قۇسۇرلىرىم باردۇر، دەپ خاۋاتىرلەنمەيسىز! ئۆيىڭىزدىكى مال-دۇنيانىڭ، داستىخىنىڭىزدىن تائام يەپ تۇرغان مەسۇم چۆرىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىڭىزنى شىر كەبى سېزىسىز ۋە «بالام ماڭا ئوخشىسا، يامان بوپتىمۇ؟» دەپ كۆكرىكىڭىزگە ئۇرىسىز. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ غەپلەت باستى، كۈلپەت باستى سىزنى! ئارزۇ قىلغىنىڭىزدەك بالىڭىز ئۇقۇمۇشلۇق بولدى، ئەمما چېكەرمەن زىيالىي بولدى، بۇ چېكىش ۋە ئىچىشلەر ئۇنى ھالقىلىق يېشىدا خاراپ قىلدى. ئۇنى شۇ كەيپكە ئۆگەتكەن ئۆزىڭىز. چۈنكى ئۇنى چېكىپ يۈرۈپ شۇ بالىنى باقتىڭىز، ئەندىزە ئۆزىڭىز بولدىڭىز...

بالىڭىز مەرتىۋىلىك بولدى، دەيلى... ئەمما ئەلنىڭ نەزىرىدىن قالدى. تېپىۋەردى، ئەمما تاپقىنى تۆكۈلۈپ كېتىۋەردى. بۇنىڭغىمۇ سىز ئەيىبكار. چۈنكى سىز ئىش پۈتتۈرۈش ئالدىدا كىملەرگىدۇر خىيانەت قىلغانسىز. ئاقىۋەتتە بۇنىڭ زاۋالى ئۆزىڭىزنى ئەمەس، بالىڭىزنى تۇتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بالىڭىز سىزدە قانداق تۇتۇم كۆرگەن بولسا، ئۆز مەنسەپ كۇرسىنى شۇنداق باشقۇرىدۇ.

ئەمدى ئۆز نۆۋىتىدە بالىڭىزنىڭ زاۋالى نەۋرىڭىزنى تۇتىدۇ.

بەزىدە ئون بەش ياشتىلا ئاينىپ كەتكەن بالىڭىزدىن كايىپ يۈرىسىز، ئۇرىسىز، سۆكىسىز، مۇئەللىملەرنى ئەيىبلەيسىز، يولدىن ئازدۇردى، دەپ دوستلىرىنى قارغايسىز! ئۇ بولسا بۇ كوچىدىن قوغلىسىڭىز، ئۇ كوچىغا ئۆتۈپ ساياقلىقنى قىلىۋېرىدۇ. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ دەپ داد-پەريات سالىسىز! ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، دەردىڭىزنى يۇتۇشقا مەجبۇرسىز ئەمدى! قېنى ئېيتىڭچۇ، ئۆزىڭىز كىمسىز؟! قانچىلىغان سىرلىق قازانلارنى ئېچىلمايدىغان قىلىپ يېپىپ يۈرگىنىڭىز ئۆزىڭىزگىلا ئايان. ئوڭ كەلسە، گۇۋاھ يوق جايدا گۇناھ قىلىشقا تەييارسىز. سىرتىڭىزدىن شۇنداق زىبالىي، شۇنداق ئەدەپلىك كۆرۈنىسىزكى، «شۇنداق ئادەمنىڭ بالىسىنى قاراڭ...» دەپ ئېچىنىدۇ بەزىدە. ياق، بۇرادەر، ھەممە ئىشىڭىزنى تەڭرىم كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە ھېچقايسى ئىشىڭىزنى قايتىمىسىز قالدۇرمايدۇ. ئالمىنىڭ تېگىگە ئالما، بېھىنىڭ تېگىگە بېھى چۈشىدۇ. ئاتا-ئانا قېنىدا يوشۇرۇنۇپ قالغان بەزى ئەيىبلەر بالىدا ئاشكارا بولىدۇ.

ئاتا بولىدىڭىزمۇ، دەرھال ھەممە گۇناھلىرىڭىزغا تووۋا قىلىڭ. شۇ پۇرسەتتىن باشلاپ ئىشىڭىزدىمۇ، گېپىڭىزدىمۇ ياخشىلىق، توغرىلىق ۋە پاكلىق بولسۇن. شۇندىلا، بالىڭىزدىن باشلاپ نەسلىڭىز تۈزۈلۈپ كېتىدۇ! يەنە بىر گەپ، ئايالىڭىزمۇ جېنىڭىزدىن بالا ياسايدۇ. جېنى ھالاك بولۇپ ياسىغان بالىسى «پالانچىنىڭ بالىسى» دەپ سىزنىڭ ئىسمىڭىز بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇ بىرىم جان بىلەن بالىنى بېقىشى، قاتارغا قوشۇشى كېرەك. ئاتا بولغۇچى سىز ئايالىڭىزنى ياخشى پەرۋىش قىلىڭ(بولۇپمۇ بالا تۇغۇلۇپ بىر يىلغىچە). بۇ پەيتلەر ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ چارىسىز يىللاردۇر. ئانا بولغان ياكى بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئايالنىڭ تېۋىپى

ئۇنىڭ جۇپتىدۇر. بۇ مۇقەددەس بۇرچىڭىزنى چۈشەنمىسىڭىز، يەنە زاۋالغا ئۇچراۋېرىسىز.

سىز ئاتا بولدىڭىز... قاغا جىنىدا باللىرى ئۈچۈن ياغاق كۆمۈپ غەملەيدۇ. ئاغمىخانچۇ! چۈمۈلىنىڭ چېكىنمەي ئىشلەيدىغان رىيازىتىنى قاراڭ! قارلىغاچنىڭ بالىسى ئۈچۈن لاي توشۇشىنى قاراڭ! سىز بولسىڭىز ھەزرىتى ئىنسانسىز! چۈمۈلىنىڭ ئالدىدا سىزنى دىۋە دېسە بولىدۇ. خوش، ئاتا بولۇش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى قانداق تەييارلىدىڭىز؟! بالا ـ چاقا بېقىشقا يارامسىز؟ ئايالىڭىز ۋە بالىڭىز سىزنى نىجاتچى دەپ بىلىدۇ ـــ نىجاتچى بولماققا تەييارمۇسىز؟

سىز دېگەن بۈيۈك! بالىنى قاتارغا قوشۇش، ھۈنەرلىك قىلىش ئاتىنىڭ بۇرچىدۇر. بۇ ئىشلارنى ئايالغا يۈكلەپ قويۇش سىز ئۈچۈن خائىنلىق بولسۇن!

ئايىغىڭىز يۈرۈپ، قولىڭىز تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئايالىڭىزنىڭ پۇلى بىلەن قازان قاينىتىش سىز ئۈچۈن ھاقارەت بولسۇن!

بالىنىڭ رىزقىدىن شىلىپ قىمارغا تىكىش، ئىچىش، ناقابىل يوللارغا يۈرۈش سىز ئۈچۈن شەرمەندىلىك بولسۇن!

سىز ئاتا بولدىڭىز، پاك بولسىڭىز، پۈتۈن ئەۋلادىڭىز تازىدۇر. بولمىسا، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزنىڭ نۇرلۇق روھلىرى ھەمىشە چىرقىراپ ياتىدۇ، ھوشيار بولۇڭ، ئوغلانىم!

مۇشۇكمۇ بالىسىنى باقىدۇ، بۇ بۈيۈكلۈك ئەمەس. ھەقىقىي ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچى پەرزەنتنى مېھىر ۋە ئىخلاس بىلەن چوڭ قىلىشتۇر. ئاتا ـ ئانا بولغاندا ئىبرەتلىك ھالال يولنى تۇتماس ئىكەنمىز، ئەتىكى كۈنىمىز خەتەرلىك بولىدۇ. «تىككىنىڭنى ئورىسەن»، «قىلمىش ـ قىدىرمىش» دېگەن خەلق ھېكمىتى بىكار

ئېيتىلغان ئەمەس. دەرھەقىقەت، دىلئازار ئادەمنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاپادار بولغىنىنى، بىراۋلارنىڭ ھەققى ھېسابىغا بېيىغان كىشىنىڭ ئۆيىدە خاتىرجەملىك بولغىنىنى، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىش كۆرىدىغان مەنسەپپەرەسلەرنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئەل ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىنىنى ھېچقاچان كۆرگەن ئەمەسمىز...

زەئىپ ئادەم خاتانى باشقىلاردىن ئىزدەيدۇ. قولى، ئايىغى، كۆزى، بېشى ئامان تۇرۇپ، كۆز يېشىنى يامغۇردەك تۆكۈپ ھاياتتىن، ئامەتسىزلىكتىن نالە قىلىدىغان، ھەممىدىن جاپا كۆردۈم، ماڭا ھېچكىم شەپقەت قىلمايدۇ دەپ ئۆزىنى ئەڭ غېرىب، ئەڭ بەختسىز سانايدىغانلار ئېچىنىشقا لايىق ئەمەستۇر.

ھەزرىتى نەۋائىينىڭ ھەربىرىمىزنىڭ ھايات دەستۇرىمىز بولۇشقا لايىق شۇنداق بىر سۆزى بار: «سەن بىراۋلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۇنۇت، بىراۋنىڭ ساڭا قىلغان يامانلىقىنىمۇ ئۇنۇت. ئەمما، ئۆزۈڭنىڭ بىراۋغا قىلغان يامانلىقىڭنى، بىراۋلارنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقىنى بولسا ئۇنتۇما». ھەدەپ قىلغان ياخشىلىقىمىزنى پەش قىلىۋەرمەي، خاتالىرىمىزنى تۈزىتىشكە تۇتۇنساق، ئاساسىي ۋەزىپىمىزنى كۆڭۈل ئېلىش دەپ بىلسەك، ھاياتىي ئىسپات شۇكى، پەرزەنتلىرىمىز چوقۇم سالىھ پەرزەنت بولغاي!

# ئائىلە ـ ۋەتەندۇر، ئاتا ـ باشپاناھ

بۇرادەر، خەلقىمىزنىڭ قارىشى شۇنداق، «ئەركىشى — ئائىلىدىكى بىرىنچى رەھبەردۇر». ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇ ئۇدۇمغا جىددىي رىئايە قىلغان ۋە ئۇغۇل بالا زاتىغا ياشلىقىدىن باشلاپ تەلەپنى قاتتىق قويغان. ھۈنەر ئۆگەتكۈچى ئۇستازلارمۇ مەكتەپ مۇدەررىسلىرىمۇ، ئاتا ـ ئانىلارمۇ يىگىتچىلىك ئىلمىنى ئۈزلۈكسىز سىڭدۈرۈپ بارغان. ئەر كىشى ئۆينىڭ خاقانى، تۆت تەرەپتىن كېلىدىغان ياخشى ـ يامان كۈنلەردە ئائىلىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان. ئۇنىڭغا يۆلۈنگەن ھەم ئۇنى سۆيگەن، ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن، ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالغان. چۈنكى، ئەرلەرنىڭ مەنىۋى بىلىمى، قولىدىن كېلىدىغان ئىشلىرى شۇ دەرىجىدە چوڭ بولغان. ئانىلار ئاشۇ جۈپتىلىرىنىڭ بويلىرىنى پەرزەنتلىرىگە پەخىر بىلەن كۆرسىتىپ«ئاتاڭغا ئوخشىغىن، ئاتا ئوغلى بولغىن» دەپ تەربىيە بېرىپ كەلگەن. ئەمما بۈگۈن ئىشتىن كېلىپلا سالپىيىپ ئېغىناپ ياتىدىغان ياكى كۈندە شىركەيىپ كېلىپ دۇنيادىكى ئەڭ خۇنۈك، ئەڭ ئۆياتلىق تاماشالارنى كۆرسىتىدىغان، يا چايخانا، ئاشخانىلاردىن بېرى كېلەلمەيدىغان ئەر ئۆز بالىسىغا نېمىنى ئۆگىتىدۇ، توغرىراقى ئۇ شۇ تەرزدە مۇرەببىي بولۇشقا ھەقلىقمۇ؟! ئېرى بار تۇرۇپ

روزىغاردىكى ئەركەكچە ئىشلارنى دائىم ئۆزى بېجىرىدىغان ئايالنىڭ ئوغلى نېمىنى كۆرۈپ ئۆسىدۇ؟ دېرىزىسىنىڭ سۇنغان كۆزى بىر يىلدىن بىرى ئوڭشالمايۋاتقان، ئۆيى ئون يىلدىن بېرى ئاقارتىلمىغان، ھويلىلىرىنى تىكەن بېسىپ كەتكەن ياكى سۇپىسىنىڭ بۇرجىكى بىرىيلدىن بېرى بۇزۇلۇپ ياتقان بولسىمۇ، تۈزەشكە ھەرىكەت قىلمىغان ئەركەك ياخشى ئوغۇل تەربىيىلەمدۇ؟

بۇرادەر ئېيتىڭچۇ، بالىنىڭ ئاتىسى تىرىك تۇرسا، ئەمما بۇ تۇرمۇشتا ئاتىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى بالىغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرمىسا، بۇ كۈندە ئانا نېمە قىلسۇن؟ «بالام ئاتاڭنىڭ ئەيىبلىرى بار، سەن پالانىغا ئوخشىغىن»دەپ بالىسىغا مەھەللىدىكى نامەھرەم بىر ئەركەكنى كۆرسەتسۇنمۇ؟ دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئايال شۇ. بۇ ئۆيدىكى پەرزەنت ھەم شور پېشانىدۇر.

ئىلىم — نۇر، بالىڭىز نۇرنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان زېمىن، زېمىن — ماكان. شۇ زېمىن تازا ساپ بولسا نۇر سىڭىدۇ، ئۇنىڭدىن باغ ھاسىل بولىدۇ. بولمىسا خوخا، تىكەنلىك بولىدۇ. شۇ زېمىننىڭ باغ بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسى سىياقىدا، ھۆرمەتلىك ئاتا بالىڭىزنى نېمە بىلەن سۇغۇرۇپ، نېمە بىلەن ئوزۇقلاندۇرىسىز؟ سىز ھالال يول بىلەن پۇل تېپىۋاتامسىز؟ سودا-سېتىقتا ئادىلمۇ سىز؟ سىز ئېلىپ كېلىۋاتقان رىزىقتا بىراۋنىڭ ھەققى بارمۇ-يوق؟ بالىڭىز بىراۋ نارازى بولۇپ بەرگەن «سوۋغا» نى ئالمىغانمۇ؟ ئەگەر شۇنداق خاتالىقلىرىڭىز بولسا، مىڭ داد سېلىڭ، مىڭ سەكرەڭ، بالىڭىز ئېپلاسلانغان زېمىن. تەربىيىنى قوبۇل قىلمايدۇ! كاتتا دۆلەتلەردە بىلىم ئالسا ھەم ئاخىر ۋاي: باي بولىدۇ، ئەمما بەختسىز بولىدۇ. ياشاۋېرىدۇ، ئەمما دەردمەن بولىدۇ. بەختلىك،

www.uyghurkitap.com

ساغلام بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ياراتقۇچى ئۇنى باغرى تاش قىلىپ قويىدۇ. كۆچ قۇۋۋەتتىن كەتكىنىڭىزدە سىزنى مېھرگە، مۇرۇۋۋەتكە زار قىلىدۇ، خار قىلىدۇ! ئۇ مېنىڭ توختامىم ئەمەس، دۇنيانىڭ، ياشاشنىڭ پەلسەپەسى. شۇنداق، ئەتراپقا ياخشىلاپ قاراڭ بۇرادەر، چۆرە ـ ئەتراپىڭىز ئىسپاتقا تولغاندۇر، قاراڭ ۋە قورقۇڭ!

ئىخلاس قويۇپ قىينىلىپ قۇرغان ئۆيىڭىز، توپلىغان مال ـ دۇنيالىرىڭىزنى سىزدىن كېيىن باللىرىڭىز تالىشىپ، سوتلىشىپ، شەرمەندىلەرچە خام تالاش قىلمىسۇن دېسىڭىز، ئاغا ـ ئىنىڭىز بىلەن هويلا جاي، مىراس تالاشماڭ. ئەكسىنچە ئۇلارنىڭ ئۆيلۈك بولۇشلىرى ئۈچۈن ياردەملىشىڭ، ئۇلار مۇرۇۋۋىتىڭىزنى بىلسە ياكى بىلمىسە، ئېشىنغىنىڭىزنى قېرىنداشلىرىڭىزدىن ئايىماڭ.

هە دەپ ئايالىڭىز ۋە باللىرىڭىز ئەتراپىدا ئايلىنىۋەرمەي قىشلاق ـ قېرىملاردا قالغان قانداشلىرىڭىز ئۈچۈن ئەڭ كۆيۈمچان بولۇڭ. پات ـ پات بېرىپ دىدارلىشىپ تۇرۇڭ ۋە بۇ ئىشلىرىڭىزنى باللىرىڭىز كۆرۈپ تۇرسۇن. ئاتا ـ بوۋىڭىز ئۆتكەن جايلارنى ئۇلارغا زىيارەتگاھ دەپ ئۇقتۇرۇڭ. گۆدەكلىكىدىن باشلاپ يېتەكلەپ ئېلىپ بېرىڭ، مېهرىنى باغلاڭ. باللىرىڭىزنى يېنىڭىزغا ئېلىپ، كىندىك قېنىڭىز تۆكۈلگەن مەھەللىلەر، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ياشلىقى ئۆتكەن كوچىلارغا هېچبولمىسا تۆت تۇپ كۆچەت تىكىپ كېلىڭ! بۇنى روهلارنى شاد ئېتىش دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ قەلبىدە ۋىجدان ئويغىنىدۇ، ئۆزىڭىز ئىككى دۇنيا سائادەتكە ئىگە بولىسىز.

سىز گەپلىرىمنى مالال ئالماڭ، جەھلىڭىز قاتمىسۇن، مىڭ باهانە ئېيتىپ ئۆزىڭىزنى ئاپئاق كۆرسەتمەڭ. هەممە ئۆزى ئۈچۈن

ياشايدۇ، مەن دۇنياغا بىر مەرتە كېلىمەن، دەيدىغان بولسىڭىز، ئەتە ئۆتۈپ، ئىندىنىغا ئۈچ تىزىڭىزغا بىرىنى، سول تىزىڭىزغا بىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ چوڭ قىلغان، جانىڭىزنىڭ ئىككى پەللىسى- ئوغۇل-قىزىڭىز سىز تىرىك تۇرۇپ بىر-بىرىدىن تېنىپ كېتىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆلمىدىمۇ تەتۈر قارىشىپ، ماي تارتىشىپ، بىر-بىرىنى ئۆچمەنلىك بىلەن كۆزىتىدىغانلارنى يوق دەمسىز!

جان ئۆزىڭىزنىڭكى، جاھاندىن ئاشۇنداق ئازابلار بىلەن كەتمەي دېسىڭىز، قول-ئىلكىڭىزدە بار چاغلاردا ئاغا-ئىنىلىرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ۋە رازىلىقىنى ئېلىپ تۇرۇڭ!

خەلقىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئامراقلىقىدىن «سىز»لەپ گەپ قىلىدۇ، ئېنىقراقى ئوغۇللىرىنى! بۇنى بۈگۈنكى ئادەملەر ئويلاپ تاپقان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزىدە بىر ھېكمەت باركى، مەزكۇر ئۇدۇم ئاللىقاچانلاردىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ«سىز ئوغۇلسىز بالام، ئائىلىنى تىكلەپ تۇرغۇچىسىز. سىز بارسىز، دېمەك بىز خاتىرجەممىز، سىزنى ھۆرمەت قىلماي، كىمنى ھۆرمەت قىلايلى»دېگەن ئىشارە ئەمەسمۇ؟ غۇرۇر، ئار تەربىيىسى شۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ئېتىبار بالىدا «سىز» لىنىشكە لايىق بولۇشقا ھەرىكەت ئويغاتمامدۇ؟

بالا بىراۋنى ئاياشنى ھەم مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىشنى، ئەرلىك، ئاياللىق ئىلمىنى ئاساسەن ئۆيىدىن ئالىدۇ. سىز-نوتا، بالىڭىز غۇنچىڭىزدۇر، بۇرادەر!

بىر يىغىندىن چىقىپ كېلىۋاتسام، قېرىق بىلەن ئەللىك ئوتتۇرىسىدىكى دىۋە قامەت بىر ئەركەك ناھايىتى مەيۈس ھالدا مەسلىھەتلىك ئىشى بارلىقىنى ئېيتتى. چەتىرەككە چىقىپ ئاڭلاپ

كۆردۈم. ئۇنىڭ پۇلدار ئۆتكىنى، دۇنيادا ئەڭ سۆيگەن مەشغۇلاتى پۇل تېپىش بولغىنى، ئالدىرىسا ھەم پۇل ئالدۇراتتۇن دەيدىغانلاردىن ئىكەنلىكى ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيىدىن نېمە ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلىدى. ئۇ سانى يوق پۇللار تاپقىنى، ئايالىغا ئالتۇن ئىدىشلاردا تاماق يېدۈرۈپ، زەرلەرگە ئوراپ، يەر شارىدا ئۇنى ئېلىپ بارمىغان بىرمۇ كاتتا يەر قالمىغىنى... ۋەھاكازالارنى يىپقا تىزغاندەك سانايتتى (مېنىڭ كۆڭلۈم غەش بولدى، بالا-چاقىسىغا كەتكەن سەرپىنى مىننەت قىلغان ئەركەكتەك خۇنۇك مەخلۇقات يوق دۇنيادا!).كېيىن ئايالىنىڭ ئۇنى قامىتىشقىچە بارغىنىنى ئېيتىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— پالاكىتىڭىز ئۇرۇپتۇ، پۇلغا سېغىنىپ دۇم چۈشكىنىڭىز ئۈچۈن تەڭرى سىزگە شۇنداق قىسمەت بېرىپتۇ. ئەمدى تەڭرىدىن بايلىق ئەمەس، ئەۋۋەل خاتىرجەملىك سوراڭ ۋە ھاياتىڭىزنى قايتىدىن قۇرۇڭ،- دېدىم.

— ياق، ياق،- دېدى ئۇ تىپىرلاپ،- مەن ئائىلەمگە قايتىشىم كېرەك، قانداق قىلسام خوتۇنۇم مەن بىلەن يارىشاركىن؟

گەپىنىڭ ئورامىدىن ئاڭلاپ قالدىمكى، ئۇ بالا-چاقىسى ياكى ئايالى بىلەن بىرگە بولماقچى ئەمەس، خوتۇنىنىڭ قولىدا قېپقالغان مال-دۇنياغا شېرىكلىكىنى تىكلەش ئۈچۈن ياراشماقچىغا ئوخشايدۇ. سۆھبەت داۋامىدا جايىنى تېپىپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتىش، يۈرىكىگە يول تېپىش، گۇناھ ۋە ساۋابقا مىساللار كەلتۈرۈپ قەلبىنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا كۆچەپ ھەرىكەت قىلدىم. ئەمما ئۇنىڭ دىلى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. بۇ جاھىلغا تەڭرىنىڭ ئۆزى ياردەم قىلسۇن! ئۇ تىنىماي «ئوغلۇم بىلەن قىزىم كاتتا بولۇپ قېلىشتى،

مەن ئۇلارنىڭ يېنىدا بولۇشۇم كېرەك» دېگەن گەپنى پەش كەلتۈرەتتى. ئەسلى مەقسەت ھېلىقىدەك! بۇ ئەركەك شۇۋقەدەر سەۋرسىز ئىدىكى، مالۇدۆلەتتىن ئايرىلىپ چۈشكەندىن كۆرە، ئايالنى بېشىغا مىندۈرۈپ يۈرسە مەيلى، قۇرۇق قالمىسا بولدى! ئۇنىڭ ئۈچۈن ئار-نومۇس، جەمئىيەت، ئەلنىڭ نەزىرى بىر تىيىن! يىگىتچىلىك يوقالسا ھەم مەيلى!

بۇرادەر ئېيتىڭچۇ، بۇ ئاتىنىڭ، بۇ ئەر-خوتۇننىڭ ئوغلى-قىزى قانداق ئائىلە تۇتىدۇ ۋە جەمئىيەتكە قانداق بالا بېرىدۇ؟

يەنە ئاشۇ ئەركەكنىڭ سۆھبىتىگە ئېتىبارىڭىزنى تارتىمەن.

— قىزىم پۇل سوراپ كېلىدۇ، ئېشىنغىنىمنى بېرىمەن، ھېچ قانمايدۇ. بىر كۈنى ماشىنىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭ، بىر-ئىككى كۈن ئىشلىتىمەن، دېدى، بەردىم.لېكىن ۋاقتىدا قايتۇرمىدى. ئاخىرى ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ماشىنىنى ئەكەل دېسەم، «كىراكەشلىك قىلىۋاتىمەن، سىزنىڭ بەرگىنىڭىز نېمىگە يېتىدۇ، ئاخىر پۇل تېپىشىم كېرەككۇ، ئەگەر ماشىنىنى قايتۇرۇپ ئالسىڭىز، ئۆزۈمنى سودىغا سالىمەن» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىندىمەي كېلىۋەردىم،-دېدى كۆزىنى ياشلاپ.

بوغۇلۇپ قالدىم. قىز بىلەن ئاتا ئوتتۇرىسىدىكى مۇزاكىرىنى قاراڭ! شاھانە ئۆيلەردە ياشاپ تۇرۇپ، ئانىسى تىرىك تۇرۇپ، بويىغا يەتكەن قىزنىڭ كىراكەشلىك قىلىشى سىزگە قانداق ئاڭلاندى؟ بۇ ھال ئاتىنى ئويغا سالماپتۇ، قىزنىڭ كېيىنكى شەرتىدىن سەل غەشلىنىپ تۇرۇپتۇ، خالاس.ئۇ قىز بىر تۇپ رەيھانىدەك پاك بولسىمۇ ،ئەمما كۈندۈز ۋە كەچتە نەچچە ياخشى، نەچچە يامان ئادەم ماشىنىغا چىقىپ ۋە چۈشۈپ يۈرسە! ياخشى-يامان نىگاھلار

ئۇنى كىرلەشتۈرمەي قالارمۇ؟

ھەر كىمنىڭ بالىسى بۇنداق قىلالمايدۇ، ئاتىسى شۇنداق ئەركەك بولغىنى ئۈچۈن قىزى شۇنىڭغا جۈرئەت قىلدى.

بۇ قىز ھازىر شەيتانى ئىشتىياققا تولۇپ تۇرۇپتۇ. ئاتىسىدىن بىر ئىشارە بولسا، بەس، يەنى «ماشىنىنى قايتۇر» بۇيرۇقى بولسا، تامام، «ئۆزىنى سودىغا سېلىش»نى باشلىۋېتىدۇ. چۈنكى ئىچىدىن، سۆۋەرەكتىن سۆۋەرەك تارقايدۇ.

كىمدىن كىم بىنا بولغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بۇرادەر! سەمىگىزگە سالايكى، ئەقىل كۆزىگىزنى ئېچىڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئانا — ئائىلە يۇلەنچۈكى

ئانا نوقۇل يىگىتلىكتىن ئائىلىلىك بولۇپ پەرزەنت دىدارى كۆرۈش بولماستىن، ئۇ يۈكسەك ئاڭ ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى ئىبارە. دەرۋەقە، پەرزەنتكە ئانا بولۇش قىيىن ئەمەس، ئەمما پەرزەنتكە ئاتىلىق قىلماق قىيىن.

ئانا، ئالدى بىلەن ئائىلە تەركىبىدىكى ئاساسلىق ئەزانىڭ بىرى بولغان «ئەر» دىن ئىبارەت. خوتۇنسىز ئائىلە ۋە ئەرسىز ئائىلە تولۇق بولمىغان ئائىلە. ئەمما، بۇ ئىككى جىنسنىڭ قايسىبىرى بولمىغان ئائىلىنىڭ يوقتىن پەيدا بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەر ـ ئايال بىر ئائىلە ئۈچۈن مەنپىي ـ مۇسبەت ئۇل، بوغ ۋە زىل ئىككى تار بولۇپ، ئۇنىڭسىز ناۋا ساداسى چىقمايدۇ.

ياخشى ئانا بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئەر بولۇش شەرت. ياخشى ئەر بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئەركەك، ياخشى ئىنسان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ھەممە ئەركەكلەر ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك ياخشى ئەر ۋە ياخشى ئانا بولۇشى ناتايىن.

ئېيتىش كېرەككى، ياخشى ئەر بولۇش، ئەر جىنسىنىڭ ياش، تەمبەل، كېلىشكەن بولۇشىنمۇ ياكى قەھرى ـ غەزەپلىك، ئىتتىك ۋە ھەرىكەتچان بولۇشىنمۇ ۋە ياكى قول ئىلكى ئۇزۇن، كەڭ ھەم قولى

ئوچۇق بولۇشنىمۇ، ياكى سۆزمەن، ئويۇنپەز، زېرىكتۈرمەس بولۇشنىمۇ ئاساسىي شەرت قىلمايدۇ. ياخشى ئەر بولۇش ئائىلىدە خوتۇنغا نىسبەتەن، ئائىلە ئىچى - سىرتىدىكى ئەرلىك زۆرۈرىيەتلىرىگە نىسبەتەن يۇقىرى ئاڭ، قىزغىنلىق، مەجبۇرىيەت ۋە ئۈنۈملۈك ئەر ئوبرازىغا مۇۋاپىق بولۇش دېمەكتۇر.

بىلىش كېرەككى، ئەر ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن، ئائىلىدە ئەرنىڭ ئايالغا نىسبەتەن مۇناسىۋىتى بىر ئەركەكنىڭ ئايالنى ھەممە جەھەتتە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى تىكلەش، قانائەتلەندۈرۈش مۇناسىۋىتىدۇر. ۋەھالەنكى، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە ئۇنىڭ باھا - قىممىتى، ئۆزىنى ئاجىزە، ئايال سانايدىغان ھەر قانداق ساغلام ئايال جىنسىنىڭ بىرىنچى دىققەت مەركىزىدىكى بىرىنچى ئۆزلۈك تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. ئەرلىك، دەل مۇشۇ تۇيغۇ تارازىسىدا ئۆلچىنىپ تۇرىدۇ. ئايالنىڭ بەخت ھېسسىياتى، ھەتتا ماددىي پاراۋانلىق شەرتلىرى تولىمۇ ناچار ھالەتتىمۇ، شۇ تۇيغۇ تارازىسىدا ھاسىل بولغان رازىمەنلىك ۋە قانائەتتىن كېلىدۇ. ئەرلىكنى كۆز - كۆز قىلىش، ئەرلىك ئۈستۈنلۈكى غۇرۇرى ئۈچۈن ئايال قەدىر - قىممىتىنى سۇندۇرۇش، كۈچ ۋە تىل ئارقىلىق، ئىقتىسادتا قامال ۋە بېقىندۇرۇش ئارقىلىق ئەرلىك ھاكىمۇتلەقلىقى، ئايالنىڭ قورقۇپ - تىترەپ تۇرۇشىنى خالاش، بۇ ماھىيەتتە ئەرلىك، ئەركەكلىك شان - شۆھرىتىنى ئۆز - ئۆزىدىن يەرگە ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەركەككە ئۇنى زوراۋان، گۇندىپاي، ۋەھشىي قىلىش ئۈچۈن كۈچ، بەست ۋە تىل ئاتا قىلىنغان ئەمەس.

دەرۋەقە، دۇنيادا كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ۋە خوتۇن ئاز ئۇچرايدۇ. ھەر كىمنىڭ ئۆز گۈلى ۋە تىكىنى، ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە نۇقسانلىرى بولىدۇ. ئائىلە رەندە: ئۇ ئىككى پارچە، بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ھەم كەلمەيدىغان ياغاچنى ياپسا قىلىپ، بىر - بىرىگە ھەم

قىلغاندەك، ئەر ـ ئايالنى تەدرىجىي ئاڭلىق ياكى سۈركىلىش ئارقىلىق ئادەتلىنىش شەكلىدە بىر ـ بىرىگە ياپسا قىلىدۇ. مۇھەببەت ئۇنى يەملەيدۇ. نىكاھتىن ئىلگىرى كۆيۈپ ـ پىشىپ كېتىشكەن، نىكاھتىن كېيىن «ياپسالاش» جەريانىدا پۇچۇلۇپ كەتكەن ئائىلىلەرمۇ، نىكاھتىن ئىلگىرى راسا ئىچ كۆيۈكى تارتىشمىغان، نىكاھتىن كېيىن ئىناق ئائىلە تۈزگەنلەرمۇ بولىدۇ. چۈنكى مەسىلە ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئەمەس، ئادىمىيلىك شەرتلىرىدە. ياشلىق ئۆزى گۈزەل بولىدۇ، ياش ۋە گۈزەل ئادەملەر نۇرغۇن. ئەمما ئادىمىي ئادەم بولماق نەچچە ئەۋلاد ئىشى. ئۇ ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە ئالغان تەربىيىسىگە، نىكاھتىن كېيىن ئۇچرىغان ئائىلە تەرەببىيسىگە، ئاتا بولغاندىن كېيىن ئائىلىدە ئۇچرىغان ئاتا بولۇش تەربىيىسىگە، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ تەربىيە قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق سۈپەتلىرىگە باغلىق.

ئائىلە ـــ ئەرنىڭ بەخت بېغى. ئەر مۇقەددەس قەلب ئۆيىدۇر. ئايال روھىيىتىنى ئەر قەلبىدە ئىپتىخار سىزىدۇ. ئايالنىڭ ھەر كۈنى قارايدىغىنى ئەينەكلا ئەمەس، بەلكى ئەرنىڭ قەلبىدىكى ئۆز شەكلى، ئوبرازى ۋە باھالىنىشى.

ئېيتىش كېرەككى، ئەر ئائىلىدە ھەقىقىي سىمۋول بولماستىن، پاسىق ئايالنىڭ ئويۇنچۇقى، ساختا نىقابى، ھاقارەتلەش ئوبيېكتى بولىدىغان ئەھۋال گەرچە كەمدىن ـ كەم بولسىمۇ، ئائىلە شەنىگە ئېغىر داغدۇر. بۇنداق ئائىلىدىكى خوتۇن پەرزەنتىنى، ئۆزىنى، ئېرىنى قېيىققا سېلىپ ھالاكەت گىردابىغا ھەيدىگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە پاجىئەلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان تۇرمۇشنىڭ ئىز بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىغا گۇمانلانماسلىق كېرەك.

ئەر ئاتا، بوۋا، مۇرۇۋۋەتلىك پېشقەدەم.

ئاتا بولۇش ـــ ئاتىسىدەك ئىناۋەتلىك ئۇنۋانغا ئىگە بولۇش ئەرنىڭ ئارزۇسى ۋە بەختى.

ئاتا ئائىلە، خوتۇن، پەرزەنتنىڭ غەمگۇزارى. ئۇنىڭ تومۇرىدا

قان، خىيال ـ زېھىندە پەرزەنت تەلپۈنىدۇ. ئاتىلىق مېھرى ئاتىغا خاس تەلەپ، پىكىر ـ تۇيغۇ، چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان شەپقەت ۋە مۇھەببەت بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئانىلىق مېھرىنىلا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. ئاتىلىق مېھرى سۆكۈتچان، جىم ـ بىزۇۋان، زېھىندار، شۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەتكى، ئۇ كۆز يېشى ئېقىپ يېنىپ تۇرىدىغان شامغا ئەمەس، بەلكى مەشئەلگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئاتا مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى. ئاتىلىق ۋە ۋىجدانلىق ئەركەك مىللەتكە، جەمئىيەتكە، تەرەققىياتقا كەيىنى قىلىۋالغان ئەر بولماستىن، ئۇ ئائىلە ھۆجەيرىسىدە جەمئىيەت بەختىنى، پەرزەنت گەۋدىسىدە مىللەت كېلەچىكىنى ئۆستۈرگۈچى باغۋەندۇر. ئۇ ئەمگىكى، ئىجادىيىتى، جەڭلەردىكى جاسارىتى، ئەقىل ـ ھېسسىياتى، تەدبىر ـ چارە ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىكىنى بىجا كەلتۈرىدۇ.

ئەر ئائىلىنى ئۆزىنىڭ يورۇق دۇنيادا جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغان بارگاھى، قورغىنى ۋە بازىسى دەپ بىلىشى، ئائىلە توغرىسىدىكى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىگە ئىگە قىلىشى لازىم. ئائىلە توغرىسىدىكى تەربىيە گەرچە تېگى ـ تەكتىدىن ھەربىر كىشىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ۋە پەزىلەت تەربىيىسىگە ئاساسلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس پائال مەزمۇنلىرى بولىدۇ. يېقى زامان ئۆزبېك ئالىمى، پروفېسسور ئابدۇللا ئەۋلانى «تەربىيە بىز ئۈچۈن ياكى ھايات، ياكى مامات، ياكى نىجات، ياكى ھالاكەت، ياكى سائادەت، ياكى پالاكەت مەسىلىسىدۇر» دەپ توغرا ئېيتقانىدى. ئائىلە تەربىيىسىگە ئېرىشەلمىگەن تەربىيە تولۇقسىز تەربىيىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئاتا بولۇش شەرتلىرى

«ئىمان ـ ئىنساپلىق بولسۇن، ئۆزىدىن كۆپەيسۇن!» بۇۋاق دۇنياغا كەلگەن چاغدىلا بېرىلىدىغان بىرىنچى دۇئا شۇ! ئۇ تۇغۇلغان زامانلا ئايىغىڭ زېمىنغا مەھكەم جايلاشقاندەك بولىدۇ. دەرۋەقە، كىشىنى بۇ دۇنياغا باغلاپ تۇرىدىغان جان رىشتىسىمۇ ئۇ! ئۇنىڭدا ئۆز ھىدىڭنى تۇيىسەن، نەق ئۆزۈڭنىڭ تەكرارىڭنى كۆرۈسەن. ئۇ سېنىڭ داۋامىڭ، ئىنسانىيەت زەنجىرى ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن جېنىڭدىن ياساپ، ئىسمىڭنى بېزىپ قوشۇۋاتقان ھالقاڭ! بالاڭغا كۆزۈڭ چۈشكەن زامانلا كۆڭلۈڭگە ئىشق چۈشىدۇ. ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن بالا جەمئىي بارلىقتىن ئارتۇقتۇر. دۇنيانىڭ ھەممە رېڭى، ھەممە تەمىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاشقا باشلايسەن. گوياكى بوغۇزىڭدىكى يېمەكنى بالىسىغا تۇتقان قۇش كەبى ئۆز نەپسىڭ، مەنپەئەتىڭ چەتكە سۈرىلىپ، شۇ بىر پارچە ئەت بىرىنچى ئورۇنغا چىقىدۇ ۋە بارى ـ يوقۇڭنى ئۇنىڭغا تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرىسەن!

بالىڭىز شاراپىتىنى كۆردۈڭمۇ، ئوغلانىم! ئاشۇ گۆدەك تۆپەيلىدىنلا سەن بىراۋ ئۈچۈن كۆيۈشنەك بۈيۈك پەزىلەتكە ئىگە بولماقتىسەن. سەندە پىدائىيلىق بىنا بولماقتا، بۇ يۈكسىلىشتۇر، بالام! سېنى ئۇلۇغلۇققا يوللىغان شۇ ئاتىلىقىڭ مۇبارەك بولسۇن!

پەرزەنت تۇپەيلى ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقان يېڭى سۇلالىگە سەردارلىقىڭ مۇبارەك بولسۇن! «ھەممە نەرسە نىيەتكە باغلىقتۇر» دېيىلىدۇ. ئاتا بولغان ۋاقتىتىن باشلاپ نىيەتنى پاكىز قىل! ئوغلانىم، ياخشى نىيەت قىلىشنى بىلىشمۇ ئادىمىيلىك! ياخشى تىلەك سەندىن تارىلىۋاتقان شاراپەتلىك نۇر! ئۆزۈڭنىمۇ، بالاڭنىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ، ھۇجەيرىلىرىدە قۇتلۇق ئەمەللەر ئۇنۇشكە باشلايدۇ. «نىيەت كەتكەندە» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانسەن. ئاتا-ئانا تىلىكى، دۇئاسى بالىنىڭ قىسمەت-يوللىرىنى بەلگىلىشى مۇمكىن.

تاغلارغا قاراپ، بالاڭغا تاغلاردەك ئار-نومۇس تىلە! باغلارغا قاراپ، پېئىللىرىغا ساخاۋەت تىلە! ھاياتنىڭ ئەڭ چىرايلىق تەرەپلىرىنى تاپ ۋە بالاڭنىڭ قىسمىتىگە ئاشۇلارنى بەخش ئەت! ياخشىلارنى زىيارەت قىل، ئىسىملارنى كۆچۈرۈپ بالاڭغا قوي. تۇلپارلارغا قاراپ، ئوغلۇم چەۋانداز بولىدۇ، دېگىن! ئاسمانلارغا بېقىپ، قىزىم ئايدەك تولىدۇ، دېگىن! ئەتراپىڭنى تۈزەشكە چۈش، كۆزلىرىنى قۇۋاندۇرغىن. تېرەكلەر تىككىن، ئىمارەتلەر سالغىن! ئوغلانىم، بالاڭ — سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن تۇغۇلغان بىر يېڭى مەملىكەت. سازلان، ياخشىلان، كۈچلەن، دۇنيا بولۇپ ئۇنى كۈتۈۋال!

پەرزەنت كۆرگەن زامانلا ئىخلاس بىلەن سورىغىن، سېنى ئاتىلىققا مۇناسىپ ئەتسۇن! ئاتا بولماق ئۈچۈن ساڭا مەنىۋى ھوقۇق بەرسۇن! بالاڭمۇ سېنىڭ مىسالىڭدا ھەقىقىي ئاتىنى تاپسۇن! تۇغۇلغان ھەر بىر گۆدەك بۇ قەدىمىي دۇنيانىڭ يېڭى بىر بۆلىكى، سەن بولساڭ ئۇنىڭ سۈپىتىگە جاۋاب بېرىدىغان ئىگىسەن. ئەگەر ئىگىلىكنى ئورنىغا قويالىساڭ، دۇنيانىڭ شۇ بۆلىكى ياشناپ-پارقىرايدۇ، ئادەملەرنىڭ رازىلىقىنى ئالىسەن. ئەمما، ئاتىلىقنى

ئۇرۇندىيالمىساق، بالاڭ جەمئىيەتكە كېسەللىك بولۇپ كىرىدۇ. بىر تەربىيىسىز ئادەم تۆپەيلى دۇنيانىڭ بىر پارچىسى زىيان كۆرىدۇ. ئۇ چاغدا سەن زەرەركەش نەسىل بەرگەن شۇم قەدەم سۈپىتىدە نەزەردىن قالىسەن. شۇ كۈندىن پاناھ تىلىگىن!

ئوغلانىم، قولۇڭدىكى گۆدەكنى ساڭا ئىشىنىپ تاپشۇرۇلغان جەمئىيەت دەپ بىلگىن، دۇنيا دەپ ئېھتىياتىنى قىل!

ئوغلانىم، ئاتا بولدۇڭمۇ ھوشيار بول! ئۇدۇلۇڭدىكى بالا ئەمەس، يېقىملىق دۈشمەن — ھەممە ياخشى - يامىنىڭنى خاتىرىسىگە خاتاسىز يېزىپ بارىدۇ!

توڭلۇق، ۋارقىراپ - جارقىراپ گەپ قىلىش كۆپ رەك ئەركەكلەرگە خاستۇر. بىلىپ قويىكى، بالىنى «بۇ تېخى بالا، نېمىنى بىلەتتى؟» دەپ ئويلىما. ئاشۇ مۇشتتەك بالىدىمۇ تەھلىل، تەپەككۇر ۋە كەيپىيات بار. ئېتىبار بەرسەڭ، قول سوزۇلغىنى بىلەن بالا ھەممىگە بېرىۋەرمەيدۇ، خۇش كۆرسىلا كۆلۈپ قارايدۇ. ئۇنىڭ يىغىسى، دومسىيىشلىرى — ھەممىسى ساڭا، ئەتراپىڭغا بولغان ئېتىرازلىرىدۇر. كەيپىياتىڭ قانداق تۇرسا، بالىغا شۇنداق يۇزلىنىشكە ئەسلا ھەققىڭ يوق. ئالدىن ئۆزۈڭنى مەجبۇرلاپ بولسىمۇ قائىدىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا قوپال تەگمەيدىغان تەرزدە مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر.

ئوغلانىم، ئۆزۈڭ خالىس ئېيت، سەندە قاچان سىغىلىدىغان، ئۆيگە كىرگۈڭ كەلمەيدىغان، ئاتا - ئاناڭنى پات - پات يامان كۆرىدىغان ھالەتلىرىڭ بولغان؟ قاچانكى ئاتا - ئاناڭ ئورۇنسىز ھالدا ساڭا كەلسە - كەلمەس ۋارقىرىغانلىرىدا، ئەر - خوتۇن ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ، سېنىمۇ دۈشكەلەپ كەتكەنلىرىدە، ئورۇنسىز تەنبىھ بەرگەنلىرىدە... ئاشۇلارنى ئەسلە ۋە بالاڭغا بىلىپ مۇئامىلە قىل.

قۇلىقىدا قالسۇن، ئاتا ـ ئانىسىدىن چىرايلىق مۇئامىلە كۆرمەي ئۆسكەن بالا چوڭ بولسا جاھىل، بىمېھىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ، بۇنداقلاردىن پەقەت بەختسىزلىك تارقايدۇ، ئوغلانىم!

ئۆزىنى تۇتالماي ئايالىغا قول كۆتۈرگەن ياكى ئاغزىدىن كىرگەن ـ چىققىنىنى تۇيماي ۋارقىراۋاتقان ئەركەكنى ياخشىراق كۆزەت. ئۇنىڭدىن ئازار يەۋاتقاننىڭ ئەھۋالىنى كۆر. ئەتراپىتىن ئېلىۋاتقان قارغىشلىرىغا گۇۋاھ بول ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا بىر دەقىقە ئۆزۈڭنى قوي، تەسەۋۋۇر قىلغىن، شۇ سەن! سېنىڭ بۇ ھالىتىڭنى بالاڭ كۆرۈپ تۇردى دەيلى، ئوغلانىم، ئەگەر بالاڭنىڭ ئۇدۇلىدا شۇ كويغا بىر قېتىم چۈشكەن بولساڭمۇ، كېيىن كېلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى ياكى بىرەر ئەيىبىنى ئېيتماقچى بولساڭ، ئۇ ئىچىدە ئۈستۈڭدىن كۈلۈۋېرىدۇ. كۆزلىرى «ئۆزۈڭچۇ؟» دەپ تۇرۇۋېرىدۇ. سېنى ھۆرمەت قىلماي قويىدىمۇ، ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھىتىڭ تاشقا سۇ سەپكەندەك گەپ! قېنى ئېيتچۇ، ئۆز بالاڭنى ئۆزۈڭ يېتەكلىيەلمىسەڭ، كىم بولدۇڭ ئەمدى؟

بىزدە كۆپىنچە ھاللاردا ئاتىلىرىنىڭ ئىشىنى كۆرسىتىپ باللىرىنى تەربىيىلەش ئادەتكە ئايلانغان ۋە بۇ ئانا ئۈچۈن ئەڭ پەخىرلىك ئىشلارنىڭ بىرى بولغان. بالا ھەققىدە ھەۋەس بىلەن «ئاتا ئوغلى» دېيىشسە، ئاتا ئۈچۈنمۇ ھەرقانداق مۇكاپاتتىن يۇقىرىدۇر! «ئاتالار ئورنىنى تايلار باسسۇن» دەيدۇ خەلق. ئىلاھىم، ھەمىشە شۇنداق بولسۇن! ئەتراپىتىكى ھەممە ياخشى ئادەملەر ياخشى ئىنسانلارنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. ئەمما، گاھىدا تۈزۈك ئائىلە ۋە دۇرۇس ھېسابلانغان كىشىلەرنىڭ باللىرىنى تۇيۇق يوللاردا كۆرۈپ قالىمىز. نېمىشقا شۇنداق؟

مەسىلەن: ئۆزلىرى تازا ياخشى ئىنسانۇ، ئەمما ئىچكۈلۈككە

مېهىر قويغانلار خۇسۇسىدا: مەست ھالەتتە، ھەتتا ياشانغان ئانىسىغا ۋە بالىسىغا بىئەدەپ ۋارقىراۋاتقان، ئىدىش ـ تۇۋاق سۇندۇرۇۋاتقان ئەركەكنى، ئۆزىنى يوقىتىپ، جورىلىرى ئۆلۈكتەك كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان ياكى ئۆيدىمۇ، مېهماندارچىلىقتىمۇ بىئۆلچەم ئىچكىنىدىن ھەر دائىم بىئارام بولۇپ، بېشىنى پەگادىن كۆتۈرەلمەي قالىدىغان ئەركەكنى بىر قېتىم ئۆزۈڭ دەپ بىل ۋە بالىلىرىم كۆرۈپ تۇرۇپتۇ دەپ پەرەز قىل! ئوغلانىم، قېنى ئېيتچۇ، ئەتە ـ ئىندىن ياخشى كۆرگەن ئوغلۇڭ ئۇدۇلۇڭدا، ئەلنىڭ ئالدىدا شۇ ھالەتتە تۇرسا، ئىزتىراپ چەكمەسسەنمۇ؟ ياكى شۇ تۇرۇشۇڭدا كىرپىكلىرىڭگە قويۇپ ئۆستۈرگەن قىزىڭنىڭ يولۇقۇشىنى ئىستەرمىدىڭ؟

پەرزەنتلىك بولۇش ئەرزىيەتلىك بولۇش دېمەكتۇر. يەنى، ملىڭ پېئىلىڭ ياخشى بولۇپ، بىرى چاتاق بولسىمۇ كۆڭلۈڭ قالتىس! قالتىسلىقى شۇكى، سېنى كۆزىتىپ، ئىزمۇئىز ئۆسۈپ كېلىۋاتقان بالاڭ تالاي پەزلىڭ بىر چەتتە قېلىپ، ئاشۇ بىرلا خاتايىڭنى ئۆلگۈ قىلىشى مۇمكىن. سېنىڭ مىڭلاپ ياخشى تەربىيەڭ ئۇنتۇلۇپ، بىرلا خاتايىڭ بالاڭغا كۆچۈپ تۇرسا، بىرلا ئىچىپ قويۇشۇڭ بىر ئۆمۈر يىغقان ئىلىم، تەجرىبەڭ ۋە ھۆسنى كامالىڭنى بىر تىيىن قىلسا، ئەھلى ئائىلەڭگە يېدۈرۈۋاتقان بىسيار رىزىق، كىيدۈرۈۋاتقان كىمخاب ـ ئەتلەسىڭنى تېتىتمىسا ئەلەم قىلمايتتىمۇ؟

ئاتا بولغان ئوغلان، قورق، بىرلا خاتا ئىش قىلىشتىنمۇ قورق، بالاڭ كۆرۈپ تۇرۇپتۇ!

بالىلىرىڭغا پەقەت ھالال تائام يېدۈر! مېهنىتىڭگە رازىلىق بىلەن بېرىلگەن ھەققىڭنىلا ئال. بىلگىن، بىراۋنىڭ ھەققى، نارازى قىلىپ ئالغان مال ئۆزۈڭگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ، ئەمما بالاڭنىڭ بىرىنى ئوغرى قىلىدۇ، كاززاپ قىلىدۇ ياكى ياخشى بىر بالاڭنى

پاجىئەگە يولۇقتۇردۇ! پەرزەنتلىرىڭگە رەھىم قىل، ئوغلانىم! ئوغۇل بالىنىڭ جاۋابكارلىقى ئاتىنىڭ بويىندا! ياشلىقتا قىلغان خاتالىرىڭنىڭ بالاڭدا تەكرارلىنىشىغا ئەسلا يول قويما، ئاتاڭ ساڭا ئۆگەتمىگەننى سەن بالاڭغا ئۆگەت. بۇ بىر تەرەپتىن ئاتاڭ ۋە ئۆزۈڭدىكى گۇناھلارنى يۇيىدۇ. بالاڭدىن باشلاپ سۇلالەڭ ياخشىلىنىدۇ.

ئوغلۇڭ بىرىنچى سىنىپقا بارغان زامانلا مەكتەپتىن تاشقىرى ۋاقىتلىرىنى بوش ئۆتكۈزمە. نامىڭ مىليونېر بولسىمۇ بالاڭغا ھۈنەر ئۆگەت. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە مەھەللەڭدىكى ھۈنەرۋەنلەرگە شاگىرت بەر. ناۋايلىق، ساتىراشلىق، قاسساپلىق، كاسىپلىق، دورىگەرلىك، ئاشپەزلىك ئىلىملىرىنى بىر يىل-ئىككى يىلدىن كۆزەتسىمۇ بالا پىشىدۇ. ئاۋۋال ئادەملەر بىلەن بولغان مۇئامىلىنى ئۆگىنىدۇ. مېھنەت-ئەرزىيەت ئىكەنلىكىنى، پۇلنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ. ئەركەكنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر چۈشمەيدۇ، دەيسەن؟ ھۈنەرگە قولى كېلىپ قالسا، تەقدىر-پالاخمان تېشى ئۇنى قەيەرگە ئاتسا ئاچ قالمايدۇ، ئەھلى ئايالىنىمۇ خارلىققا قويمايدۇ. ۋاقتى كېلىپ ئۆي تۇتۇپ، ئىشىك ئاچقاندا بولقا-كەكە تۇتۇشنى، يىڭنە، قايچا تۇتۇشنى بىلىپ قالسىمۇ ھۈنەر! مۇھىمى، ئائىلىنىڭ ھەممە ئىشىغا يارايدىغان ئەپلىك ئەركەك بولىدۇ!

ئوغلانىم، نىيەت قىلىپ قوي، ھەميانىڭ بەرىكەتلىك بولسۇن ۋە بالاڭ باغچىدىن چىقماستا، قۇدرىتىڭ يەتسە ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ مەخسۇس تەربىيىچى-ئوقۇتقۇچىلار ياللىغىن. سەن بۈيۈك شەرقنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىڭ، دۇنيانى تەۋرىتىپ تۇرغان ئىلىملەر ئاساسەن شەرقتىن تارالغىنى يادىڭدا تۇرسۇن! شۇنىڭغا ئىشەنكى، سېنىڭ بالاڭ ھۈجەيرىلىرىدىمۇ بۇ ئۇلۇغ زېمىن خاسىيەتلىرى تولۇپ ياتىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ، بەندىلەرنىڭ ئالدىدىكى بۇرچى شۇ

ئىستىپداتلارنى ئويغاتماق، تىكلىمەكتۇر. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىنچىكىلىك بىلەن ياخشى مۇئەللىملەرنى شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ ئىزدەپ، باللىرىنى مۇشۇنداق چىغىدىلا ئۇلارنىڭ ئىشىكىگە سالغاندۇر. ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋەتلىرى بىزدە مۇقەددەس سانالغان. ئۇستازلارنىڭ ئوبرازى شاگىرتلاردىكى ھاسىلىگە قاراپ بەلگىلەنگەن. شۇ سەۋەب، مۇئەللىملەر پىدائىيلىق بىلەن تەھسىل بەرگەندۇر. شەرق شۇ تەرزدە روناق تاپقان. خەلق شۇ سەۋەب ئۇستاز دېگەن زاتنى بېشىغا قويغان ۋە دائىم «ئۇستاز ئاتاڭدىن ئۇلۇغ» دېگەن گەپنى پەرزەنتلىرىگە ئۇقتۇرۇپ كەلگەن.

نەزەر سالدىڭمۇ ئوغلانىم، ئاتىلىقنىڭ مەسئۇلىيىتى بالىسىغا نامى جاراڭلىغان دىپلوم ئېلىپ بېرىش ئەمەس، ئۇنى ھەقىقىي ئىلىملىك، ھۈنەرلىك قىلىپ تەربىيىلەشتۇر.

شەرقنىڭ ھەتتا قىزلىرىمۇ ئات مىنگەن، كامان ئېتىشنى، سۇ ئۈزۈش، دەرەخمۇ دەرەخ يۈرۈشنىڭ ئۇستازى بولغان. چاۋگەن ئاساسەن قىزلار ئويۇنى بولغان. ئوغلانىم، ئوغلۇڭ بىلەن باباراۋەر قىزىڭنىمۇ جىسمانەن پىشۇرۇش پەيىدا بول. ئەتىكى ئەۋلادنىڭ سۈپىتى بۈگۈنكى قىزىڭنىڭ ئەھۋالىغا باغلىق. ئۆزىنىڭ ھىمايىسىگە يارايدىغان ئادەم بالىچاقىغا كەلگەن خەتەرنى دەپئى قىلالايدۇ. ئۆز ئائىلىسىنى ئاسرىيالىسىلا ۋەتەن ھىمايىسىگە يارايدۇ. باللىرىڭنى ناھايىتى ياشلىقىدىن باشلاپ تەنتەربىيە تۈرلىرىگە قاتناشتۇر. ئائىلەڭدىمۇ بىر قاتار تەنتەربىيە سايمانلىرى ۋە شۇغۇللىنىش ئىمكانلىرى بولسۇن. ئەنە شۇ ئىشلار ئاتىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئوغلانىم، ئوغلۇڭنى مەكتەپكە كىرگەن چىغىدىلا ھەر بازارغا بازاردا يېنىڭدا بىللە ئېلىپ يۈر. نەرسە تالاش، سودىلىشىش ئىلمىنى، بازار مۇئامىلىسىنى ئۆگەنسۇن. قىشنىڭ غېمىنى يازدا يېيىش يولىرىنى

چۈشەندۈرۈپ بار، تۇرمۇشقا كېرەكلىك سەۋزە ـ پىياز، ئوتۇن ـ گۆرۈچلەرنى ساقلاش سىرلىرىنى ياشلىقىدىن باشلاپ ئۆگىتۇر.

ھەر باھار، ھەر كۈزدە كۆچەت بازارلىرىنى ئايلاندۇر. باغۋەنلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدۇر. باغ ئىشىغا ئىشقى چۈشسۇن. ئوغلان بالام، يۈرىكىڭگە تۇگۇپ قوي، يىگىتنىڭ سەردارى باغ بەرپا قىلىدۇ ۋە ئىمارەت سالىدۇ! كۆچەت تىككەنلىرىڭنى، ھويلاڭنىڭ ھېلى ئۇ يەرلىرىنى تەكشىلەپ، ھېلى بۇ يەرلىرىنى ئاقارتىپ، بوياپ يۈرۈشلىرىڭنى بالاڭ كۆرۈپ تۇرسۇن. شۇندىلا سەن ياشىغان جايلار سەندىن كېيىن ۋەيران بولۇپ كەتمەيدۇ!

ئاغا ـ ئىنىلار بىر ـ بىرىنى قاچان سۆيمەي قالدى، ھەتتا بىر ـ بىرىگە دۈشمەنگە ئايلاندى؟! قاچانكى، ئارىغا ئايالالار چۈشكۈچە ۋە يەنە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا ناتوغرا مۇناسىۋەتلىرىدىن كېيىن! بەندىسىنى گۆردىمۇ تىنچ قويمايدىغان نەرسە ئۆزىدىن تارقىغان ئۆزئارا نائىتتىپاقلىقتۇر!

ئوغلانىم، ئاتا ـ ئانىلىق زەرگەرلىكتىنمۇ نازۇك ئىش. ھېچقاچان ئۈكىسىنىڭ ئالدىدا ئاكىسىنى سۆكمە. سۆكۈش، ئاگلاش ئۈياتلىق ئىش. شۇ ھالەتكە گۇۋاھ بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئۈكىسىنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ. «ئۈكاڭ يا ئاكاڭ سەندىن مىڭ مەرتەم ياخشى، ئىشنى پالانچىلاردىن ئۆگەن» دېگەندەك تەنبىھلەرنى ئەسلا ئېيتما! بالىدا ئاشۇ قېرىنداشلارغا نىسبەتەن غەيرىيلىك پەيدا بولۇپ قالىدۇ! ھېچقاچان پەرزەنتلىرىڭنىڭ بىرىنى بىرىدىن ئارتۇق كۆرمە ۋە ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ ماختاۋەرمە. باشقىلاردا ئۆكۈنۈش پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۆكۈنۈش مەلۇم دەرىجىدە روھىي سۇنۇشتۇر. بۇمۇ بالىلار ئارىسىدا ئۆزئارا نىزا تۇغدۇرىدۇ.

مۇقەددەس كىتابلاردا: «باللىرىڭىزغا خورما سۇۋغا قىلسىڭىزمۇ تەڭ تەقسىملەڭ. ئەگەر بىراۋغا ئازراق ئارتۇق بەرگەن بولسىڭىز، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىڭ ۋە يەنە تەڭ بۆلۈپ تەقسىملەڭ» دېيىلگەن. پەرزەنتلەر ئۆزىدىن ئۆزى ياخشى-يامان بولۇپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ پېئىللىرى ئاتا-ئانىلار قىلغان سەۋەن-گۇناھلار ياكى ئۇلار بىرىۋاتقان تەربىيىنىڭ توغرىلىقى-ناتوغرىلىقى نەتىجىسىدۇر.

باللارنىڭ بىرىنى بىرىگە يامانلاتمايلى، بىرىگە قانداق تەنبىھ بەرگىنىمىزنى ئىككىنچىسى ئاڭلىمىسۇن. ئۇلاردىكى كەمچىلىكلەر بىزنىڭ كاساپىتىمىز تۈپەيلى پەيدا بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئەيىبلەرنى ئۆيۈلۈپ يۈرۈپ، ئىچىمىزدە ئۆزىرىلەر سوراپ يۈرۈپ، ئاغرىقسىز بىتەرەپ قىلىشنىڭ پېيىدا بولايلى. ئوغلانىم، پەرزەنتلىرىڭ ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈنمۇ (ئەسلىدىكى بۇرچۇڭ) ئاغا-ئىنىلىرىڭگە كۆيۈملۈك بول. ئۇلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتقىنىڭنى، قايسى تەرزدە ھال سوراشلىرىڭنى باللىرىڭ كۆرۈپ تۇرسۇن. ئېنىقى، ئاچا-سىڭىللىرىغا ئاتىلىق قىلىش ئەركەك قېرىنداشنىڭ بويىنىدا ئىكەنلىكىنى ئوغۇللىرىڭغا ئۇقتۇرۇپ بار.

باللىرىڭ بىر-بىرىگە سوۋغا-سالام ئالسا، ئۆزئارا مېھرىبانلىق كۆرسەتسە، رىغبەت بەر. ئائىلىۋى خۇشاللىق دەپ باھالىغىن. كۈچلۈكىنى زەئىپرەككە پاسىبان سايىلا. ئىشىڭ پەرزەنتلىرىڭنى بىر-بىرىگە ئىللىق كۆرستىش بولسۇن!

ھېچقاچان ئىش-خىزمەت تەشۋىشلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويما. ئاۋۋال ئائىلە! ئىشلەشتىن مەقسەتمۇ ئائىلە تەۋرىتىش. جەمئىيەتنى تەشكىل ئېتىدىغان ئىنسانىيەت ئائىلىدە شەكىللىنىدۇ. ئۆيىدىن باغرى، كەيپىياتى پۈتۈن چىققان ئادەم كوچا ئىشىنىمۇ

پۈتۈن قىلىدۇ. ئەكسى بولسا، زىيىنى يەنە ئادەملەرگە! بالىلىرىغا شاھانە كىيىش، شاھانە يېيىشلەرنى مول قىلىپ، كۆپ پۇل تۇتقۇزۇپ، ئەمما ئۆزى ئىشقا شۇڭغۇپ كېتىپ، ئۇلار بىلەن ھەپتىلەپ يۈز كۆرۈشمەيدىغان ئاتىنىڭ بالىلىرى تىرىك يېتىملاردۇر.

ئوغلانىم، ئەمەلىڭدىن، ئىشىڭنىڭ ئاز-كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر، بالاڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە، ئۇنىڭغا ئاتىلىق مېھرىنى بېرىشكە كۈندە ھېچبولمىسا بەش-ئون مىنۇت ۋاقىت تاپ! ئاخىر، سەن تىرىكسەنغۇ، ئۇلارنىڭ نىگاھلىرىنى تولدۇرۇپ تۇر، ئۇلار ئاتىسى باردەك ياشىسۇن! مېھر-مۇھەببەت ئاتىلىق بۇ مۆجىزىنى بالا دەسلەپ ئاتا-ئانىدىن كۆرىدۇ، ئاشۇلاردا تونۇيدۇ. مېھر مىسالى قۇياش، ئۆسۈش ئۈچۈن، چوڭ بولۇش ئۈچۈن ئۇ كۈندە كېرەك. مەن بالىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، كۆڭۈل ئۆسۈشىنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن. بالا بىلەن گەپلىشىپ يۈرۈپ، مۇلاقەتكە كىرىشىپ يۈرۈپلا ئومۇمىي تىل تېپىش مۇمكىن. ئەكسىچە بولسا، ئاتا-بالا ئۆمۈر بويى بىر-بىرىنى كۆرسە گېپى تۈگەپ، سۆھبىتى قاملاشماي، ياتلاردەك ياشاپ ئۆتۈۋېرىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن بىرىنچى خەتەر شۇكى، دۇنيانى ئەمدى تونۇۋاتقان، يۈرىكىگە مىڭ بىر سوئال، كۆزىگە مىڭ ھەيرەت تولۇپ تۇرغان بالا ئۇنى ئېتىبار بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن گەپ قىلىدىغان سۆھبەتداشنى ئۆيىدىن تاپمىغاچ، كوچىدىن قىدىرىشقا باشلايدۇ. ھەتتا ئاتا مېھرىنى كەم كۆرگەن بالا چوڭ بولۇپ ئۆزى ئاتا بولغاندا بالىسىغا تاشنەك قېتىپ تۇرۇۋېرىدۇ، شۇ تەرزدە مېھرگە زار بولغان بالىلار كۆپىيىۋېرىدۇ...

ھەزرىتى نەۋائىينىڭ شۇنداق گېپى بار: «بىراۋلارنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقىنى، ئۆزۈڭنىڭ بىراۋغا قىلغان يامانلىقىڭنى ئۇنتۇما.

ئۆزۈڭنىڭ بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقىڭنى، ئۆزگىلەرنىڭ ساڭا قىلغان يامانلىقنى ئۇنتۇغىن». ئوغلانىم بالام، ئاتىلىقنىڭ ھەممە ساۋابىنى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان مۇھەببىتىنى يوق قىلىدىغان نەرسە مىننەتتۇر! ھەتتا پەقەت يېگىتنىڭلا ئەمەس، ئايال كىشىنىڭمۇ مىننەت قىلىۋېرىدىغىنى ئىنسانلارنىڭ پەسكەشىدۇر! بولۇپمۇ، ئاتا-ئانا شۇنداق قىلسا، بالىسىدىن مېھىر-ۋاپا كۈتمىسۇن! مىننىتىڭنى ئاڭلاۋاتقان ئادەم ساڭا نىسبەتەن غەزەپكە تولۇپ بېرىۋاتقان ۋە ياتقا ئايلىنىۋاتقان يېقىنىڭدۇر! ئىلاھىم، ئۇ كۈننى ھېچكىمنىڭ بېشىغا سالمىسۇن! ئىلاھىم، پەرزەنتلەر ئارقىمىزدىن «بارلىقىم ئىدىڭ» دەپ يىغلاپ قالسۇن...

ئوغلانىم، تېخى چېچىڭ ئاقىرىپ، نىرۋىلىرىڭ چارچىماي تۇرۇپ، بىر ئارمانلىق ئۆگۈتنى ساڭا ئېيتىۋالاي: ئەركەك تائىپىسىنىڭ بىر زەئىپلىكى بار: ئۇ ئۆز پىئىلىنى ھەرخىل شارائىتلارغا تەييارلاشنى بىلمەيدۇ. ئاياللار بېشىغا ياش قوشۇلغانسېرى پىئىللىرى كېڭىيىپ، ھەرقانداق ئىشقا چېچىلمايدىغان، كەچۈرگۈچى، كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ بارىدۇ. ئەمما، ئەللىكتىن ئاشقان ئەركەكنىڭ پىئىلىدا تارلىق، ئۆزىگە ئېتىبار تەلەپ قىلىش، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىش، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى راست دېيىش، ئاداۋەتخورلۇق كۈچەيگەنچە كۈچىيىپ بېرىۋېرىدۇ.

ئوغلانىم، بەلكى سېنىڭمۇ ئاتاڭدا شۇنداق ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇۋاتقاندۇر، ئۆزۈڭدىن ئاتاڭنى بىلىپ يۈرگەنسەن. شۇ ئىزتىراپلىرىڭ ئېسىڭدە تۇرسۇن ۋە چوڭ بولۇش نۆۋىتى ئۆزۈڭگە كەلگەندە شەيتاننى يېڭىشنى، پىئىلىڭنى سازلاشنى بىل. ھازىر بىر رەنجىپ تۇرغان ئادەملەر ئوتتۇز ياشلىرىدىن ئەللىككىچە نى-نى

ئىختىرالار قىلغان، نى - نى نام - ئاتاقلارنى ئالغان، قانچىدىن - قانچە ئىنسانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن كىشىلەردۇر. ئۆز ۋاقتىدا كىملەر ئۇلارغا ھەۋەس قىلىشمىغان دەيسەن! لېكىن پەرزەنتلىرى ئۇلارنىڭ ئۇ سالاپەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا گۈدەك ئىدى. ماڭا ئەلەم قىلغىنى، بۈگۈن چوڭ بولۇپ قالغان ئۇ باللار ئاتىلىرىنىڭ ھازىرقى تۇرۇشىغا قاراپ: «ئاتىمىز مۇنچە يارىماس پېئىللىق، يېقىمسىز بولمىسىچۇ، كاشكى!» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشلىرىدۇر! راستىنى ئېيتقاندا، بۇ خۇلاسە ھەق! چۈنكى، ئاتىلىرى ئىنجىق، دىلئازار بولۇپ قالغان. بىر ئەمەس، مىڭ ئوغۇلغا پەخىر بولىدىغان ئىشلارنى قىلغان ئاتىنىڭ باللىرى زەردە بولىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشلىرى غايەت ئەلەملىك! بىمار، تۆشەككە مىخلىنىپ قالغان ئادەم شۇنداق بولسا، كەچۈرۈش مۇمكىن. ئەمما تېنى، جېنى ساق تۇرۇپ شۇ ھالنى تۇتسا غايەت ئەلەملىك! ئېيتقىنا، ئاتاڭ ئايالىڭنىڭ ئالدىدا سېنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرسا، كېلىن ئالدىدا ئاناڭنى ھاقارەت قىلسا، ھەتتا نارەسىدە نەۋرىلىرىگە ئىچى تارلىق قىلىپ كۆڭ بەرمىسە، مالال ئەمەسمۇ؟ ھەممىنىڭ مۇئەممىسى ئۆزگە يېتىپ تۇرغاندا، ئىشىكنىڭ غىچىرلىشى، تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ياكى كىمنىڭدۇر كىيىنىشىدىن بىر كۆڭدە بىر نەچچە قېتىم جاڭجال چىقىرىۋەرسە، ھەتتا گۈدەككىچە مالال ئەمەسمۇ؟ ئوغلانىم، سەن ئۆزۈڭنى شۇ بەختسىزلىككىچە ئېلىپ بارما!

ئاتىلار، ئانىلار يۈزگە كىرسۇن. يۈزگە كىرگەنلىرىدىمۇ باللىرى ئۇلارنىڭ دىدارىغا تويۇپ قانمىسۇن! كېتەر بولساق كەينىمىزدىن «داد» دەپ يىنىپ قالسۇن، «تىلىدا بال بەرگىنىم، دىلىمنى ئاۋايلىغىنىم، ھەممىدىن ئەلايىم، ھەممىدىن كېرەكىم كەتتى» دەپ بوزلاپ قېلىشسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەخلاقى پەزىلەت ئاتا ئۇچۇن قوۋۋەتتۇر

ئەي ئوغلانىم، بىلگىنكى، پەزىلەت پۈتكۈل گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىنساندىكى جۇغلانمىسىدۇر. پەزىلەت شەپقەتلىك بىر يولداشتۇركى، ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان ئادەمنىڭ يېنىدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلماس، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك دوست ۋە ياردەمچى بولماس.

بىر دانىشمەن ئىنسانىي پەزىلەتنى 13 قىسىمغا ئاجراتقان بولۇپ، ھەر بىر ئاتا بۇلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىمەك كېرەكتۇر.

1. سۈكۈت. ئۆزۈڭگە ۋە ئۆزگىلەرگە پايدىلىق سۆزلەرنى سۆزلە، بولمىسا سۈكۈت قىل؛

2. ئىنتىزام. ھەر بىر ئىشقا بەلگىلىك ۋاقىت، ھەر بىر نەرسىگە مۇئەييەن ئورۇن بەلگىلە، تەرتىپلىك، ئىنتىزاملىق بول؛

3. رىيازەت. لايىقىدا يەپ ـ ئىچ، نەپسى شەيتانىڭدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن غەيرەت قىل؛

4. چىدام. قولۇڭدىن كېلىدىغانلىقىغا كۆزۈڭ يەتكەن ئىشقا كىرىش، باشلىغان ئىشىڭنى پۈتكۈزۈشكە بەل باغلا؛

5. ئىدارە. تاپقان پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ ۋە ئائىلەڭگە، خەلققە پايدىسى تېگىدىغان يەرلەرگە سەرپ قىل. ئۇنى ياخشى باشقۇر،

ئىسراپچىلىقتىن ساقلان؛

6. تىرىشچانلىق. ئەڭ بۈيۈك خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچى ۋاقىت — دەقىقە ئىكەنلىكىنى چۈشەن. ۋاقىتنى زايا قىلما، تىرىش-تىرماش؛

7. توغرىلىق. ھەربىر سۆزۈڭنى توغرا قىل، توغرا سۆزلە، ھەربىر ئىشىڭدا توغرا بول، توغرا قىل، يالغانچىلىق ۋە ئەگرىلىكنىڭ ئۇتتۇقىنى بولما؛

8. ھەققانىيەت. ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىل، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمە؛

9. پاكلىق. قول ئىلكىڭدىكى ھەربىر نەرسىنىڭ پاك، تازا بولۇشىغا دىققەت قىل، ئىپلاسلىق، چىرىكلىكتىن ساقلان؛

10. سەۋر. مۇبادا بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر چۈشسە سەۋرسىزلىك قىلما، ئېغىرچىلىقلارنى يوقاتماق ئۈچۈن غەيرەت قىل؛

11. ئىپپەت. نومۇسۇڭنى جېنىڭدىن ئارتۇق ۋە مۇقەددەس بىل، ئۇنى دائىم مۇھاپىزەت قىلىشقا، قوغۇقلاشقا تىرىش؛

12. ئوتتۇراھاللىق. ھەرقانداق ئىشتا ئوتتۇرىچە يول تۇتۇشقا ھەرىكەت قىل، «ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر» دېگەن ھېكمەتنى ئۇنتۇما؛

13. كەمتەرلىك. ئۆز ئىززىتىڭنى ساقلا، كەمتەرلىكنى ئىختىيار قىل، تەۋازۇلۇق، يۇمشاق كۆڭۈللۈك بول، لېكىن جايىدا ئىشلەت، تاتلىق سۆزلۈك، ئوچۇق يۈزلۈك، خۇش مۇئامىلىلىك بول.

ئەي ئوغلانىم، ئىنساننىڭ ھايات سەپىرىدە ئېرىشىدىغان زوق ۋە ھەمجىنسلىرىدىن كۆرىدىغان ھۆرمىتى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۆگۈتلەرنى قوبۇل قىلىپ، پەزىلەت ئىگىسى بولۇش يولىدا بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق تېپىلۇر.

# ئاتىلارنىڭ ۋەزىپىسى مۇقەددەستۇر

گۈزەل مۇئامىلىلىك بولماق ئىنسان پەزىلىتىدىكى بىرىنچى قائىدىدۇر. گۈزەل مۇئامىلىنىڭ ئەڭ زور قىسمى ئايال بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدۇر. ئاياللار ھەركىمنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بولۇپ، ئۇلارغا رىئايە قىلغۇچى ئەرلەرمۇ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئەرلەردۇر. ئاياللار بىلەن گۈزەل مۇناسىۋەت قىلماق ئىنتايىن ئېسىل پەزىلەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىغا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ھازىرلاشقا ۋە ئايالىنى ھەربىر ئېغىرچىلىقلاردىن ساقلاشقا بۇرچلۇقتۇر. بۇنداق مۇئامىلىدە بولغۇچى ئەرنىڭ دۇنياسى تۈزۈك، ئاخىرىتى راھەت بولۇر.

ئايالغا گۈزەل مۇئامىلە قىلغۇچى ئالىي تەبىئەتلىك ئەرلەر قائىدە يۈسۈن ھەم ئەقىل تەرىپىدىن مەنئىي ئېتىلگەن نەرسىلەرگە ئاياللىرىنى يولاتمايدۇ ۋە ئەزىز بالىسىغا بولغان مېھىر ـ شەپقىتى دەرىجىسىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئايالىنى بارلىق مۇشەققەتلەردىن ساقلايدۇ، ئۇلارنى قۇربى يەتمىگەن خىزمەتكە بۇيرۇمايدۇ. ئاياللىرىمىز ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئەزىز بالىلىرى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ قارىلىرى بولغان ھالدا ئۇلاردىن ئايرىلىپ بىزلەرگە يار بولماقتا ۋە ھەربىر ئىشارەتلىرىمىزگە تەييار تۇرماقتا. بىرىنچىدىن، ئائىلە

نزامغا رئايه قلش، ئككنچدن، بزگه ياراش ئۇچۇن كېچسى ئۇيقۇسى، كۈندۈزى راھەتلرنى پدا قلپ، باللرمزنى پەرۋش قلماقتا، ھەتتا ئۆزلرنڭ غەيرەتلرگە تاينپ بزنڭ كۆپ خزمەتلرمزنڭ ھاجتدن چقماقتا. ئۇلارنڭ بۇنداق ئېزگۈلۈكلردن كۆز يۇمۇپ، ئۇلارنى ياخشى مۇكاپات بلەن تەقدرلەش ئورنغا، يامان مۇئامله قلدغان بولساق، ئەرلەر تۇگۈل، ئاددي ئنسانچلققمۇ مۇناسپ بولمغان قاباھەتلەرنڭ ئەڭ چوڭنى قلغان بولمز. بۇنداق دېيشمزدكى مەقسەت، ئاياللارغا گۈزەل مۇئامله قلش كېرەكلكنى سۆزلمەكتۇر. ئايال بلەن بولدغان مۇئامله ھەددىدن ئوشۇق ياكى ھەددىدن تۆۋەن ئەمەس، ئادالەت بلەن بولۇش كېرەك. تەربيلك ئەر ئايالغا گۈزەل مۇئاملده بولۇش بلەن برگە ئۆزنڭ ئۇلۇغۋارلقنى ھەم ساقلاپ قالۇر، ئۆزى ھۆرمەت قلش بلەن ھۆرمەتكە ئېرششنمۇ بلەر. ئشلردا ئايالى بلەن مەسلهەت قلار، قەيەرگە بارسا باردغان يېرنى بلدۈرۈپ قويار، شۇنداق قلسا، تاسادپەن برەر ھادسه بولۇپ قالسا، خەۋەر بېرشتە ئايالغا قۇلايلق بولۇر. ئېرنڭ مەسلهەتى ۋە ئۆزنى بلدۈرۈپ يۈرۈشتن رازى بولغان ئايال ئېرنڭ مۇھەببتدن ئەمن بولۇر، شۇنڭغا مۇناسپ ئۆزمۇ ساداقەتلك بولۇر.

ئاياللار قرلاردا يۈرگۈچى ھايۋانلار كەبى ئەقلسز ھەم مەسلهەتكە قابلىيەتسز ئەمەستۇر. بەزى ئاياللار باركى، ئەگەر ئەقل جەھەتتە سېلشتۇرۇلسا كۆپ ئەرلەردن غالب كېلدۇ. شۇنداق بولسمۇ، ئايال تەرپدن بېرلگەن پكر توغرا دەپ قارالمسا، ئەر ئۇچۇن بۇنڭ توغرا ئەمەسلكنى مۇناسپ دەلل كەلتۈرۈپ ئسپاتلاپ بېرش لازمدۇر. بۇنداق بولغاندا ئايال،

www.uyghurkitap.com

بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىن، ئىككىنچىدىن، خاتا پىكىر ئىنقىلانغانلىقىدىن ئىككى تۈرلۈك پايدا كۆرگەن بولىدۇ.

ئېرىنىڭ شەپقەت قانىتى ئاستىدا بولغانلىقىنى بىلگۈچى ئايال ئېرى ھەققىدە ھەممىگە ياخشى پىكىر ئېيتىدۇ ۋە دائىم ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈممىدىدە بولىدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن، بارلىق تۇغقانلىرىدىن ئارتۇق سۆيىدۇ، ئۇنىڭ شەپقىتىگە نىسبەتەن ھەم ئالدىدا، ھەم كەينىدە خىزمىتىنى غەنىيمەت بىلىدۇ.

ئۆي ئىچىدىكى چىنە ـ چەينەك، ئىدىش ـ ئاياق ۋە باشقا نەرسىلەر سۇنغاندا ئەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋارقىراش ـ جارقىراش ئەمەس، بەلكى بىلمىگەنگە سېلىپ تۇرۇشتۇر. تاسادىپەن چوڭ ئىدىش سۇنۇپ ئايال ئۆزى كېلىپ «مېنىڭ نۇقسانىمدىن بولدى» دەپ ئۆزرە سورىسا، ئەر «چوڭ بالا ـ قازالاردىن ساقلانغايسىز، بېشىمىز ئامان بولسا مال تېپىلار، ئەمدى بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تىرىشىڭ» دەپ مۇلايىم سۆزلەر بىلەن نەسىھەت تەلەپپۇزىدا تەربىيە بەرمىكى لازىم. ئادەتتە شۇنداق مىجەزلىك بولغان ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئالدىدا ھۆرمىتى ئاشار ۋە مەرتىۋىسى ئۆسەر.

ئاياللار ئەرلەرنىڭ قىيناشلىرىدىن ئەمەس، ئەپۇلىرىدىن، سۆركىلىشلىرىدىن ئەمەس، چىرايلىق نەسىھەتلىرىدىن قورقىدۇ. لېكىن بۇ قورقۇش قويلارنىڭ بۆرىلەردىن قورقۇشلىرى كەبى دۈشمەنلىك قورقۇش ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ۋە ھايا بىلەن بىرىككەن قورقۇشتۇر.

ئەرلەر بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قانداق نەرسىلەر ۋە مۇئامىلىلەرنى سۆيۈپ ـ سۆيمەيدىغانلىقلىرىنى، بالىلارنى قانداق تەربىيە قىلغانلىقلىرىنى، دوستلار ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھاللىرىنى

ئاياللىرىغا ئاز ـ ئاز بولسىمۇ بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ئاياللارنىڭ خاتالىقلاردىن ساقلىنىشىغا سەۋەب بولار. ئەمما ئادەم بالىسى ئۇنتۇش ۋە خاتالىشىشتىن خالىي بولمىغانلىقتىن، شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلماق زور ياخشىلىق بولۇر. ئەگەر ئايال ئەقىدە ـ ئېتىقاد يول قويمايدىغان خاتا ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سۆكۈت قىلىش ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئەر مەزكۇر ئىشنىڭ ئەيىب ئىكەنلىكىنى ئايالىغا بىلدۈرسۇن، ئەگەر بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، ئايالىنىڭ يېقىنلىرىغا مەلۇم قىلىپ ئۇلاردىن ياردەم سورىسۇن. ئەمما، ئاغزى بۇزۇق، جېدەللەشكەك، ئىچى يامان زاتلارغا شىكايەت قىلىش كەبى ئىشلاردىن ساقلانماق لازىمدۇر.

بىر كىشى ئايالىدىن شىكايەت قىلىش ئۈچۈن شۇ ۋاقىتنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا خەلىپىنىڭ ئايالىنىڭ خەلىپىگە جاۋاب قايتۇرغىنىنى ئاڭلاپ قايتىپ كېتىپتۇ. خەلىپە ھەزرەتلىرى بۇ ئادەمنى كۆرۈپ قېلىپ چاقىرىپتۇ ـ دە، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتكىنىنى سوراپتۇ. بۇ كىشى: «ئەي، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئايالىم ئاچچىق سۆزلۈك بولغانلىقتىن، ھەزرىتىڭىزگە شىكايەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم، لېكىن ئايالىڭىزنىڭ سىزگىمۇ جاۋاب قايتۇرغىنىنى ئاڭلاپ، بۇ قايغۇدىن خەلىپىنىڭ ئۆزىمۇ ئامان ئەمەس ئىكەن، دەپ قايتىپ كېتىۋاتاتتىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن خەلىپە ھەزرەتلىرى «ئەي قېرىنداش! ئاياللىرىمىز ئۆيلىرىمىزنى سىيرىپ ـ سۈپۈرىدۇ، كىيىم تىكىپ ئۈستىمىزگە كىيدۈرىدۇ، يېمەك ـ ئىچمىكىمىزنى ھازىر قىلىدۇ، كىرلىرىمىزنى يۇيىدۇ، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدۇ، قايغۇلۇق سائەتلىرىمىزدە كۆڭلىمىزگە تەسەللى بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئەجىرلىرى بار. دىنىمىزغا زىيان

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرمىگەن هالدا ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بەزى ۋاقىتلاردا ھۆرمىتىمىزنى بەجا كەلتۈرۈش جەريانىدا بىرەر كەمچىلىك سادىر قىلسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟» دېگەنىكەن. بۇ كىشى ئۆيىگە كېلىپ ئۇشبۇ ۋەقەنى ئايالىغا سۆزلەپ بەرگەنىكەن، ئايالى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېرىگە ئىتائەت قىلىشقا ئەھدە قىپتۇ.

ئاياللار ئەرلىرى تەرىپىدىن ھەر ۋاقىت ھۆرمەت كۆرۈشكە لايىق بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر ئاياغ ۋاقىتلىرى ۋە تۇنجى بالىسى تۇغۇلغاندا يەنىمۇ ئارتۇق ھۆرمەت كۆرۈشكە لايىق بولىدۇ. بۇ كۈنلەر ئاياللار ئۈچۈن مۇشەققەتلىك، ئېغىر كۈنلەر سانىلىدۇ.

ئاياللار ئەڭ ئېغىر بالالارغا سەۋر قىلسىمۇ، ئۆز ھەقلىرىنىڭ پايخان قىلىنغانلىقىغا رازى بولمايدۇ ۋە بۇنى ئېغىر مەسخىرە ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ ھەققىنى پايخان قىلماسلىق كېرەك. ئايالنىڭ ھەققى ئادا قىلىنسا، ئائىلىنىڭ شارائىتى ساقلىنار ۋە ئايال شاد ھەم سالامەت بولۇر. ئايالنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنى ئىستىگەن ئەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ئىپپەتلىك بولسۇن.

ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمىگەن كىشىنى ئەر دېمەك توغرا ئەمەس. پاھىشىخانىلاردا يۈرگۈچى، قىمار ئويناپ بايلىقى ۋە قىممەتلىك ئۆمرىنى نابۇت قىلغۇچى كىشىنىڭ ئائىلە باشلىقى بولمىقىدىن زەررىچە پايدا كۆرۈلمەس. ئائىلە باشلىقلىرىدا بولغان يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا بۇزۇقلۇقلار باللىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا مىراس قالار. بۇنىڭ نەقەدەر زور بەتبەختلىك ئىكەنلىكىنى ھەركىم ئۆز ئەقلى بىلەن بىلسە كېرەك.

ئەرلەر ئائىلىنىڭ بارلىق يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ «يېرىم دۇنيا» لىق رولىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىشى، «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دەيدىغان فېئوداللىق ئىدىيىنى تۈگىتىشى، باللىۋاقىلىرىنى خارلىماسلىقى،

ئايالىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلىشى، ھەر كۈنى بىر قىسىم ۋاقتىنى ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈشكە سەرپ قىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، ئائىلىدە مېھىر - مۇھەببەت سوۋۇشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئائىلە مۇھەببىتىنىڭ قەدرىگە يەتمەي، سىرتلاردا لاغايلاپ، مەست - ئەلەست بولۇۋېلىپ باشقىلارنىڭ كەينىدە يۈرسە، ئۇنداق ئەرلەرنىڭ ئايالىمۇ يامان يولغا كىرىپ قالىدۇ. بۇنداق ئائىلىنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدۇ.

ئاتا بولغۇچى پەرزەنت تەربىيىسىگە ئۆزى ۋە ئايالى يېتىشەلمىگەندە، پاك ئەخلاقلىق تەربىيىچى ياللىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، پەرزەنتلەرنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئاتا بولغۇچى پەرزەنتلىرىنى ھەر دائىم نەزىرىدىن يىراق قىلماي، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ تەلىم - تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەپلىك ۋە چىرايلىق سۆزلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال (ئاتا - ئانا، ئۇستازلار) بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، سىلىق، يۇمشاق، مەرھەمەتلىك بولۇشى لازىم. پەرزەنتلەر تۇرغان جايدا ئاتا - ئانىلار قاتتىق - يىرىك سۆزلەرنى قىلىش تۈگۈل، ھەتتا قاپاق تۈرۈپ، چىراي ئۆزگەرتىپ بىر - بىرىنى سىلكىشلەشمۇ خاتا. بەزىلەر پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى تىلىغا «ئاناڭنى» دەپ ئۆزى «خېمىرتۇرۇچ» سىڭىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ دەسلەپكى تىلى «كەي» دىن باشلىنىپ، كېيىن بۇ يېگى تەلۋە نۇسخا تەرەققىي قىلىپ ئائىلىسى ۋە ئۆزى ئۈچۈن بالا بولىدۇ؛ پەرزەنتلەر تالا - تۈزدە ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ باش - كۆز يارىدىغان، ھەتتا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. بىزدىكى ساقلىنىۋاتقان ناچار ئەخلاق - قىلىقسىزلىقلارنى زادى كىم ئۆگەتتى؟

www.uyghurkitap.com

بىر مەررە بولسىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى: ئىنسانلارغا ئۆگىتىلگەن ياخشى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى تەربىيە، مەجبۇرلۇق ـ زورلۇق بىلەن بولسا، يامان ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلۈكىدىن دوراش ئارقىلىق يۇقىدۇ. شۇنداق ئىكەن، پەرزەنتلىرى ئالدىدا ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تىللاش، ئۇرۇشۇش، ئۇلارغا كۆرسىتىپ تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، كەيپ خۇمارى ئۈچۈن لازىملىقلار (تاماكا، سەرەڭگە، ھاراق ـ شاراب) نى پەرزەنتلىرىگە بۇيرۇپ ئەكەلدۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەخلاقسىز قىلمىشلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ «پەرزەنتلىرىم مېنىڭ قىلغانلىرىمنى دورىسۇن» دەپ، ئۇلارغا كۆرسەتكەن «ئۈلگە» ۋە ئۇلارغا سىلىپ بەرگەن «مەبلەغ» دۇر، خالاس.

ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە نازارەتچىسى. شۇنداق ئىكەن، ئايالنى ھەر ۋاقىت شەپقەت قانىتى ئاستىغا ئېلىشى، ئايالنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى قەدىرلىشى، كۆڭۈل شادلىقىغا دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇشى، ئايالنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى بېجىرىشكە زورلىماسلىقى، ئۆيدە بار ـ يوق نەرسىلەر توغرىسىدا تەڭلىكتە قويماسلىقى لازىم. ئايالنى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى، ئەپۇ قىلىشى، يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ئايالى بىلەن جېدەللەشمەسلىكى لازىم. ئۆيگە يات ئەرلەرنى باشلاپ كىرىپ ئولتۇرۇش قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش، ئۆزى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئايالنى سودا ـ سېتىق ئۈچۈن سىرتقا بۇيرۇماسلىق لازىم. ئەرلەر ئۆز ئايالىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشقا، ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى چەكلەشكە ۋە توسۇشقا ھەقلىق. ئاياللارنى خورلاپ ۋە ئۇلارنىڭ يامان يولغا مېڭىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار. ئاتا بولغان كىشى

ئائىلىدىكى بالا ـ چاقىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا مەسئۇل بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن؟

ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە سادىقلىقى بەختتۇر. سالامەتلىك جاننىڭ راھىتى بولغىنىدەك، ئىناقلىق كۆڭۈلنىڭ راھىتىدۇر. ئائىلىدىكى خۇشلۇق دىلغا ھۇزۇر بېغىشلاپ، لەززەتسىز تائامىمۇ لەززەتلىك بىلىنىدۇ. ئەر كىشى ئۆز ئايالىدىن رازى بولسا ۋە كۆڭلى باغلانسا، بارلىق راھەت ـ پاراغىتى ۋە سەرپ ـ خىراجىتى ئائىلىسىدىكى زۆرۈر نەرسىلەر ئۈچۈن بولىدۇ، پۈتكۈل دۇنياسىنى ئائىلىسىگە بېغىشلايدۇ. ئەرنىڭ تۇرمۇشى ياخشى بولسا، شۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ياخشى بولىدۇ. شۇ چاغدىلا ئۆزىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. كونىلار: «ياخشى ئايالغا ئېرىشمەك بىر ئەلگە پادىشاھ بولغاندىن ياخشىراقتۇر» دېگەن. ھەر قانچە بىلىملىك، مەرتىۋىلىك، باي ياكى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەپ تاپقىنىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ قالمىغىنىغا شۈكۈر قىلىدىغان ساپ ۋىجدانلىق بىر كىشىنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئايالى بولمىسا، بەختلىك ھېسابلانمايدۇ. ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىك ئۇنىڭ قەلبىنى بىئارام قىلىدۇ، لەززەتلىك تائاممۇ لەززەتسىز تېتىپ، ئۆمۈرگۈلىنىڭ تېز قۇرۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

ئىنسانىي بەختلىك قىلىدىغان نەرسە ئىلىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەممە ئىشنى ئىلمىي يوسۇندا ئادا قىلماقتۇر. ئەرلەر ئالدى بىلەن ئۆز مەجبۇرىيىتىنى بىلىشى، ئائىلىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت تەرتىپىگە ئەمەل قىلىشى لازىم. دانىشمەنلەرنىڭ قارىشىچە، ئىشچانلىق، ھەقىقىي دوست، ئەدەپلىك پەرزەنت، مېھرىبان خوتۇن، شېرىن ۋە يېقىملىق سۆز، ئەقىل ـ پاراسەتتىن ئىبارەت ئالتە نەرسە راھەت ياشاشقا ياردەم بېرىدىكەن.

www.uyghurbitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىسى

# پەرزەنت تەربىيىسىدە ئائىلىنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بالىنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىت ئۇلارغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ ئەتراپىدا تېنى ساغلام، گەۋدىلىك، توغرا پىكىرلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ تەسىرى بالىغا ئۆتمەي قالمايدۇ. بالا ھەر جەھەتتىن شۇلارغا ئوخشاش يېتىلىدۇ. گەرچە بالىنىڭ كاللىسىدا: «ئۇلارغا ئوخشاش يېتىلىمەن» دېگەن بىر ئوي پەيدا بولمىسىمۇ ۋە ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشقا ئۇرۇنمىسىمۇ، بەربىر شۇ كىشىلەرنىڭ پىكرىدىن، ئەخلاقىدىن ئۆلۈش ئالماي قالمايدۇ، بۇ تەبىئىي ھالدۇر.

بالىلار ئۆزلىرىدىن چوڭلارنى، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆزىتىپ، ھە دېسىلا ئۇلارنى دوراپدۇ. مەسىلەن: ياغاچچىنىڭ بالىسى قولىغا كەكە ئېلىپ ياغاچنى يونۇشقا، گويا ئاتىسىغا ئوخشاش ئىش قىلىشقا تىرىشىپ-تىرمىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بالىلار دورامچىلىقتا بولغان مەيىل-ھەۋەسلىرى تۈپەيلى، كىچىككىدىن باشلاپلا بىر مۇنچە ئادەتلەرنى ئۆگىنىدۇ. يېيىش-ئىچىش،

كىيىنىش، تارىنىش، يۇيۇنۇش ـ تۇرۇش، ئىش ـ ھەرىكەت، ھەتتا ئۇخلاشتا كېرەك بولغان تەرتىپ ـ ئىنتىزام ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن ياشلىقىدا قولغا كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بولغان گۈزەل پەزىلەتتۇر.

ئاتا ـ ئانا، ئائىلە ئەزالىرى ئۆزلىرىنى قانداق تۇتسا، بالىلىرى شۇلارنى دوراپ ئۆسىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن ئاتا ـ ئانا، ئائىلە ئەزالىرى ئۆزلىرىنى بالا ـ چاقىلىرى ئالدىدا قانداق تۇتۇشلىرى كېرەكلىكلىكىنى بەلكىم چۈشىنىپ يەتكەندۇر.

بالا تەربىيىسىدە ئاتا ـ ئانىلار ئەڭ دىققەت قىلىدىغان ۋە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر ئىش شۇكى، بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ بىرەر ئىشقا ئۆگىتىش، كىچىك چېغىدىنلا ئۇلارغا بىرەر ئىش بېرىپ، ئەمگەككە كۆندۈرۈشتۇر. بالىنىڭ تىلى چىقىپ، مېڭىشقا باشلىغان چېغىدىن تارتىپلا ئۇلارغا ئىش بۇيرۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭغا بۇيرۇلىدىغان ئىش ئەھمىيەتسىز، ھەتتا ئۇنى «ئىش» دېيىشكە بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ پايدىسى چوڭدۇر. چۈنكى، بۇنداق ئىشلار بالىدا ئەمگەك سۆيۈش، ئىشقا بېرىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ.

دۇنيادا ياشاشنىڭ نېگىزى ئىش ـ ئەمگەكتۇر. بالىلار ئىشنى ئۆز ئەركى ـ ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشلەشنى ئۆگەنسۇن، سەۋەنلىك، خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى جاۋابكار دەپ سەزسۇن. بىرەر ئىش قىلغاندا، ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئويلاپ ئىشلەشكە، پىكىر يۈرگۈزۈشكە، توغرا ئىشلەشكە، چىدام ـ غەيرەت بىلەن ئىشلەشكە كۆنسۇن.

ئېنىقكى، بۇ مەلەكە ـ ئادەتلەر بىردەمدىلا ھاسىل بولمايدۇ، بەلكى ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئۇلىنى ناھايىتى كىچىك چېغىدىلا سېلىش كېرەك. بالىلاردا ئەمگەك مەلىكىسى يېتىلسە، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى ۋە چوڭلارنىڭ كۆرسىتىپ تۇرۇشىنى

كۆتۈپ ئولتۇرماي، ئۆزلىرى ئەپلەپ كېتىۋېرىدۇ. دۇنيادا ياشاش ھەر كىمنىڭ ئۆز غەيرىتى ۋە ئىجتىھاتىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئىشقا ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىشتە دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر ئىش-ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىشتۇر. ئىشقا ئادەتلىنىش قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئىشنى ئۆز مۇددىتىدە بېجىرىشمۇ شۇ قەدەر مۇھىم، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمدۇر. ھەربىر ئىشنى ئۆز مۇددىتىدە قىلماي، كېچىكتۈرۈش ئىشلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىغا، نەتىجىدە كۆپىنچە ئىشلارنىڭ قول ئۇچىدىلا، سۈپەتسىز ئىشلىنىشىگە ياكى ئىشلەنمەي قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا تىرىشچانلىق ۋە چىدام بىلەن ئورۇنداش لازىم.

# ئاتىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولى

ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت بۇۋاقنىڭ ھاياتىدىكى ئىككىنچى مۇھىم مۇناسىۋەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ بىر ياشنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ شۇنداق. ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت ئانا-بالىلىق مۇناسىۋەتكە ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە بۇ ئىككى ئامىل ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

بالىنىڭ ئۆز جىنسىي ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىپ تۈرلۈك قىلىقلىرىنى دادىنىڭ تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئوغۇل بالىلار دادىسىنىڭ «ئەركەكلەرچە مىجەز»ىنى دورايدۇ ۋە ئۆگىنىدۇ. قىز بالا بولسا دادىسىدىن يات جىنسلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىش ۋە ئالاقە قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. پسىخولوگىيىلىك تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، دادىنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. بۇ خىل تەسىر بالىنىڭ جىنسىي خاسلىقى تەرەپتىلا ئەمەس، بالىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ رول ئوينايدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا دادىنىڭ بالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئانىسىنىڭ تەسىرىدىن زور بولىدۇ. ئەگەر بالا بۇۋاقلىق مەزگىلىدە دادىسى بىلەن بىر تۈرلۈك پائال ۋە زىچ مۇناسىۋەت ئورناتسا، بالىنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك

ساغلاملىقى، كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى قاتارلىقلاردا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. دادا بولمىغان ئائىلىدە بوۋاقنىڭ كۆپلىگەن قابىلىيىتى چەكلىمىگە ۋە تەسىرگە ئۇچراپ، چوڭ بولغاندا ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، پات-پاتلا سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويىدىغان، ئۆزىنى كونترول قىلىشى ئاجىز، تېرىككەك بولۇپ قالىدۇ. دادىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولىنى ھېچكىم ۋاكالىتەن ئۈستىگە ئالالمايدۇ. دادا ۋە ئاپىنىڭ پەرزەنتىگە بېرىدىغان تەربىيىسى بالىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوخشاشلا مۇھىم.

باللارنى تەربىيىلەش بىرىنچى دەرىجىلىك ئېتىبار بىلەن قارىلىدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ، تۆۋەندە پەقەت رىئايە قىلىش لازىم بولغان ئەدەپ ئۈستىدىلا پىكىر قىلىمىز.

بالا دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئانا سۈتى ۋە ھەسەل ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن بىقىشقا باشلىنىدۇ. يەتتىنچى كۈنى چېچى ئېلىنىپ، چېچىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش ياكى ئالتۇن سەدىقە بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى ئىسىم قويۇلىدۇ. قويۇلغۇسى ئىسىم ئوبدان ۋە تەسىرلىك تاللىنىشى لازىم. شۇڭا، بالىغا قويۇلىدىغان ئىسمىنى چال-مومايلار ئەمەس، بەلكى بىلىملىك كىشى قويۇشى لازىم.

بالىنى مۇمكىنقەدەر ئۆز ئانىسى ئېمىتىش كېرەك، چۈنكى بالا ئۈچۈن ئانا سۈتىدەك ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى نەرسە بولماس. ئانىسىنىڭ ئېمىتىشى مۇمكىن بولمىسا، ئۇنداقتا بىرەر پەزىلەتلىك خوتۇنغا بېرىلىدۇ. بالىنى ئېمىتىدىغان خوتۇن — سۈت ئانىسىنىڭ يېشى 25 بىلەن 30 ياش ئارىسىدا بولسا تېخىمۇ ياخشى. بولۇپمۇ سۈت ئانىسى بولغۇچى خوتۇن پەزىلەتلىك، خۇلقى-مىجەزى ئوبدان، بەدەن ئەزالىرى ساغلام بولۇش كېرەك. ئاچچىقلىنىدىغان، قايغۇرۇشچان، ئاجىز ۋە ساغلام بولمىغان خوتۇنلار سۈت ئانىسى

بولۇش تەلپىگە مۇۋاپىق ئەمەس. بالىنى تەربىيىلەش جەريانىدا پاكلىقنى، تازىلىقنى رىئايە قىلىش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

ئاتا-ئانىلار قولىدا باللار ئەزىز ۋە ئامانەتتۇر. شۇڭا، ئۇلارنى ئالىيجاناب، ياخشى مىجەزلىك قىلىپ تەربىيىلىمەك، ئۇلاردا ئېسىل ئادەتلەرنى يېتىلدۈرمەك لازىمدۇر. تەربىيە بىلەن بىر بالىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن بولغاندا، تۇپراققا ئايلاندۇرۇشمۇ مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئاتا-ئانىلار سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭغا پىكىر ۋە ئېتىبار قىلىنسۇنكى، باللارنى تەربىيىلىگۈچى ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالغان تەربىيىلىرى، بىلىدىغانلىرى زادى قانچىلىك دەرىجىدە؟! باللارغا تىل چىقىشى بىلەنلا ئۆز تىلىمىزدا ئەدەب-ئەخلاق ئۆگىتىلىدۇ... دېمەك ئۇشبۇ ۋاقىتتىن باشلاپ باللارنى تەربىيىلەش باشلىنىدۇ. تەربىيە توغرىسىدا تىرىشىش بەكمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى بۇ ياشتىكى باللار تال چىۋىقتەك قاياققا قايرىسا، شۇ ياققا ئېگىلىدىغان چاغلىرىدۇر.

باللار ئالتە-يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىلىدۇ، شۇ چاغدىن باشلاپ قىزلار بىلەن ئوغۇللارنى ئايرىم يېتىش ۋە ئۇخلاشقا ئۆگىتىش لازىمدۇر... يامان خۇلق-مىجەزنى تۈزىتىش تېخىمۇ لازىمدۇر. يامان خۇلق-مىجەز، خۇسۇسەن تېز ئاچچىقلىنىش، ئورۇنسىز قايغۇرۇش ۋە خاپىلىقلار كېسەللىك جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا، يامان خۇلق-مىجەزلەر باللارنىڭ تەن-سالامەتلىكىگە زىيانلىقتۇر.

باللار ئۈچۈن بىر-بىرىنى قورقۇتۇش، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەش تولىمۇ زىيانلىقتۇر. چۈنكى باللار كېچىلىرى ئۆز سايىسىدىن قورقىدىغان، خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، ئۇخلىغاندىمۇ بىئارام بولۇپ، ئارامسىزلىنىپ، قورقۇنچتىن چۆچۈپ

ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ ـ دە، نەتىجىدە كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ.

بالىلارنىڭ تەنلىرى، ئۈستىۋاشلىرى پاكىز، كىيىنىشلىرى رەتلىك بولۇشى، تىرناقلىرى ئېلىنىشى لازىم. ئۇلارغا چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپلىرىنى بىلدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈردۇر. تاماقلىنىۋاتقاندا قىمىرلاپ سىلكىنىش، قاش ـ كۆزلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىش، كىيىملىرى ۋە بەدەن ئەزالىرىنى ئويناش، ئۇيان ـ بۇيانغا، باشقىلارنىڭ تاماقلىنىشىغا قاراش، ئادەملەر ئالدىدىن ئۆزى خالىغانچە ئۆتۈش، ئادەملەرگە ياكى تاماققا قاراپ چۈشكۈرۈش، يېنىدىكىلەر بىلەن كۇسۇرلاپ سۆزلىشىش، يېقىمسىز كۈلۈش، ۋارقىراش قاتتىق ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىلىقسىزلىقلاردىن بالىلارنىڭ ئۆلاجىنىڭ بارىچە ساقلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بالىلارغا مېھرىبان بولۇش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇلۇغلۇق ھېسابلىنىدۇ. سوۋغا بەرگەندە كىچىكلىرىدىن ۋە قىزلاردىن باشلاپ بەرمەك ئەدەپتىندۇر (بالىلارغا). چەكلەنمىگەن ئويۇن ـ كۈلكىلەرگە رۇخسەت قىلىش لازىم. زېھنىي خاتىرىسىنى ياخشىلاشقا، بەدەننى چېنىقتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئويۇنلارنىڭ پايدىسى بار.

# ئاتىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى ئەدەپلىرى

1. بالىڭىزنى مېھماندارچىلىققا بىرگە ئېلىپ بارغاندا، ساھىبخان بالىڭىزغا بىرەر نەرسە بەرگەندە بالىغا ۋاكالىتەن قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش توغرا ئەمەس، بالىنىڭ ئۆزىنىڭ پىكرىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

2. باشقىلار بالىڭىز ئالدىدا سىزنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىڭىزنى سۈرۈشتە قىلغاندا، جاۋاب بېرىش بىئەپ تۇيۇلسا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەڭ. بۇنداق ئەھۋالدا سۆزنىڭ تېمىسىنى ئەپچىللىك بىلەن باشقا تەرەپلەرگە يۆتكەشكە بولىدۇ.

3. ئۆيىڭىزگە مېھمان كەلگەندە ئالدى بىلەن بالىڭىزنى مېھماننى قانداق چاقىرىش (ئاتاش) نى چۈشەندۈرۈشىڭىز كېرەك. ھەرگىزمۇ بالىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆز پارىڭىڭىزغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىڭىز كېرەك.

4. مېھمانلار بالىڭىزنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغاندا ھەرگىزمۇ بالىنى ئالدىڭىزغا چاقىرىپ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىپادىلەشكە ئۈندىمەسلىكىڭىز كېرەك. پەرزەنتىڭىزنىڭ ياخشى خىسلىتى يەنىلا تەبىئىي يوسۇندا ئىپادىلەنگىنى تۈزۈك.

5. بالا گەپ ئاڭلىمىغاندا ياخشى سۆز بىلەن نەسىھەت قىلىشىڭىز، ھەرگىزمۇ مېھمانلار ئالدىدا ئۇرۇپ-تىللىماسلىقىڭىز كېرەك.

6. ئادەتتە بالىڭىزغا باشقا بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك. چۈنكى بالىلاردا تەڭتۇشلىرىدىن ئېشىپ چۈشۈش روھىي ھالىتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا پەرزەنتىڭىزنىڭ يامان ئىللەتلىرىنى تاشلىشىغا ياردىمى بولىدۇ.

7. تونۇش-بىلىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بارغاندا ئۇلار ئالدىدا پەرزەنتىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇچۇرۇۋەتمەڭ ياكى دادلاپ كەتمەڭ.

8. ئاتا-ئانا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن قولۇم-قوشنىلار ۋە باشقا بارلىق كىشىلەرگە ياردەم بېرىش خىسلىتىنى نامايان قىلىڭ. شۇنداق قىلغاندىلا پەرزەنتىڭىزنىڭ كىچىككىدىنلا باشقىلارغا ياردەم بېرىشتىن ياناماسلىقتەك ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرۈشىگە ئۈلگە ياراتقىلى بولىدۇ.

مائارىپشۇناسلار ياش ئاتا-ئانىلارغا 30 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى

1. ھەرقانداق ۋاقىتتا، بالىڭىزغا نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولۇڭ؛

2. بالىڭىزنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىڭ، بالىڭىز ئائىلىدە ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلسۇن؛

3. بالىڭىزنى دائىم رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇڭ، بالىڭىز ئۇتۇقسىزلىققا يولۇققان ۋاقىتتا «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلماڭ؛

4. بالىڭىزدىن بىرەر ئىشنى ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئۈلگە بولۇڭ؛

5. ئەر-خوتۇن ئىككىڭلار بالا ئالدىدا جېدەل-ماجىرا

قىلىشتىن ساقلىنىڭلار؛

6. بالىڭىزنىڭ ئالدىدا بوۋا-مومىلىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭ؛

7. بالىڭىزغا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇڭ؛

8. باشقىلار ئالدىدا بالىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ؛

9. باشقىلار بالىڭىزنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندە، سەل قارىماڭ؛

10. بالىڭىزنىڭ «نېمە ئۈچۈن» دەپ سورىغان سوئاللىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىڭ، بىلگەننى بىلىمەن دەڭ، بىلمىگەننى بىلمەيمەن دەڭ؛

11. بالىڭىزنى سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ تەبىئەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇڭ؛

12. ھەر كۈنى بالىڭىزغا ئىختىيارىي پائالىيەت قىلىدىغان سورۇن ۋە ۋاقت ھازىرلاپ بېرىڭ؛

13. بالىڭىزنى ھەر كۈنى سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ ھەرىكەت قىلغۇزۇڭ؛

14. بالىڭىزنى ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. مەغلۇپ بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق؛

15. بالىڭىز بىلەن ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇڭ، بۇنداق قىلىش ئىككى تەرەپنىڭ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشىغا پايدىلىق؛

16. بالىڭىزنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان گېپى بار چاغدا، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ، سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاڭ؛

17. بالىڭىزنى تەنقىدلىگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئۆزىنى

چۈشەندۈرۈشكە ۋە سۆزىڭىزگە رەددىيە بېرىشكە يول قويۇڭ؛

18. بالىڭىزغا «سەن بەك دۆت؛ ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايسەن» دېگەندەك سۆزلەرنى ھەرگىز قىلماڭ؛

19. بالىڭىزنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىماڭ. ئۇنىڭ ئۆزىگە تاللاش ۋە ھۆكۈم قىلىش پۇرستى بېرىڭ؛

20. بالىڭىزغا قىلغان ۋەدىڭىزنى چوقۇم ئورۇنلاڭ؛

21. بالىڭىزنىڭ دوستلىرى ئۆيگە كەلسە، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىڭ؛

22. بالىڭىزنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىپ، پسىخىك تەلپىنى چۈشىنىڭ؛

23. ئائىلىدە، بالىڭىزغا ئۆزىگە خاس بولغان ئايرىم ئۆي ھازىرلاپ بېرىڭ؛

24. بالىڭىزغا ئېلىپ بېرىدىغان ئويۇنچۇقلار بەك كۆپ ھەم بەك قىممەت بولۇپ كەتمىسۇن؛

25. ھە دېگەندىلا بالىڭىزنى قورقۇتىدىغان ئىشلارنى ۋە سۆزلەرنى قىلماڭ؛

26. ئوقۇتقۇچىسى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭ؛

27. ئائىلىدىكى چوڭ ئىشلاردا، ئانچە-مۇنچە بالىڭىزنىڭ پىكرىنى ئېلىپ قويۇڭ؛

28. بالىڭىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالسا، كونا خامانىنى سورۇپ يۈرمەڭ؛

29. بالىڭىزنى بەك ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەڭ؛

30. بالىڭىزنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە نىسبەتەن كۆرمىگەن-بىلمىگەن بولۇۋالماڭ.

31. بالىڭىزنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ تەربىيىلەڭ، ئۇلارنىڭ

پاك، ساپ قەلبىگە گۈزەل خۇلق-مىجەز ئۇرۇقلىرىنى چېچىڭ، ئۇلارغا ئادەمگەرچىلىك ۋە مېھربانلىقنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈڭ.

32. بالىڭىزنى ئۇرۇپ، ئورۇنسىز ئەيىبلەپ كۆڭلىنى رەنجىتمەڭ. ئۇلارنىڭ يېنىدا باشقىلارغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئۇلار سىزدىن كىشىلەرنى سۆكۈشنى ئۆگەنمىسۇن.

33. جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ قەدىر-قىممىتى پەقەت ئۆزىنىڭ غەيرەت-شىجائىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ھەر كىم ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش كېرەكلىكىنى بالىڭىزغا بىلدۈرۈڭ. ھۇرۇنلۇق، باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنىڭ ناچار ئىللەت ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلسۇن.

34. پايدىلىق مەقسەتلەرگە يېتىشتە بالىڭىزغا ياردەم بېرىڭ. زۆرۈر تېپىلسا بۇ يولدا پۇلنى ئايىماڭ.

35. بالىڭىز ئۈچۈن مال-دۇنيا يىغىپ يۈرمەستىن، مال-دۇنيايىڭىزنى ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئىلىم، ھۈنەر ئىگىسى بولۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلىڭ. ئۇلارغا قالدۇرغان پۈتمەس-تۈگىمەس مىراس گۈزەل تەربىيە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماڭ.

36. بالىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش كۆرۈڭ. سوۋغات بەرگىنىڭىزدە ھەممىسىگە ئوخشاش بېرىڭ. بىرەرىگە «ئاكا-ئۇكىلىرىڭ بىلمىسۇن» دەپ يوشۇرۇنچە نەرسە بەرمەڭ. چۈنكى بۇنداق قىلىش بالىنى زوراۋانلىق قىلىشقا، ئالداش، خىيانەت قىلىشقا ئۆگىتىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بېخىللىق، ئۆزىنىڭ پايدىسىنىلا كۆزلەشكە ئوخشاش بۇزۇقلۇق ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.

37. بالىڭىز چوڭ بولغاندا ئۇلارغا ئىش قىلىشنى، ھۈنەرلىرىڭىزنى ئۆگىتىڭ. كۈندىلىك تۇرمۇش قائىدىلىرىنى

بىلدۈرۈۈك. ئۇلار جەمئىيەتكە پايدىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشسۇن.

38. قىزلىرىڭىزنىمۇ ھەم شۇنداق تەربىيىلەڭ. ۋاقتى كەلگەندە، ياش جەھەتتە ئۆزلىرىگە تەڭداش ۋە تەربىيە كۆرگەن، ئەدەپلىك ئادەملەرگە ياتلىق قىلىڭ. ھەشەمەتلىك، داغدۇغىلىق توي قىلىشنى ساقلىنىڭ. ئوغۇل-قىزلىرىڭىزغا بەرگەن گۈزەل تەربىيىلىرىڭىز داغدۇغىلىق تويدىن، قالدۇرغان مىراس-دۇنيالىرىڭىزدىن ئەۋزەلدۇر.

39. بالىغا ۋەدە بەردىڭمۇ، ئەلۋەتتە بىجىرگىن. مەسىلەن: «ئەتە كۆيىنكىڭنىڭ دەزمالاڭنىنى كۆرىمەن»، «ئايغىڭنىڭ مايلانغىنىنى كۆرىمەن» دەپ ئېيتتىڭمۇ، ئىجراسىنى ئۇنتما. ئىجرانى بىر مەرتە ئۇنتساڭ، تامام، تەربىيەڭنىڭ ئۇنۇمى قولۇڭدىن كەتتى،بالا ساڭا ئىشەنمەي قويىدۇ! ئەڭ يامىنى سەندىن ھەپسىلىسى بىر بولىدۇ. ئاخىر ئاشۇ كۆنى كۆينىكنى ئەستايىدىل دەزماللىغان ئىدى ياكى ئايىغىنى قانداق پارقىرىتىپ كەلگىنىنى بىر كۆرسەتمەكچى، سەندىن رىغبەت سۆزلىرىنى ئىشىتمەكچى ئىدى! ئۇنىڭدىن ھەم يامىنى شۇكى، «پالانچى ئىنسان ھەم ۋەدىسىدە تۇرماسكەنۇ، مەن ھەم گاھىدا شۇنداق قىلسام نېمە بولىدۇ؟» دەيدۇ ۋە پەيلىدە بىتايىنلىق باشلىنىدۇ!

بەرگەن ۋەدىمىزنى بىجىرىشكە ئىمكان بولمىسا، ئۇلاردىن ئەلۋەتتە ئۆزرە سوراش كېرەك. بالىدىن ئۆزرە سوراش نومۇس ئەمەس. چوڭلار ھەم خاتا قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ۋە خاتا قىلغان ئادەم ئۆزرە سورىشى كېرەكلىكىنى ئۇلار ياشلىقىدىن باشلاپ بىلىپ ماڭسۇن. تاكى ئۇلار چوڭ بولغاندىمۇ «مەن ئاتا-ئانىمەن ياكى مەن مۆرەببىيمەن، چوڭلار ئۆزرە سورىمايدۇ» دەيدىغان خۇدبىنلارغا ئايلىنىپ قالمىسۇن.

# نۇقسانى بار ئايالىڭىزنىڭمۇ ھۆرمىتىنى جايىدا قىلىڭ

«ئاياللارنى پەقەت ئۇلۇغ ئادەملەرلا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇلارنى پەقەت پەسكەش ئادەملەرلا خارلايدۇ».

— دانالار ھېكمەتلىرىدىن

ئەسلىدە قۇياش ئىككى! بىرى كۆكتە، بىرى بولسا «ئايال» نامى بىلەن زېمىندا ياشايدۇ. ئايال ـ مەلھەمى دۇنيا! ئۇ ـ نۇر مەنبەسى! پۈتكۈل ئالەمنى قۇياش، ئادەملەر قەلبىنى بولسا ئايال ئىسسىتىپ تۇرىدۇ! دېمەككى، كۆكتىكى قۇياش شۇ تۇرۇشىدا تېخى مۇكەممەل ئەمەس، ئۇنىڭ مۇكەممەللىكى ئايال بىلەندۇر! ئانىسىز، ئاچا ـ سىڭىلسىز، ئۆمۈر يولداش ۋە مەھبۇبەسىز، قىزىڭىزسىز، ھەدە ـ ھامماچىسىز ۋە ياكى قوشنا موملارسىز قېلىشنى بىر تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ ھە! ئۈستىڭىزدە ئون قۇياش بولسىمۇ، باھارىڭىز قىشقا ئايلىنىپ، يازلىرىڭىز ئىزغىرىن بولغاي!

ئەردىن ھۆرمەت سورىلىشى ئايالنىڭ باھاسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ «زەئىپە» ئاتالغىنى ئۈچۈن كۆڭلىنى كۆتۈرۈش

مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئەركەكنىڭ ئۇنىڭدىن قەرزلىرى بىھەد كۆپلۈكى ئۈچۈندۇر.

ئەر كىشىگە ئۇدۇل بولغاندىن باشلاپ، ئايالنىڭ باسقان ھەر ئۈچ قەدىمىنىڭ ئىككىسى ئەزىيەتتۇر. ئەمما تەڭرى ئۇنى شۇ قىسمەتكە كۆندۈرۈپ قويغان، بۇ ھالەتنى ئۇ ئاددىي ياشاش تەرزى دەپ بىلىدۇ. مىننەت قىلمايدۇ، پىغان چەكمەيدۇ. ئايال ھېچ قاچان ئۆزىنىڭ ھۆرمەت قىلىنىشىنى سورىمايدۇ! ھۆرمەت كۆرگۈدەك بولسا، ھەيرەت ۋە ھاياجان بىلەن مۇكاپات تەرزدە قارشىلايدۇ! ئۆزىنى بۇ دەرىجىگە مۇناسىپ كۆرمەي، بەزى خىجالەت چېكىپمۇ قالىدۇ. ئۇنىڭ شۇ تۇرۇشىنىڭ ئۆزى بۈيۈكلۈكتۇ، بۇرادەر!

«ئەرنىڭ قەرزدارلىقى» دېگەن گەپ كىملەرگىدۇر ياقماس بەلكىم! ئەنە ئاشۇلارغا ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتاي! سىز ئايالغا بىپىسەنتلىك بىلەن قاراپ گۇناھقا پاتماڭ. ئەڭ كىچىك مىسالنى ئالايلى: ھەر قېتىم ئايالىڭىز قولىڭىزغا سۇ قۇيۇپ، ئىگىلىپ ئۆرىنى تۇتقان ۋاقىتلاردا بويىڭىز بىر گەز ئۆسمەمدۇ؟ سىزنى يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى پەگادا خىزمىتىڭىزگە تەييار تۇرغاندا ئۆزىڭىزنى پادىشاھ سەزمەمسىز؟ گۈللەپ تۇرغان بادام نوتىسىدەك بىر ئايالنىڭ ئىشىكىڭىزدىن باش ئېگىپ تۇرۇپ، كۆزىڭىزگە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ، ھايات ـ ماماتىنى سىزگە بېغىشلاپ، قاتتىق بوسۇغىڭىزغا باش قويۇپ ياشاشقا باشلىشىنىڭ ئۆزى سىزنى كۆكلەرگە كۆتۈرمەمدۇ؟! ئۆزىنىڭ نېمىلەرنىدۇر تارتىۋاتقان كۆڭلىنى قەيەرلەرگىدۇر كۆمۈپ قويۇپ، تائامىنىڭ سىزگە ياقىدىغىنىنى پىشۇرسا، سىز ئامراق چاينى دەملىسە، سىزنىڭ دىتىڭىزغا ماسلىشىپ داستىخان بېزىسە! بۇ سىز ئۈچۈن ئاسمانى مۇكاپات ئەمەسمۇ، بۇرادەر؟

«بەرگەن تەڭرىگە يېقىپتۇ» دېگەن نەقىل بار. ئايال

ھۇزۇرنى يۇقۇتۇپ سىزگە ھۇزۇر بېرىۋاتىدۇ. سىزنىڭ بۇ خۇرسەنلىكىڭىزدىن تەڭرىمۇ خۇرسەن. ئەمما بەندىلەرنى رازى قىلىش سىزنىڭمۇ يەلكىڭىزدىكى يۈك! ئۆزىڭىزمۇ ئايالىڭىزدەك مېھمانلىرىڭىزغا يارىشا ئۇنى خۇشال قىلىشنى ھەر قېتىم يۈرىكىڭىزگە تۈگۈپ قويۇڭ، بۇرادەر!

دانالارنىڭ «ئايالالارنى پەقەت ئۇلۇغ ئادەملەرلا ھۆرمەت قىلىدۇ» دېگەن جۈملىسىگە ئېتىبار قىلىڭ. ئەھلى ئايالىغا ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىدىغان ئەرلەر ئىنتايىن كۆپ. ئەمما ياخشى ئايالالارنىڭلا ھۆرمەتلىنىشى تېخى چوڭ ساۋاب ئەمەس. «كاسىنىڭ تېگىدە يېرىم كاسا» دېگەندەك، بۇ جۈملىدە نازۇك بىر ئىشارە، يەنى «كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان ئايالنىمۇ ھۆرمەت قىلىشنى بىل» دېگەن مەنا ياتىدۇ!

تىلى يۇگۇرۇك، پېئىلى تىز ياكى تۇتۇمى يامان ئايال ئەڭ خۇنۇك ئايالدۇر. مېنىڭ ياكى باشقا كىمنىڭدۇر ئۇنى شۇنداق ئاتىشىمىز، يامان كۆرىشىمىز مۇمكىندۇر. ئەمما، ھۆرمەتلىك ئەر، سىز ھەرگىز بۇنداق قىلالمايسىز! ئىچىڭىزدە يامان كۆرۈپ تۇرسىڭىزمۇ، ئۇنىڭغا يامانلىق كۆرسەتمەڭ. بۇ ئىنساپسىزلىقتىن ئەمەس، تەڭرىمۇ رازى بولماس! سەۋەبى، خىرەلىشىپ قالغان كۆزنى ئويۇپ تاشلايمىز، ئاقساۋاتقان ئاياقنى كېسىپ تاشلايمىز، چۈنكى ئۇلار شۇ تۇرشىدىمۇ سىزگە كېرەك. بۇ بىرىنچىسى. ئىككىنچىدىن، ئاياقلىرىڭىز گۇرسىلدىگەن، كۆزلىرىڭىز چاراقلىغان ئىدى، ئۇلار سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە شۇنداق ھالغا كەلدى! سىزگە مەقبۇل بولماي تۇرغان ئايالىڭىزمۇ تىرىكىڭىز، سىز ئۇچۇن پەيدا بىر جاندۇر. ئىنچىكىلەۋەرسەڭ، ئۇمۇ بىكارغا بەدپېئىل بولۇپ قالمىغان!

ئايال سىزگە ياقمىغان ئەلپازدىمۇ قازىنىڭىزنى ۋاژىلدىتىپ،

چىرىغىڭىزنى يېقىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئۆتىڭىزدىن كىرىپ، سۆيىڭىزدىن چىقىۋېرىدۇ. ئېغىرئاياغ ھالىتىدىمۇ شۇنداق، تىنىمى يوق. ئىچىدىكى بالىسى ئۇنىڭ ئۆپكە-جىگىرىگە بۇدۇشقاقتەك يېپىشىپ، باغرىدىكى بار ھېغىزىنى شۈمۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئاياغلىرى بوشىشىش (بىكارغا «ئېغىر ئاياق» دېمەيدۇ)، بېلى ئۈزۈلەي دېسىمۇ، يېنىۋالمايدۇ. ئائىلىنىڭ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىۋېرىدۇ! سىزنىڭچە، ھۆرمەت ئۇنىڭغا بولماي، كىمگە بولسۇن؟!

«كۆزى يورىدى» دەيدۇ ۋە بىكارغا ئۇنداق دېمەيدۇ. پەرزەنت كۆرۈش جەريانىدا ئايال قاراڭغۇ گۆرنى كۆرۈپ قايتىدۇ، «يا ھايات، يا مامات» دەپ قىلىچنىڭ بىسىدەك قىل كۆرۈكتىن ئۆتىدۇ. كۆزى يورۇۋاتقاندا، ئايال سۆڭەكلىرىنىڭ قىرسىلداپ سۇنۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، گۆش تالالىرىنىڭ ئۈزۈلۈۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرىدۇ. جېنى كۆز چانقىدىن چىقاي دەپ تۇرسىمۇ، «دوختۇر، قانداق قىلىپ بولمىسۇن بالامنى تىرىك ئېلىڭ» دەپ پەرياد ئۇرىدۇ! ئۆزۈم نېمە بولمەن، دېيىش يوق! ئېيتىڭچۇ، بۇرادەر، ھۆرمەت پەقەت ئۇنىڭغا بولماي كىمگە بولسۇن!

بالا ئانىنىڭ ھەممە ئەزاسىدىن ئۈزۈپ-يۇلۇپ ئېلىنىپ، شەكىللەنگەن ۋۇجۇدتۇر! ئۇ تۇغۇلغاندا قوللىرى مۇشت ھالەتتە بولىدۇ. قاراڭكى، بالا چۈشىمۇ ئانا قورسىقىنىڭ ئاغرىق نەملىرىنى چاڭگاللاپ چۈشىدۇ. يەنە بىر مۆجىزىنى كۆرۈڭ، ئەگەر بالا تۇغۇلغان ھامان ئانىسىنىڭ قورسىقىغا دۈم ياتقۇزۇپ قويۇلسا، تېخى كۆزلىرى ئېچىلماي تۇرۇپ، سىلاپ-سىلاپ ئانا كۆكرىكىنى ئۆزى تاپىدۇ ۋە ئەممەككە تۇتۇنىدۇ!

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۈت ئاق رەڭدىكى قان ئىكەن. دېمەك، بالا تۇغۇلغان ھامان ئانىنىڭ قېنىنى شۈراشقا چۈشىدۇ!

پەرزەنتىنىڭ «شىرىن دۈشمەن» ئىكەنلىكىنىڭ دەسلەپكى مىسالى شۇ! بالىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش دېگەن جەڭگاھ ھەر بىر ئانىدىن ئۆزىنى قۇربانلىققا ئاتىۋېتىشنى سورايدۇ. قايىل بولۇڭكى، بۇ يولدا ياخشى ئايالمۇ، يامان ئايالمۇ جېنىنى بىردەك تىكىدۇ!

ھەزرىتى ئەركەك! ئايال سىزنىڭ پىلىكىڭىزنى كۆپەيتتۈرىمەن دەپ ۋەيرانىغا ئايلىنىدۇ! ئۇ سىزنىڭ نامىڭىزنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن جېنىدىن كېچىشكە تەييار تۇرىدۇ! بۇ پىدائىي جان كەمچىلىكى ئېشىپ تېشىپ كەتكەنىدىمۇ، مىڭ ئەمەس، مىليون ھۆرمەتكە لايىق ئەمەسمۇ؟!

نۇقسانى بار ئايالىڭىزمۇ ئايالىق ھۆرمىتىنى جايىغا قويغان ئەركەك — يىگىتنىڭ ياخشىسىدۇر! تەڭرى رازىلىقى ئۈچۈنمۇ ئاسراڭ ئايالنى! بۇ خاكسار ئايالغا قاتتىق تەگمەكچى بولغان قولىرىڭىزنى ئۆزىڭىز سوتلاڭ! ئۇنىڭغا ئازار بېرىدىغان سۆزلەرنى ئاتماقچى بولغان تىلىڭىزغا ئوتلارنى بېسىڭ! ئۇنىڭ تېنىنىڭ ساقلىقنى ئويلىمىغان كۆڭلىرىڭىزنى قارا دەپ ئاتاڭ! ئايالىڭىزنىڭ تولماي تۇرغان كۆڭلىنى ۋە ئاغرىپ تۇرغان جېنىنى چۈشىنىشنى بىلىڭ. ئۇلۇغلىغىنىڭىز شۇ، ئەزىزىم!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئايالىڭىزنى ھۆرمەت قىلىڭ

ئايالنىڭ ئەتراپىڭىزدا پايپېتەك بولۇشىمۇ مۇھەببەت ئىزھارى ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۆمۈر يولداشلىق يۈزىسىدىن سىزنىڭ ساق ۋە خۇشال بولۇشىڭىز ئۈچۈن قايغۇرماقتا. بۇ ئىشلارنى ئۇ پەرز دەپ بىلىدۇ. ئەركەكنىڭمۇ ئائىلىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشى ئايالنى ساغلام ئاسراشتۇر. دەيمىزغۇ، ۋەتەن- مۇقەددەس دەپ. ۋەتەننى بالا- قازادىن ھىمايە قىلىش ئەركەكنىڭ شانى، قىيامەت قەرزى! ئايالىڭىز بولسا باللىرىڭىزنى ئۆز ئۇستىخانلىرى ئارا ئۈندۈرۈپ، ئۆستۈرىدىغان ئىككىنچى ۋەتەندۇر! ئەمما ۋەتەننىڭ خۇنۇك- چىرايلىقى، ياخشى يامىنى بولماس. ئەگەر سىز بار جايدا ئۇ خاراب بولسا، سىزنىڭ تىرىكلىكىڭىز يالغان! بالىڭىزغا باغرىڭىز ئېچىشسا، ئاتىلىقنى جايىغا قويىمەن دېسىڭىز، ئانىسىنىڭ جېنىنى ھۆرمەت قىلىڭ!

ئەما.. بۇ ئار- نومۇسنى ۋە غۇرۇرۇڭنى ئايالىڭغا قۇربان قىل دېگەنلىك ئەمەس! «ئەركەك كىشى ئايالدىن ئۈستۈن رەھبەردۇر» دېيىلىدۇ يەنە مۇقەددەس كىتابلاردا.

رەھبەر — تەمىنلىگۈچى، رەھبەر — ھىمايە قىلغۇچى، رەھبەر — ئىش تەقسىملىگۈچى، جۇملىدىن، نازارەت قىلغۇچى!

رەھبەر يەنە سەنئەتكارانە ئىش تۇتۇشى ۋە مۇلايىم، ئۇچۇق ياكى ئېغىر ـ بېسىق قىياپەتكە كىرىشنى بىلىش كېرەك . ياراتقۇچى ئايالنى ئۆز جۈپتى بىلەن يەنە شۇنداق قىياپەتتە تۇرۇشقا ئېھتىياجمەن ياراتقان، بۇ ياراتقۇچىنىڭ خاھىشى! ئەر ئاشۇنداق بولالمىسا، تەڭرىنىڭ ئىزنىسىدىن چىققان بولىدۇ ۋە جازاسى تەيىندۇر!

ھاياتقا بىر نەزەر سالساڭ، ئايالنىڭ كۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرىدىغان، ئايالنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنى دەرھال بېجىرىدىغان ئەرلەرمۇ باردۇر. ئەمما، بۇ ئەرنىڭ ئايالى ئېرىگە نىسبەتەن نالايىق بولىدۇ. ئېرى كۆرسىتىۋاتقان پىدائىيلىقلارنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئەمەس، ئىرىنىپقىنا قوبۇل قىلىدۇ. كۆرۈۋاتامسىز، ئەر ئۆز مېھرىگە يارىشا مېھىر ئالالماي تۇرۇپتۇ ۋە ئالالمايدۇ ھەم! چۈنكى ئۇ ئەتراپتىكى باشقا قەررزلىرىنى ئۇنتۇش ھېسابىغا ئايالغا ئارتۇقچە بېرىلدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ ھەزرەتلىكىنى ئۇنۇتتى: ئۇنىڭغا جۈپتى بىپىسەنت بولسىمۇ، «ھۆرمەت» كۆرسىتىۋېرىدۇ! بولۇپمۇ رەھبىرانە مەغرۇرلۇقنى ئۇنتۇپ، ئايالغا يۈرىكىدىكى بارىنى تۆكۈپ تاشلاۋېرىدۇ! بۇنداق كۆڭگە قالغان ئەر بولسا ئايالنىڭ نەزىرىدە بىردىن ۋىجىكلەپ، پەسلەپ كەتكەندەك تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ!

ئۇنۇتماڭكى، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرى ئۈچۈن ھەرگىز باش ئەگدۈرۈلگەن چوققىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. بولمىسا، بىر ـ بىرىدىن زېرىكىشكە باشلايدۇ. ئەر بولغۇچى باش ئېگىپ، ئىزھارى مۇھەببەتكە چۈشتىمۇ، تامام، ئايالدا كىبىر ئويغىنىدۇ ۋە ئۆزى بىلمىگەن ھالدا جۈپتىدىن سوۋۇپ بارىدۇ .

ئائىلە ئەر كىشىنى سىنايدىغان جەڭگاھ. يىگىتلەر، قۇلىقىڭىزغا قۇيۇۋېلىڭ، بازار ۋە ئۆينىڭ خوجايىنلىق ئىشلىرى پەقەت سىزدە

بولسۇن. ئائىلىنىڭ كوچا بىلەن پۈتىدىغان ھەممە مەسىلىلىرى سىز ئارقىلىق پۈتسۇن. مىڭ كويگە چۈشسىڭىزمۇ، شۇلارغا يارىڭ! ئايالىڭىز بۇ ئىشلارغا خۇشتارلىقنى بىلدۈرسىمۇ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىڭ، ئەمما مەيدانغا ئۆزىڭىز چۈشۈڭ. ئەركەكچە تۇرمۇش دېگەن ئەنە شۇ. ئەگەر سىز بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسىڭىز، تۇرغان گەپكى، بۇ يۈك ئايالغا قالىدۇ.

پەرمانبەردارلىق ھەمىشە ئىشنى جايىدا قىلىدىغان كىشى تەرىپىدىندۇر. ئەگەر سىز بەش ئەزايىڭىز ساق تۇرۇپ، ئەھلى ئايالىڭىزنى ئىسسىق-سوغۇقتىن، سىناق ۋە خەتەردىن ھىمايە قىلالمىسىڭىز، قازىنىنى قايناتالمىسىڭىز ئۆز-ئۆزىدىن ئائىلىدىكى ئورنىڭىز پەسىيىپ بارىدۇ! ئەمدى ئايالنىڭ ئورنى ئەمرى پەرمانغا، سىز بولسىڭىز ئىتائەتكە ئۆتىسىز! بۇمۇ ھالاكەت! بۇ دېگىنى ئايالىڭىز ئىزنىڭىزدىن چىقتى، دېمەك، سىندىڭىز! ئايال ئائىلە ھارۋىسىنى تارتىشتا مەيداندا يالغۇز قالدى، جۆپتى تىرىك تۇرۇپ، ئالا خورجۇننى يەلكىسىگە ئالدى، ئۆكسىدى، غېرىبلاشتى دېگىنى! ئەمدى ئۇنىڭ ئاھى تۇتىدۇ سىزنى!

ناۋادا، تاپارمەن-تۇتارمەنلىكىڭىز ياخشى دەيلى، ئەمما ئايالىڭىز سىزگە ئىش بۇيرۇپ تۇرسا، جاۋىلداپ تەنبىھ بەرسە، ئۆز ئىززىتىڭىزنى ھىمايە قىلالمىسىڭىز، ئۇنىڭ ئېغىزىنى يېپىش ئۈچۈنمۇ ئېيتقىنىنى بىجىرىۋەرسىڭىز، بۇنداق ئائىلىمۇ خەتەرگە تۇتۇلىدۇ! قىزلىرىڭىز بارغان جايلىرىدا ئەرلىرىنى خار قىلىدۇ، كېلىنىڭىز ئوغلىڭىزنىڭ يەلكىسىدە ئولتۇرىدۇ! ئايالغا ئورۇنسىز ئىتائەتكارلىقنىڭ جاۋابى بۇ!

ئەرلەرنىڭ ھەر ئۈچ خاتالىقنىڭ ئىككىسى ئاياللار تۈپەيلىدىندۇر. ئايالىڭىز ھەق رازى بولىدىغان ئىشلارغىلا يېتەكلىسە،

مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىڭ. ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن چاي ئۇزىتىپ، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ماختاپ تـۇرۇپ، مــال ـ دۇنياغــا، شــان ـ شۆھرەتكە ھېرىس قويدۇرمايۋېتىپتىمۇ؟ ئاكا ـ ئىنىلىرىڭىزغا، قولۇم ـ قوشنىلارغا گىژ ـ گىژلىمايۋېتىپتىمۇ؟ ئانىڭىزدىن ئارازلاشقا، ئاتىڭىــز ئۆلمەي تۇرۇپ مىراس تالىشىشقا سىزنى سازلاپ قويمــايۋېتىپتىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق تەسىردە بولسىڭىز، ھالاكەتكە ئۇچرىغىنىڭىــز شــۇ! بۇنىڭ بىلەن تەڭرى بەرگەن بۈيۈك نېمەت ئار ـ ۋىجدان ۋە قــان ـ قېرىنداشلاردىن جۇدا بولدىڭىز. ئەمدى سىز ياشاۋېرىسىز، يۈرىكىڭىز سوقۇۋېرىدۇ. ئەمما، قوڭغۇراقلىق سائەتكە ئايلانــدىڭىز. ئايالىڭىــز كۆرسەتكۈچىڭىزنى نەچچىگە توغرىلىغان بولسا، ئاشۇ ۋاقىتتا خاتاسىز جىرىڭلاشنى بىلىسىز، خالاس!

ئېسىڭىزدە بولسا، مۇقەددەس كىتابلاردا: «ئايالىنى ئۇلــۇغ ئادەملەرلا ھــۆرمەت قىلىــدۇ» دېيىلــگەن ئىــدى. يەنە ئەســلەپ قېلىڭكى، ئايالىنى ھۆرمەت قىلغان ئادەم تېخــى ئۇلــۇغ ئەمەس، ھۆرمەت قىلىش تەرزىــنى بىلــگەن ئــادەم ئۇلۇغــدۇر. جەمئىــي ئەركەكلەرگە ئۇلۇغلۇق تىلەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيسى

# ئائىلىدە بىرلىك بولسۇن

تۇرمۇش قۇرۇش ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئائىلە تەشكىل قىلىپ، بىرلىكتە ياشاش، بىرلىكتە بالا تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۆز ئارا قۇرغان ئەھدۇ ـ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاجرىشىش ئۇشبۇ ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئائىلە تەشكىل قىلىپ بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ بىرلىكتە ياشاش ئۈچۈن بىرىنچى شەرت ـ ئائىلە قۇرۇۋاتقانلار ئارىسىدا بىرلىكنىڭ بولۇشىدۇر. چۈنكى تۇرمۇش قۇرۇش بىر ـ ئىككى كۈنلۈك سەپەر ئەمەس، بەلكى ئۆمۈر بويى بىر ـ بىرىگە يولداش بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. تەبىئىيكى بىرلىك بولمىسا بىرگە ياشىماق مۇمكىن ئەمەس. ئۆمۈر بويى بىر ـ بىرىگە كىنە ـ ھەسەت قىلىپ ياشاش ۋە بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن ئىنسان بالىسىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەردە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدا بىرلىك بولمىسا، ئۇنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھەر قانچە ھەرىكەت قىلسىمۇ ئۈمىد كۆرۈلمىسە، بىر ـ بىرىدىن ئاجراشماقلىرى ھەققىدە قانۇن تەرىپىدىن رۇخسەت بېرىلىدۇ. بىر ـ بىرىگە زىت بولغانلىقلىرىدىن كۈچلۈك ئازاب ئىچىدە ياشىغاندىن كۆرە، قانۇن يولى بىلەن ئاجراشماق ۋە ھەر بىرى ئۆز بەختلىرىنى سىناپ

كۆرمەكنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىگە شۇبھە يوقتۇر. تالاق ۋە ئاجرىشىش ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەبىئىي بىر ئىش بولۇپ، ھەر قانداق قوۋم، ھەر قانداق مىللەتتە مەۋجۇتتۇر.

بەزى ھاللاردا ئەر بىلەن ئايالدىن بىرى بۇزۇق يولغا كىرىپ بەتنامىلىق يۈز بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئادەملەر نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن نەسلى-نەسەبى مەسخىرىدە قالىدۇ. بۇنداق بالالار يۈز بەرگەندە ئاجرىشىش يولى بىلەن ئىككىنچى تەرەپ ئۆزىنىڭ شاراپىتىنى ساقلايدۇ. ئەمما، ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتتىن قارىغاندا ئاجرىشىش يامان ئىشتۇر. چۈنكى ئاجراشقان ئايال ئەگەر بارىدىغان جايى، ئىنساپلىق بىرەر قېرىندىشى بولمىسا كوچا-كويدا قالىدۇ ياكى ھەر تۈرلۈك ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالىدۇ، ئاخىر بېرىپ مەئىشەتخانىدا كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس. شۇڭا، ئاجرىشىش سەۋەبىدىن تىلەمچىلەر كۆپىيىپ، پاھىشىلەر ئاۋۇيدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى مىللىتىمىز ئۈچۈن زەھەرلىك مىكروبلار ئىكەنلىكى مەلۇم. ئاجراشقان ئايالدىن بالا تۇغۇلسا، ئىش يەنىمۇ مۇشكۈللىشىدۇ. چۈنكى ئاجراشقان ئايالنىڭ بالىلىرى ئاتا-ئانىلىرى سالامەت بولغان ھالدىمۇ يېتىم بولۇپ ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. كۆپ ھاللاردا ۋاپات بولغان ئايالدىن قالغان بالىلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلگەن ئانا مېھرىبانلىق بىلەن تەربىيە قىلسىمۇ، ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالنىڭ بالىلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق بالىلار ھېچكىمدىن تەربىيە ئالماي، پەزىلەت ئۆگەنمەي، ئەخلاقسىز بولۇپ يېتىلىدۇ. بۇلار بەختسىز نىكاھنىڭ زەرەرلىرىدۇر.

بەزىلەر ئاياللار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئەرلەرنىڭ مەسئۇل بولمىغانلىقىنى، ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالىنى سۆيۈش ياكى دۈشمەن

كۆرۈشتە، قىيناش ياكى ئاجرىشىشتا ئىختىيارلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىشىدۇ. بۇلارغا نىسبەتەن ئايال ئەرنىڭ قولىدا مىسالى جانسىز بىر تاياق ئورنىدا بولار ئىمىش. بۇنداق قاراش بىزنىڭ خەلقىمىز، ئاۋامىلىرىمىز ئارىسىدا مەشھۇردۇر. لېكىن بۇ خاتا ئېتىقادتۇر. بۇنداق خاتا پىكىرلەر ۋە قۇرۇق سۆزلەرنىڭ تارقىلىشى خەلقنىڭ ئارىسىدا ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە، ئەھكاملارنى ئېنىق يەتكۈزگۈچىلەر، ئۆلىمالارنىڭ زېھنىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەخلاقلىرىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ ئازلىقىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئائىلە ئەھۋالى ئېغىر ھالدا ياماندۇر.

بىر خوتۇننى ياخشى تەربىيىلەپ ئاسراشقا كۈچى يەتمىگەن ئەھۋالدا، ئىككىنچى، ھەتتا ئۈچىنچى خوتۇن ئالغۇچى، پەرىشتە كەبى ئايال بولۇپ تۇرۇپ، پاھىشىلەر ئارىسىدا ئۆمۈر ئۆتكۈزگۈچى، كىچىك بالىسىنى ھارۋا بىلەن تارتىپ يۈرۈپ ئۇرما ئورىغۇچى ئايالىنى قىزىل قانغا پاتۇرۇپ قىيىنغۇچى، كەشىنىڭ بوغقۇچىنى يېشەلمىگىنىگە قىزىرىشىپ بالىلىرىنى ئانىسىدىن ئايرىۋەتكۈچى، پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلارغا ياش قىزلارنى نىكاھلاپ بەرگۈچى، مىراس بۆلۈش ئۈچۈن تۇغقانلىرى بىلەن ئۆمۈرۋايەت دۈشمەن بولغۇچى كىشىلەر بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېسابسىزدۇر.

پۈتۈن قىشلاق، شەھەرلەردە يېتىم بالىلار، پەقىر تىلەمچىلەرنىڭ تولىلىقى ئائىلىلىرىمىزنىڭ بۇزۇقلۇقىدىندۇر.

بىزدىكى ئەدەب ـ ئەخلاق قائىدىلىرى كىشىلەرنى ئەپۇ قىلماق، كىشىلەر بىلەن ئىناق ئۆتمەك، ئومۇمەن ئادەم بالىلىرى بىلەن گۈزەل مۇئامىلە قىلماق، ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ رەھىمدىل بولماقلىقنى

بۇيرۇيدۇ. ئەمما، بىزدە ساپ كۆڭۈل، مەرھەمەتلىك ئاياللار ھەققىدە يىرتقۇچلارغا قىلىنمىغان مەرھەمەتسىزلىكلەر قىلىنماقتا. «ئايالىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تالاق قىلىمەن» دېگۈچىگە ھەزرىتى ئۆمەر «ئايالىڭنى سۆيمىسەڭ نىكاھقا ۋاپا، رىئايە قىلىش يوقمۇ؟ يوق بولسا، دۇنيادىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچى مۇھەببەت بىلەن تولغانمۇ؟» دەپ تەنبىھ بەرگەنىدى.

ئاياللارغا ۋاپادار، شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك بولۇش ھەر بىر ئەركەك قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بالىلارنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىشتا سالماق بولۇڭ

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا توي قىلىشتىن بۇرۇن ياخشى ئانا ۋە ياخشى ئاتا تاللاش (ياخشى قىزغا ئۆيلىنىش ۋە ياخشى يىگىتكە ياتلىق بولۇش)، بالىلارغا ياخشى ئىسىم قويۇش، سۈننەت قىلدۇرۇش، ئىنتايىن ياخشى تەربىيە بىلەن چوڭ قىلماق ئاتا ـ ئانىنىڭ بۆيۈك ۋەزىپىلىرىدىندۇر.

ئوغۇللارنى ئۆيلىگەندە قىزنىڭ بىلىمى، ئەقىدىسى يۇقىرى بولۇشى لېكىن پۇل مال دۇنياسى ئازراق، نەسەبى تۆۋەنرەك بولۇشىنى تۇتقا قىلىش لازىم. ئاتا بولغۇچى ئىمكان بار دائىرىدە ئۆزى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەرنى قۇدا بولۇشقا تاللىشى لازىم. ئەگەر ئوغۇل لايىقى بارلىقىدىن شەپە بەرسە قىز تەرەپنى يۇقىرقى شەرتلەر بىلەن ئويدان تاللىشى ھەرگىزمۇ ئوغلۇمنىڭ كۆڭلى يەردە قالمىسۇن دەپ كەلگۈسىدىكى بىر ئائىلىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى يەرگە ئۇرماسلىقى لازىم. چۈنكى دۇنيادا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى كەچۈرۈش مۇمكىن بىراق ئەقىدىنى، ئاتا ـ ئانىنى، نىكاھنى خورلىغانلارنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ.

بۇلۇپمۇ قىز بالىنىڭ لايىق تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغىنى ئۈچۈن ئاتا ئانا بولغۇچى ئەقىدىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك يىگىتلەرگە ياتلىق قىلىشقا تىرىشىشى بەكمۇ زۆرۈر. قىز بالىنى ئەرگە بېرىش ۋاقتى كەلگەندە مال ـ دۇنياسىز، مەنسەپسىز بولسىمۇ دىيانەتلىك، تەقۋادار، تەربىيىلىك كىشىگە بېرىشكە ھەرىكەت قىلىش ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەخلاقلىق كىشىلەر ئايالنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە جاپاغا سالمايدۇ. مال ـ مۈلۈك، مەرتىۋىگە كۆز تىكىپ ئېتىقادى بۇزۇق، ئەقىدىسىز، ئىمانسىز كىشىلەرگە قىز بەرمەك مۇناسىپ ئەمەستۇر. مال ـ دۇنياسى نەقەدەر كۆپ بولسىمۇ، دەرىجىسى نەقەدەر بۈيۈك ھېسابلانسىمۇ، پەزىلەتسىز، ئېتىقادسىز كىشىلەر ئاخىرەت ئىلمىگە كۆرە يوقنىڭ ئورنىدىدۇر.

باللارنى ئۆيلەندۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا باقماسلىق توغرا بولمىغاندەك، تامامەن ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپ بىر چەتتە كۆرەرمەن بولۇپ تۇرماقمۇ مۇناسىپ ئەمەستۇر. چۈنكى تامامەن ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەندە ياشلىق قىلىپ ئادىشىشلىرى، ئۇنىڭدىن غاپىل بولۇپ كېيىن پۇشايمان قىلىشلىرى مۇمكىن.

زۇلۇم بىلەن بولغان نىكاھتا كۆڭۈللەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغانلىقتىن، يىگەن ـ ئىچكىنى زەھەرلىك بولار. باللارنىڭ سائادىتى تەلەپكە ماس بولغىنىدا زورلاپ نىكاھ قىلماق راۋا ئەمەس. زۇلۇم بىلەن بولغان نىكاھنىڭ كۆپرەك سەۋەبى قىزلىرىنى بايلارنىڭ ئايالى قىلماق نىيىتىدە قېرى بايلارغا بېرىشتۇر. لېكىن سائادەت ھېچقاچان مال بىلەن سېتىپ ئېلىنمايدۇ. تەربىيىلىك قىزلارنى تەربىيىسىز بايلارغا بەرمەكلىك سائادەتلىك نىكاھ ئەمەس، بەلكى مالنى دەپ ۋۇجۇدنى ساتماقتىن ئىبارەتتۇر.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

قانۇن ۋە ئەخلاق كۆرسەتملىرىگە نىسبەتەن جايىدا بولغان نىكاھ ھەر تەرەپنىڭ رازىلىقلىرى ۋە سۆيۈنۈشى بىلەن بولغان نىكاھتۇر. ئەگەر باللار تەجرىبىسىزلىكى سەۋەبىدىن ئاتا ـ ئانىلار مۇۋاپىق كۆرگەن كىشىگە نىسبەتەن مەمنۇنىيەتسىزلىك ئىزھار قىلسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى شۈبھىلەرنى توغرا سۆز بىلەن تۈگىتىش، مۇرادىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش لازىم. ھەر قانچە بولسىمۇ باللارنى زۇلۇم بىلەن نىكاھ قىلماقلىق راۋا ئەمەستۇر، چۈنكى باللار بىراۋغا ساتىسا بولىدىغان مال ئەمەس.

تەربىيە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە تەڭ، بىر ـ بىرىنى خالىغان يىگىت ـ قىزنىڭ نىكاھىغا پەقەتلا كەمبەغەللىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ رازىلىق بەرمىگەن ئاتا ـ ئانىلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئەخلاقى گۈزەل كىشىنىڭ كەمبەغەللىكى ئەيىب ئەمەستۇر. مالسىز ئادەم ئادەمسىز مالدىن خەيرلىكتۇر.

# ئائىلىدىكى گۈزەل مۇناسىۋەت

ئائىلىنىڭ راھەتلىك، بالىلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ۋە ياخشى نام قالدۇرۇشنى نىيەت قىلغان ئەر بىلەن ئايال ھەر ۋاقىت ئىتتىپاق ياشىشى لازىم. ئەر بىلەن ئايال ئىناقلىقتا بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت بىلەن ياشىسا، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئىنساپ بىلەن ياشايدۇ.

بەزى چاغلاردا كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئارىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇچقۇندىن تۇتاشقان ئوت كەبى زورىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە ۋاقتىدا ئالدىنى ئالماي، پىتنە قوزغىتىپ چوڭايتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەر ئىككىسى ئەيىبداردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە ئازغىنا ئىختىلاپ ئالامىتى سېزىلسە، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي ھەر ئىككى تەرەپ كېلىشىش يولىغا كىرىش لازىم. پۈتۈن نەرسە كۆيۈپ كۈل بولسىمۇ ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسى تۈزۈك بولسا ھەسرەت يۈز بەرمەس. چۈنكى بۇنداق ئىشلار ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، گۈزەل مۇناسىۋەتنىڭ راھىتى بىلەن ئۇنتۇلار. ئەمما، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق كۆيسە، بۇنىڭغا چارە يوقتۇر.

ئەر بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىغا شەپقەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر خادىم ئەمەس، بەلكى رەپىقەم دېگەن نەزەردە قارىسا، ئايالىمۇ ئېرىنى مەرھەمەتلىك ھامىيسى بىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئاياغ-ئاستى قىلمىسا، ئىككىسى بىر ئېغىزدىن سۆزلەپ، بىر قۇلاق بىلەن ئاڭلىسا، بىرگە قايغۇرۇپ، بىرگە شادلانسا، ئەلۋەتتە بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببەتلىرى كۈچىيىپ ئارىدىكى ئىتتىپاقلىق بىناسى مەھكەم بولىدۇ. ئەكسىچە، ياخشى ياشاش ھەققىدە قولىدىن كېلىدىغان ئىنتىلىشنى قىلمىسا، تەقدىردىن رەنجىپ بىر-بىرىگە ئەيىب يۈكلەشنىڭ ئۆزى ئادىمىلىكتىن ئەمەس.

ئەقىللىق ئەرلەر ئاياللارنىڭ كۆڭلىنىڭ نازۇك، غەمكىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارنى مۇشەققەتلەردىن ھىمايە قىلار. يوق ئەيىبلەرنى ئىزدىمەي، كۆرۈلگەن ئەيىبلەردىن مۇمكىنقەدەر كۆز يۇمار. ھورۇنلۇق، ئىشسىزلىق بارلىق يامانلىقلارنىڭ ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالنى ئىشسىز قويماس، ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىشكە كۆپرەك ئېتىبار بېرەر. خەۋەرلەردە: «ئاياللار بىلەن يېتىملەر ھەققىدە تەڭرىگە ئىبادەت قىلىڭلار»، «سىزنىڭ خەيرلىك بولغانلىقىڭىز ئاياللىرىڭىز بىلەن قىزلىرىڭىزغا خەيرلىك بولغانلىقىڭىزدۇر»، «مۆمىنلەرنىڭ كامىل بولغانلىقى ئايالى بىلەن گۈزەل مۇئامىلىدە بولغانلىقىدۇر» دېگەن مەزمۇندا ۋەسىيەتلەر ئېيتىلغاندۇر.

تەربىيىلىك ئايال ئېرى تەرىپىدىن بېرىلگەن نەرسىلەرگە قانائەت قىلىپ، باشقىسىنى ئارزۇ قىلماس، ئېرىنىڭ ھۇزۇرىدا پاك، گۈزەل يۈرەر، ھەر قانداق كېرەكلىك نەرسىلەرنى ۋە ھەر بىر سىرىنى ئېرىگە ئېيتار، ھەر قاچان ھۆرمەت، ئىتائەت بىلەن بولار،

تەربىيىگە خاس بولمىغان سۆزلەرنى قىلىدىغان ئائىلىلەرنى ئۆيىگە يولاتماس، ئۇلار بىلەن ھەر قانداق مۇناسىۋەتتە بولماس، چۈنكى ئۇنداق ئائىلىلەر ئائىلىلەرنى ئەمەس، ھەتتا شەھەرلەرنىمۇ خاراب قىلار.

دۇنيادا ئەڭ بۈيۈك سائادەت گۈزەل تۇرمۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلىش توغرا ئەمەس. ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولغان ئەل مۇتەۋەككىل ئىبنى جەفەرگە بىراۋ: «يەر يۈزىدە سىزدىن بەختلىك ئادەم بولماس» دېگەندە، خەلىپە: «خاتا سۆزلىدىڭىز، گۈزەل ئۆيى، ياخشى ئايالى، ياخشى تۇرمۇشى بولغان كىشى بىزلەرگە نىسبەتەن بەختلىكتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

# ئائىلە ۋە دۇنيا

ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن دېھقانچىلىق، سودىگەرچىلىك ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك كەبى رىزىق سەۋەبلىرىدىن بىرەر تۈرى لازىم بولىدۇ. ئائىلە ئۆزىگە مۇۋاپىق كۆرۈلگەن كەسىپلەردىن قايسى بىرىنى بولمىسۇن تاللىشى كېرەك. ئەمما، ھايالىق، گۈزەل مۇئامىلە، ئىقتىسادچىل بولماق شەرتتۇر.

ئىقتىسادچىل بولۇش — پايدىسىز يەردە پۇل سەرپ قىلماسلىق دېمەكتۇر. لازىم بولمىغان يەردە بايلىق سەرپ قىلماقلىق ئەقىلسىز، ئاچ كۆز، شۆھرەت ئۈچۈن سەرمايىنى سورىغۇچى ئەخمەقنىڭ ئىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھال ئائىلىگە مۇناسىپ ئەمەس. ئادەم بالىسىغا كەسىپ-ھۈنەر ئۆگىنىش بۇيرۇلغاندۇر. «مەڭگۈلۈك دۇنيانىڭ، ئەتىكى ئاخىرەتنىڭ ئۈچۈن كەسىپ ئىگىلە» دېگەن گەپلەر بار. كەسىپ تاللىماق، ئىشلىمەك ئادەم بالىسىنىڭ سالامەتلىكى ۋە كۆڭۈلنىڭ ساپلىقىغا سەۋەبتۇر. ھورۇن كىشىلەر، بۇزۇق يەرلەردە يۈرگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ، ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

كەسىپ ئەگەر تەڭرىگە ئىتائەت قىلماق، بالىلارغا ھالال نەپىقە

بەرمەك، يوقسۇللارغا ھەمدەمدە بولماق، ئىلىم يولىغا ياردەم قىلماق نىيىتى بىلەن بولسا بىر ئىبادەتتۇر.

كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئائىلىدە نىزام بولۇشى، ھەر كىمنىڭ مەلۇم بىر ئىشى، ھەر ئىشنىڭ مۇئەييەن بىر ئادىمى بولۇشى، ھەر كىم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى شاد- خۇراملىق بىلەن ئادا قىلىشى لازىم.

# ئائىلە ۋە ئۆلپەت

ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا دوستلۇق، ئۆلپەتلىك ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەك. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئۆلپەتلىك، مۇھەببەت قالمىسا، پۈتۈن دۇنيانى ۋەھىمىگە سېلىپ تۇرغان كۈچلۈك دۆلەتلەر، شۆھرەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە تۇرغان مىللەتلەرمۇ ئىنتىرازغا ئۇچرايدۇ. ئۆلپەتسىزلىك سەۋەبىدىن بۇنداق دۆلەتلەر پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئارىدا ئۆلپەتچىلىك بولمىسا، ئائىلە قانداق پۇت تىرەپ تۇرالىسۇن؟! ئارىغا دۈشمەنلىك ۋە مېھرسىزلىك چۈشكەندىن كېيىن ئۆلپەتچىلىكنى جايىغا كەلتۈرمەك مۈشكۈل بولغانلىقتىن، ئۆلپەتسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى باشتىلا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقاتماق لازىم. باشتا ھەر قانداق نەرسە ئاجىز بولغانلىقتىن ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئاساندۇر.

ئۆلپەتچىلىك ۋە مۇھەببەتكە يېقىن تۇرماق ھەممىدىن ئاۋۋال ئائىلە باشلىقلىرىغا زۆرۈردۇر. ئەگەردە ئۇلار بۇ ھەقتە ئۆرنەك بولسا، باشقىلار ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

ئەقىللىق ئايال ئېرىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا، باشقا يېقىن قېرىنداشلىرىغا، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ باللىرىغا ۋە كېلىنلىرىگە ھەر

ۋاقىت مۇھەببەت، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەرنىڭ يېقىنلىرىغا ھۆرمەت قىلماق ئەر بىلەن گۈزەل مۇناسىۋەت قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئېرىنىڭ يېقىنلىرىنى ھۆرمەت قىلغۇچى ئايال ئېرىدىن ھۆرمەت كۆرىدۇ.

بەزى ئاياللار ئازغىنا سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ قىزلىرى بىلەن كۈيئوغۇللىرى، ئوغۇللىرى بىلەن كېلىنلىرى ئارىسىنى بۇزىدۇ. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ھالدۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى بۇزۇلغان ئائىلىلەرنى تۈزىتىش بولۇپ تۇرۇپ، تۈزۈك ئائىلىلەرنى بۇزۇپ بەختسىزلىككە سەۋەب بولۇشلىرى جىنايەت ۋە ۋەھشىيلىكتۇر.

# خىزمەتكارلار، بالا باققۇچىلار، قوشنىلار، دوستلار بىلەن بولغان ئەدەپلەر

بالا باققۇچىلار بالا تەربىيىسىگە ئەڭ كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكۈچىلەردۇر. بالىلار ھەر قانداق يامان ئادەت ۋە يامان خۇلقلارنى ئۆزلىرىگە تەربىيە قىلغۇچىلاردىن ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلماق كېرەك. زامانىمىزدىكى ئەدىبلەردىن بىرى: «بىزلەرگە قارىغۇچىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭىزگە ئالغىنىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ۋەھشىي ھايۋانغا ئايلىنىپ ئورمانغا قاچماي ئىنسان بولۇپ يېتىشىپ چوڭ بولۇشىمىزغا تەئەججۇپلەنمەكتىمىز» دېگەنىدى. بالا باققۇچىلارنىڭ ياش بالىلارنىڭ زېھنىگە سالغان تۈرلۈك يالغان خەۋەرلىرى ۋە تۈرلۈك ۋەھىملىرى بالىلارنى ئەمەس، ھەتتا چوڭ، ئەقىللىق ئادەملەرنىمۇ بۇزىدۇ.

ئەدەب ـ ئەخلاق دەستۇرلىرىدا قوشنىلار ھەققى ئۇلۇغ بولغانلىقتىن قوشنىلارغا ھۆرمەت كۆرسەتمەك، كېسەل بولغاندا يادەم بەرمەك، ئائىلىسىدىكى ئاياللاردىن ئۆزىنى قاچۇرماق، مېلىغا قول ئۇزاتماقتىن ساقلانماق ـــ ئائىلە ئۈچۈن ئۇلۇغ بۇرچتۇر. قوشنىلارنىڭ ھەققى يالغۇز ئۇلارغا ئەززىيەت يەتكۈزمەسلىك بىلەن

ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە چىداپ، ھەمىشە گۈزەل مۇئامىلىدە بولماقلىق بىلەن ئادا ئېتىلۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي سېلىش، يۇرت ئېلىشتىن ئاۋۋال قوشنىلىرىنى بىلىش، ئۇلارنىڭ ھاللىرىنى چۈشىنىش لازىم. قوشنىلارنىڭ ھەققى ئۇلۇغ بولۇپ، ئۇلارغا ۋاپا قىلماقلىق توغرىسىدا ئۇلۇغلار تەرىپىدىن كۆپ ئەمىر، نەسىھەتلەر كەلتۈرۈلگەن.

ئىنسان ھالىنى تەجرىبە قىلىدىغان كىشى دوستىدۇر. بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىنى چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوست تاللىغاندا تەقۋادار، نەسەبى ئېسىل، توغرا پىكىرلىك، ئەدەپلىك، گۈزەل خۇلقلۇق زاتلارنى ئىزدىمەك، ئەگەر بۇنداق كىشى تېپىلسا ئۆلۈمدىن باشقا نەرسىنىڭ ئۇلارنى ئايرىماسلىقىغا سۆز بەرمەك لازىم.

دوست دېمەك ـــ قايغۇ ھەم شادلىقلارنى ئورتاقلاشقۇچى، ئېغىر چاغلاردا كېچەشكۈچى، ئەھدۇ پەيمانغا رىئايە قىلغۇچى دېمەكتۇر. بۇنداق بولمىغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىغا ئالدانماق، بەرگەن ۋەدىسىگە ئېتىقاد قىلماق جائىز بولماس. دوستلارنى سىنايدىغان ۋاقىت راھەتلىك كۈنلەر ئەمەس، بەلكى مۇشەققەت سائەتلىرىدۇر.

قېرىنداش، دوست، تونۇش ـ بىلىشلەرنى زىيارەت قىلىش ۋاقتى ھەر يەر، ھەر زاماننىڭ ئۆزىگە خاس مەخسۇس ئادەتلىرىگە ئاساسەن بولىدۇ. زىيارەت ۋاقتىدا ھەددىدىن ئاشماسلىق شەرتى بىلەن ئەھۋال سورىماق، سالامەتلىك ئەھۋالىنى بىلمەك ئەدەپتىندۇر. لېكىن كىر كىيىملەر ۋە مۇناسىپ بولمىغان قىياپەتتە زىيارەت قىلماق ئەيىب بولغىنىدەك، زىيارەت قىلغۇچىلارنى شۇنداق ھالدا كۈتۈۋالماقمۇ مۇناسىپ ئەمەس. مەجلىسلەردە ئەدەبىيات ياكى

ئەخلاقى ئومۇمىي ئېھتىياج ھەققىدە مۇنازىرە قىلىنسا خۇلق ـ مىجەز ئۆچۈن پايدىلىق بولار. بىر ـ بىرىنىڭ كىيىمىگە قاراپ ئولتۇرماق (بۇنداق مەجلىسلەر كۆپرەك ئاياللارغا خاس بولار) ياكى غەيۋەت قىلماقتىن ئىبارەت بولغان مەجلىسلەردىن ھېچكىم ئۆچۈن پايدا كۆرۈلمەس.

تەڭرى ھەممىمىزگە ئۆزى رىزا بولغاندەك ئېتىقاد ۋە ئەزگۈ ئىشلار قىلىشقا، گۈزەل نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ ئۇنى بەجا كەلتۈرۈشكە مەدەت بەرسۇن. ئەقىل ساھىبى بولغان ھەر بىر كىشى غەيرىيلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى تۈزىتەر، سالامەتلىك مانا شۇندىدۇر.

# خوتۇنلار بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەدەپلەر

تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، خوتۇنلارنىڭ گۈزەل خۇلق-مىجەزلىك بولۇشى سەۋەبلىك ئەرلىرىمۇ گۈزەل خۇلقلۇق بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر خوتۇنلار يامان خۇلقلۇق بولسا، ئەرلىرىنىڭ خۇلقىمۇ شۇنىڭغا قاراپ بۇزۇلىدۇ ۋە يامانلىشىدۇ. ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدا بولغان تۇرمۇش ھاياتىدا ئۆز ئارا كېلىشىش بولمىسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت، زور بىئاراملىق بولىدۇ-دە، نەتىجىدە تۇرمۇشنىڭ لەززىتى كېتىپ، خاتىرجەملىك تۈگەيدۇ. چارە-تەدبىرمۇ نەتىجە بەرمەستىن، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك پەيدا بولۇپ، بالىلارنىڭ تىنچلىقى يوقىلىپ، ئەدەپ-ئەخلاق دائىرىسىگە سىغمايدىغان غەيرىي ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش بىرىنچى بولۇپ خوتۇنلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى، ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى لازىمدۇر.

ئەرلەر بىلەن ئىناق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خوتۇنلار مۇنۇ ئىككى تۈرلۈك نەرسىنى ئېتىبارغا ئېلىشى لازىم:

بىرىنچىسى، ئەرلىرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئوبدان بىلىشى، بىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم سىنىشى ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىش كۆرۈشى لازىمدۇر. يەنى ئەر بولغۇچى كىشى قانداق ئىشلاردىن خۇرسەن بولىدۇ، قانداق ئىشلاردىن كۆڭلى قالىدۇ، قانداق ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، نېمىدىن كۆڭلى بۇزۇلىدۇ، بۇنى بىلىش، ھەر ۋاقىت ئەرلىرىنىڭ تەبىئىتىنى ئېنىق بىلىپ، ئۇلارنىڭ ياقتۇرىدىغانلىرىنى قىلىشلىرى، ياقتۇرمايدىغانلىرىنى مۇمكىنقەدەر قىلماسلىقلىرى لازىمدۇر.

ئىككىنچى، ئەرلىرىگە ئىتائەتلىك خوتۇنلار توغرىسىدىكى ياخشى خەۋەرلەرنى ھەمدە ئىتائەتسىز خوتۇنلار ھەققىدىكى يامان خەۋەرلەرنىمۇ بىلىپ تۇرۇشلىرى لازىمدۇر. شەرىئىتىمىز ئىتائەتلىك خوتۇنلارغا «ئوبدان خوتۇن» نامىنى بېرىپ، ئەمەللىرى بەدىلىگە كۆپ ساۋابلارنى تاپىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلسا، ئىتائەتسىز خوتۇنلارنى «بىشەم، لولا، ئۇياتسىز خوتۇن» دەپ ئاتاپ، دۇنيادا كۆرگەن مۇشەققەتلىرىدىن ئارتۇق ئازابلارنى ئاخىرەتتە كۆرىدىغانلىقىنى بېشارەت قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن: ئەگەر بىر خوتۇن تېگىشلىك بولغان پەرھىزلەرنى ئۆتەپ، يامان ئىشلاردىن ساقلانسا، ئېرىگە قانائەت قىلسا، ئۇنىڭ ئورنى جەننەتتە بولىدۇ، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. لېكىن ئەر بولغۇچى ئۆز خوتۇنىنى بىرەر گۇناھلىق ئىشلارغا بۇيرۇسا ياكى زورلىسا، ئايال بۇنى قوبۇل قىلماسلىقى لازىمدۇر، ئەلۋەتتە. تەڭرىمۇ گۇناھ قىلغان بەندىنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلا قوبۇل كۆرمەيدۇ.

مۇبادا، بىرەر ياخشى خوتۇن ئۇشبۇ رەۋىشتىكى بۇزۇق ۋە گۇناھلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە مەجبۇرلىغۇچى ئەرگە مۇپتىلا بولۇپ قالسا، مۇمكىنقەدەر سەۋر قىلىپ تەڭرىدىن ئېرىگە ئىنساپ ـ تەۋپىق

تىلەپ دۇئا قىلسۇن، بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمىسە، ئۇنداق ئەردىن ئايرىلىش يولىنى كۆرۈشكە قانۇن تەرىپىدىنلا ئەمەس، جەمئىيەت تەرىپىدىنمۇ رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئەرلەرگە يېقىشنىڭ شەرتلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەتتۇر: بەدەن، كىيىم-كېچەكلەرنى سېسىق پۇراقلاردىن، چاڭ-توزان ۋە مەينەتچىلىكتىن پاكىز تۇتماقتۇر. ئەرلەرنى رازى قىلىش مەقسىتىدە بۇ ئىشلارنى قىلماق ئەخلاق بابىدىمۇ ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر ئەرەب خوتۇنىنىڭ قىزىنى توي كۈنى كۈيئوغلىغا تاپشۇرغان ۋاقتىدىكى ئېيتقان نەسىھەتلىرىنى بۇ يەردە يېزىپ كەلتۈرىمىز. بۇ ئەرەب خوتۇنىنىڭ نەسىھەتلىرى بىزنىڭ قىزلىرىمىزغىمۇ ئېيتىشقا لايىقتۇر. نەسىھەتنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق پاساھەتلىكتۇر.

ئۇ دېدىكى: «قىزىم! ئۆلپەت بولغان ئۆيىڭدىن چىقتىڭ، بىلمىگەن تۆشەككە كىردىڭ، تونۇمىغان كىشىگە يولداش بولدۇڭ، ئەمدى ئۇشبۇ يولدىشىڭغا سەن يار بولغىن! ئۇ ساڭا كۆك بولۇر (سېنى ھىمايىسىگە ئالىدۇ)، سەن يەر كەبى ئاستىدا تۇر(بارلىقىڭنى ئاتاپ ئۇنى يۆلە)! ئۇ ساڭا كۆك شەكلىدە سايە بولۇپ تۇرۇر ۋە شىپالىق يامغۇرلىرى بىلەن كۆك يەرنى راھەتلەندۈرگەنگە ئوخشاش، ئۇمۇ ساڭا مەرھەمەتلىك بولۇر. سەن ئۇنىڭغا تۆشەك بول! ئۇ ساڭا تىرەك بولۇر؛ سەن ئۇنىڭغا كېنىزەك بول! ئۇ ساڭا قۇل بولۇر. مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئۇنى زورلىما! چۈنكى بۇنداق ئىش ئاچچىققا سەۋەب بولۇر. ئۇنىڭدىن يىراق بولما، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇلدۇرىسەن. ئۇ قانچە يېقىن بولسا، سەنمۇ شۇ قەدەر يېقىن بول. ئۇنىڭ بۇرنىنى ئەسكى ۋە سېسىق پۇراقلاردىن، قۇلىقىنى يامان، شەخسىيەتكە تېگىدىغان زەھەرلىك سۆزلەردىن ساقلا. پاك ۋە

www.uyghurkitap.com

پاكىزلىققا ئادەت قىل، سەندىن ھەر ۋاقىت خۇش بۇيلىۇق كېلىپ تۇرسۇن. سۆزۈڭنى شېرىن، يۈزۈڭنى ئوچۇق قىل، ئېرىڭ ياخشى ۋە مۇلايىم سۆزلەردىن باشقا نەرسىنى سەندىن ھېچقاچان ئاڭلىغۇچى بولمىسۇن. كىر كىيىم ۋە رىغبەتسىز قىياپەت بىلەن ئېرىڭ كۆزىگە كۆرۈنمە. ئادەتتىكى كۆرۈنۈش چاغلىرىدا ئېرىڭ سېنى رىغبەتسىز رەۋىشتە كۆرمىسۇن، بەلكى گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان خۇشخۇي چىرايىڭ بىلەن كۆرسۇن».

خوتۇنلارغا يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش لازىمكى، ئەر بىرەر ئىش بىلەن بەند بولۇپ، بىقەستەن خوتۇنىغا ئاچچىقلانغان چاغلىرىدا خوتۇن كىشى سەۋر قىلىپ، ئاچچىقىنى يۇتۇپ چىدىشى ياكى ئۆزىگە ئېلىپ كەتمەي ئۆتكۈزۈۋېتىشى ھەم خەيرلىك ئۈمىد كۈتۈشى لازىمدۇر.

ياخشى خوتۇنلار ئەرلىرىنىڭ كۆزى چۈشكەندە ئوچۇق چىرايى بىلەن خۇرسەن قىلىپ، تاپشۇرغان خىزمەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن قوبۇل قىلىپ ئورۇندايدۇ. ئەرلىرى سەپەردە بولسا، ئۆزىنى، ئۆيىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوبدان ساقلايدۇ، پەرھىز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەيدۇ، ئۆزىنى ساداقەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىكتىن پاك تۇتىدۇ. قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن ئەرلىرىگە مىننەت قىلمايدۇ. ئەرلىرىگە ئۆز ۋاقتىدا يېمەك ـ ئىچمەك ھازىرلاپ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ، پاكىز كىيدۈرۈپ، ئائىلىدىكى سەرپ ـ خىراجەت خۇسۇسىدا ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىگە قايغۇ ـ ھەسرەت سالمايدۇ؛ ئەرلىرىگە قاتتىق ئاۋاز بىلەن سۆزلىمەستىن، بەلكى مۇلايىم، ئوچۇق چىراي، لاتاپەتلىك سۆزلەيدۇ. ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەيدۇ؛ ھەتتا ئاتا ـ ئانا ۋە ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا بارغاندىمۇ ئەرلىرىدىن سوراپ، رۇخسەت بىلەن بارىدۇ. پۇلنى بىكارغا ئەرزىمەس نەرسىلەرگە

ئىسراپ قىلمايدۇ، ئارتۇقچە خىراجەت قىلمايدۇ؛ ھەتتا ئەرلىرىدىن بىسوراق مالدىن سەدىقە بەرمەيدۇ. مۇبادا ئەرلىرىنىڭ باشقا خوتۇندىن بولغان بالىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارغا زۇلۇم سالمايدۇ.

سۈپەتلىك ـ بەلەن خوتۇنلار گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا يۈزىدە ھەر ھالدا باردۇر. بۇ خىل ئالىيجاناب خوتۇنلارغا توغرا كەلگەن ئەرلەردەك بەختلىك كىشى ھەرگىزمۇ بولماس.

ئەگەر خوتۇنلارنىڭ ئالىيجاناب بولۇشلىرىنى ئىزدىسەك، ئۇلارنى بەختلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرسەك، ئۇنداقتا قىز بالىلارنى ياخشى مۇئەللىملەردە ئوقۇشقا ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلەشكە ئىنتىلىشىمىز لازىمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سىزگە ھەممىدىن بەكرەك ئايالىڭىز بارلىقىنى پىدا قىلىدۇ

تەڭرى ياراتقان مۆجىزىنىڭ ئەڭ نادىرى — ئايال! ئۇنىڭ پېئىلى سىر-ھېكمەتكە تولا. مىڭ پەسلى، مىڭ رەڭگى بار. ئۇ چەكسىز سەھىپىلىك ئەپسانە كىتاب، ۋاراقلىغانسىرى قىزىقى چىقىۋېرىدۇ!

كىبىر بىلەن بۇرۇت تولغاپ تۇرغان ئەركەكنى، ئىشكتىن كىرىۋېتىپ، ھۆركىرەك ئاۋاز بىلەن ئەمرى-پەرمان بېرىپ، ئۆزىنى ھەزرەتتەك تۇتىۋاتقان ئەركەكنى، «سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە كېلەتتى؟» دەپ ئايالنى ئاياق ئۇچىدا كۆرۈۋاتقان بەندىنى ئىچ-ئىچىمدىن كۈلۈپ كۆزىتىمەن. بىر ئايلا ئايالسىز قېلىپ باقسۇنچۇ، بۇ زات، ھالى نېمە بولار ئىكەن! ئاھ يىگىتلەر، بەربىر غەپلەت ئۇرۇپ تۇرىدۇ سىزنى — ئايال دېگەن زاتنى جېنىڭىزغا، كەيپىياتىڭىزغا، ئوڭ-سولىڭىزغا قۇرغان قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن، شۈكۈرانىسىنى قەدىمىڭىزدە بىر ئېيتىپ تۇرۇڭ!

جۈپتىڭىز يەتتە يات بىگانە بولسىمۇ، گوياكى تۇغقان سىڭلىڭىز دەرىجىسىدىدۇر. خوش، سىڭىل كىم؟ سىڭىل تەبىئەتەن

ئەركەك قىرىندىشىغا، جۈملىدىن، ئاكىسىغا ھەممىدىن بەك باغلانغان بولىدۇ . ھەر «ئاكا» دېگەندە باغرىدا تاغلار ئۆسىدۇ، شۇ بىرغىنا سۆز ئۇنىڭ جىمى كېمىنى تولدۇرۇپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئاكىسى بايمۇ، كەمبەغەلمۇ، بەربىر ئۇنىڭغا ئىنتىلىۋېرىدۇ. بۇ ئاكا ـ ئاكىلىقنى قاتۇرۇپ جايىغا قويمىسىمۇ، بۇنىڭدىن سىڭىل ئۆكسۈپ يۈرسىمۇ، ئانچە ـ مۇنچە يىغلىۋالىدۇ ـ دە، قېرىندىشىنى يەنە قىدىرىپ كېلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئاكىسىنى يامانلاپ كۆرۈڭچۇ، سەرەڭگىسىز يېنىپ كېتىدۇ! تەڭرى كۆرسەتمىسۇن، ئەرلەر بىرەر پالاكەتكە يولۇقسىمۇ، ئەڭ كۆپ ياش تۆككۈچى ئۇنىڭ سىڭلىسى بولغۇسىدۇر. ھەممە يۈز ئۆرۈپ كەتكەن چاغدىمۇ، «ئاكام ئەسلى يامان ئەمەس، ئۇنى كىمدۇر يولدىن ئازدۇرغان» دەپ ئاقلىغۇچىمۇ شۇ سىڭىلدۇر!

دادامنىڭ ئۈچ سىڭلىسى بار ئىدى، ئۇلارنى پات ـ پات يوقلاپ تۇراتتى. ئەمما قېرىنداشلىرىنى ئالاھىدە سوۋغىلىرى بىلەن سۆيۈندۈرۈش ئىمكانلىرى يوق ئىدى. ئەمما ھامماللىرىمنىڭ سېغىنىش بىلەن كىرىپ كېلىشلىرىنى كۆرسىڭىز، ھەر قېتىم دادامنىڭ يۈزلىرىگە يۈزلىرىنى يېقىپ، يىغلاپ كۆرۈشەتتى. خاسىيەتخان ئاپام ئاكىسىغا ھېچقاچان سوۋغىسىز كەلمەس، ھېچ بولمىسا «شۇ تۆت دانە سامسىنى يا مانتىنى سىزگە ئاتاپ قىلدىم، دەررۇ يەۋېلىڭ» دەپ ئاغزىغا تۇتار، كەلگەندىن ـ كەتكۈچە دادامنىڭ ھېلى ئايىغىنى، ھېلى يەلكىلىرىنى ئۇۋۇلاۋېرەر، پات ـ پات ئانامنىڭ دادامغا تەييارلىغان تائامدىن خاتامۇ تېپىپ قويار ئىدى (بۇمۇ قېرىنداشلىق، جانكۆيەرلىك ـ تە!). بۇنداق پەيتتە دادامنىڭ يايراشلىرىنى بىر كۆرسىڭىز! سارىخان ئىسىملىك ھاممام بولسا بىزنى كۆرۈپ بولغىچە، يۈرەكلىرىدىن چىقىرىپ «ۋاي، ئاكامنىڭ تەۋەررۇكلىرى » دەپ

www.uyghurkitap.com

باغرىغا باسار، باللاردىن تىقىپ قويغانلىرىنى بىزنىڭ قولىمىزغا قىستۇرىۋېرەر ئىدى. بىرلا تاغام بار ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ ئېغىر بىمارلىقى سەراتانغا توغرا كەلدى. تاغام پاشىلىق ئىچىدە ياتار، ئاچام بولسا يېنىغا كىرىۋېلىپ تىنماي يەلپۈپ، ئاكىسىنىڭ گاھ ئاياغلىرىغا، گاھ قوللىرىغا يۈزلىرىنى بېسىپ، ئۆز كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىغا ئۆزى ئېرىپ، تۈن تاڭغا ئۇلىنىپ كەتسىمۇ، مىدىرلىماي ئولتۇرار، ئورنىدىن تۇرسا، قېرىندىشى ئۆزۈلۈپ قالىدىغاندەك، يېنىغا مىختەك قېقىلىپ قالغان ئىدى. ئادەم مەكتەپ كۆرۈپ، نەسىھەت ئىشىتىپ، بۇنداق مېھرىبان بولۇپ قالمايدۇ، بۇ ئىلاھىي مۇھەببەتتۇر، بۇ ئىلاھىي قەدىردۇر!

مۇقەددەس كىتابلاردا بولسا، بۇرادەر، ئۆمۈر يولدىشىڭىز ئەنە ئاشۇ «سىڭىل» ئاتلىق، شۇنداق مۇبارەك زاتقا تەڭ قويۇلماقتا. ئويلايسىز: «ناھايەت، جۈپتىڭ سىڭلىڭنىڭ ئورنىنى باسالىسا ـ ھە؟». ئەمما، مەن ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمەنكى، ۋاقتى كەلگەندە، ئايالىڭىز سىزگە سىڭلىڭىزدىنمۇ يىداتېرافتۇر!

سىز ھەمىشە ئايالىم مېنى ياقتۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ھەممىدە بار شەيتان سىزدىمۇ بار — ھېچقانداق كۆڭۈل قالدۇرىدىغان ئىشىڭىز يوقمۇ؟ كۆپ بارغۇ، ئۆرگىلەي! گاھىدا يۈزىڭىزگە قارىغۇسى كەلمەيدىغان پەيتلىرى بولىدۇ ئۇنىڭ! ئەمما «نېمە بولسىمۇ، ئۆمۈر يولدىشىم ـ دە» دەيدۇ ۋە خىزمىتىڭىزنى قىلىۋېرىدۇ. تۈنۈگۈن ئۇنى قان قاقشاتقان بولسىڭىزمۇ، بۈگۈن بىرەر كېسەللىككە ئۇچرىسىڭىز، يىغلاپ يۈرۈپ، ھەتتا سىزنى ھاپاشلاپ يۈرۈپ بولسىمۇ، شىپايىڭىزنى ئىزدەشكە چۈشىدۇ. ئاجىزلىشىپ قالدىغۇ، ياكى ئاياغسىز، ياكى قولسىز قالدىغۇ، بۇنى بېشىمغا كۆتۈرەمەنمۇ دېمەيدۇ! ئەگەر ئىقتىسادىي كەملىك يۈز

بەرسە، ئانا مىراس بۇيۇمنى سېتىپ بولسىمۇ، قەرزنى ئۈزىدىغىنىمۇ شۇ ئايال! پېئىلىڭىز تارىيىپ، قېرىنداشلار ۋە ھەتتا بالىلىرىڭىزغىمۇ ياقماي قالغىنىڭىزدىمۇ، «تەڭرى رازىلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈپ كەتكەن قېينانام ۋە قېيناتام ئۈچۈن» دەپ ئاق بىلىپ، ئاق كۆرسىتىدىغىنىمۇ شۇ ئايال! جۈپتى ساياق يۈرۈپ، تاكى بۇرنى قاناپ، پېشانىسى تاشقا تېگىپ، ھېچ كىمگە كېرەك بولماي قالغىنىدا خەس بىلەن تەڭ بولۇپ قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭغا بارمىقىنى تەگكۈزۈشكە يىرگىنىپ تۇرسىمۇ، «ئەگەر مەن كەچۈرمىسەم نابۇت بولىدۇ! » دەپ، يەنە ئۇنىڭغا ئىسسىق چاي دەملەپ، ئالدىغا داستىخان سېلىۋېرىدىغانمۇ شۇ مەرد ئايال! بۇنداق بىمىننەت سۆيۈنۈش ۋە بىمىننەت دوستىنى ئايرىلىش ئەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە غېرىب يېتىملىك بولىدۇ -دە!

سىز بۇ قاراشقا پەقەت قېرىغاندىلا كەلمەڭ، بۇرادەر! ئايالىڭىزمۇ ئارقىسىدا تۇرىدىغىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىساس ئالىدىغىنى- ياراتقۇچى بار! بۇ دۇنيادىكى ھەممە مۇناسىۋەتلىرىمىز ئۈچۈن ئۇ دۇنيادا ھېساب تاپشۇرىمىز. ئايال ئەقلىمىدىن كېلىپ چىقىپ ئېيتىمەنكى، ئايالىڭىز بۇ دۇنيادا سىز ئۈچۈن كۈيۈپ ياشىدى، ئەمدى ئۇ ئاخىرەتتىكى ئەرزىيىتىڭىزنى كۆرۈپمۇ پۈچۈلانمىسۇن. گۇناھىڭىزنى ئېغىرلاشتۇرماڭ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇزىدا، قىرىقىدا، ئەللىكىدە، قۇيۇقچۇ، ئۆمۈرىنىڭ ھەممە بېكەتلىرىدە مۇرۇۋۋىتىڭىزنى دەرىخ تۇتماڭ، گۇناھلىرىڭىزنى يۇيۇپ تۇرسۇن!

# ئەر بولۇش ھەققىدە

ئەگەر ئەر بىلەن خوتۇن بىر-بىرىگە مۇھەببەت-دوستلۇق نەزىرى بىلەن قارىسا، تەڭرى ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارار. ئەگەر ئەر خوتۇنىنىڭ قولىدىن تۇتسا، گۇناھلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلۈپ كېتەر.

— دانالار دۇردانىلىرىدىن

تېلېۋىزىيە مۇخبىرى ئىككى ئاپئاق كەپتەردەك چال ۋە كەمپىرنى كۆرسىتىپ: «مانا بۇلار ئەللىك يىلدىن بېرى بىر-بىرى بىلەن بەختلىك ھايات كەچۈرۈپ كەلمەكتە» دەۋېتىپتۇ. مەن بولسام ئىچىمدە ئەپسۇسلۇق كۈلىمەن ۋە ئەپسۇسلىنىپ دەيمەن: «ئاھ، گۆدەك، قانداق بەخت ئۇ! سۈرەتكە قاراپ تۇقۇۋېرىسەنغۇ گەپنى! ئۇلار سەن ئېيتقاندەك بەختلىك ياشىمىدى، ئەللىك يىل بىر-بىرلىرىگە پەقەت چىداپ ئۆتۈپتۇ ! ھەئە، چىداپ! ئۇلار قەنت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچە، قان بېسىملىرى ئاشقۇچە، ھەتتا مېڭىلىرىگە قان قۇيۇلغۇچە، زورىقىپ چىداپتۇ! يوشۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئىسسىتمىسى بەرىبىر ئاشكارا بولۇپ تۇرىدۇ! قانچىلىغان ئائىلىلەر شۇ تەرزدە قوش قېرىيدۇ. ئىنساننىڭ بىر ئىنسان بىلەن



www.uyghurkitap.com

ئەللىك ـ ئاتمىش يىللاپ ھەمراھ بولۇپ ياشىشى پىشانىگە پۈتۈلگەن ئىكەن، نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياتىمىزنى ئۆزىمىز قىلمايمىز؟ نېمىشقا بۇ يىراق سەپەرگە ئوبدان تەييارلانمايمىز؟ نېمىشقا ئۇنى «ئىلىم» دەپ ئاتىمايمىز؟ نېمىشقا «ئائىلە ئىلمىي» نامىلىق دەرسلىك، قوللانمىلارنى بارلىققا كەلتۈرمەيمىز؟!

خەلقتە «بولىدىغىنىنى سۆزلە» دېگەن گەپ بار: ئۆمۈر يولداشلىق تاھىر ـ زۆھرەلىك، لەيلى ـ مەجنۇنلۇق ئەمەس، ئۆيچىلىكتە بېيىتلار بىلەن چاي ئۇزىتىپ، بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ، ھە دېگەندە ئىزھارى ئىشق ئېيتىۋەرمەيدۇ. «ئائىلە» دېگەن جەڭگاھنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان زامانلا دۇنيانىڭ جىمى مۇشكۇلاتى سېنى قىدىرىپ كېلىشكە باشلايدۇ. بىرىنچى بولۇپ، جىنىڭدا مەسىلە كۆرۈلىدۇ ــــ ئۇستىخانلىرىڭنى يىرىپ پەرزەنت بىنا بولىدۇ ۋە ئۇ ئەڭ ئاغرىقلىق نۇقتىغا ئايلىنىدۇ ـ يۇ، يۈرىكىڭنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلىشىدۇ. كۈيئوغۇلغىمۇ «ئائىلە» دېگەن ئالا خورجۇن ئۆز ئېغىرلىقىنى سىلىپ بارىدۇ. شۇ كۈنگىچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن قۇرساق تويغۇزۇپ كېلىۋاتقان ئوغۇل ئائىلىلىك بولغاندا، ئۇلارغا «ئەمدى ئەھلى ئايالىنىمۇ قوشۇپ بېقىڭ» دېيەلمەيدۇ، مېڭىسى جىددىيلىشىپ، يۈرىكىگە ئىزتىراپ چۈشىدۇ.

دۇنيا دۇنيا بولغاندىن بىرى كېلىن ئالغان ئايال «سەن ـ غورا بالا، مەن كەچۈرگۈچى ئاناڭمەن» دېگەن ھالدا، قىزىغا مېھرىنى بەرگەندەك كېلىنىگە مېھر بەرمەيدۇ. ياخشى ـ يامان قېينانانىڭ ھەممىسى ئىمتىھان ئالغۇچىغا ئايلىنىدۇ! خۇدانىڭ بەرگەن كۈنى كېلىن ــــ ئىمتىھان تاپشۇرغۇچى، «باھايىم تۆۋەن بولۇپ قالسا، قانداق قىلارمەن ياكى ياخشى ئىشىمغىمۇ يامان باھا قويىدى»، دەپ ئىچ ـ ئېتىنى يەپ يۈرىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ پېئىلىنى ئاينىتىدۇ...

www.uyghurkitap.com

ئۆيلەنمىگەندە ئەركىن قۇش ئىدى. ئەمدى ئۆيگە شەخسىي نازارەتچى كېلىپ، ئەرنىڭمۇ ئەسەبىي سوئال-جاۋابلىرى كۆپىيىپ باردۇ: ئايالى بىلەن ئانىسىنى كېلىشتۈرسۇنمۇ، ئائىلىنىڭ ئاچ كۆزىنى تويدۇرسۇنمۇ، كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ بېرىۋاتقان بۇرۇچلىرىنى ئادا قىلسۇنمۇ؟

باللارنىڭ گۆدەكلىكىدە بىر ئۆي غېمىك بولىدۇ. چوڭىيىپ كوچىغا چىقسا، غېمىك ئەمدى بىر كوچا بولىدۇ... بۇ يۈكنىڭ ھەممىسى ئەر-ئايالنىڭ يەلكىسىگە چۈشىدۇ. پۇل بولساڭمۇ، ھاردۇرىدىغىنى-ئائىلە! ئەللامە بولساڭمۇ، ئائىلىچىلىكنىڭ ئايرىم ۋاقىتلىرىدا مات قالىسەن. بۇنداق «جەڭگى-جېدەل» ئىچىدە بەزى ئادەملەردە تېرىككۈازلىق، گەپ كۆتۈرۈلمەيدىغان بەتقىلىقلىق يۈزگە كېلىدۇ . دۇنياسى تارراقنىڭ (جۇملىدىن، ئەرلەرنىڭ) ھەتتا ئۆيدىن نېرى بولغۇسى، بۇ جىددىيچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتكۈسى كېلىپ قالىدۇ. مەزكۇر كۆرۈنۈشتىكى ئادەمنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ قىيىنىلىپ قالغان ئېغىر شارائىتتا ئىرادىسىنىڭ زەئىپلىكىنى كۆرسىتىۋاتقان پەيتىدۇر. پەقەت ئەڭ تەربىيەلىك، ئىرادىلىك ئىنسانلارلا ئائىلىنىڭ باشلىنىشىدىن باشلاپ ئۆزىنى چىرايلىق تۇتىدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزلەر بىكارغا ئېيتىلمىغان. مانا شۇ پەيتتە ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ تېرەك كېرەكتۇر ۋە ئۇ ھەر سائەتتە، كۈندە كېرەكتۇر. نەزەر سالساڭ، تەدبىركارنىڭ ھەممىسى كوچىدا. ئەسلىدە، ئەڭ ئالىي تەدبىركار ئائىلىدە بولۇشى لازىم! ئىنسان ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن قۇشىمۇ، ھايۋانىنىمۇ نى-نى مۇشەققەتلەر بىلەن قولغا ئۆگىتىدۇ. ئۆگىتىش جەريانىدا ھېچ قاچان سىلكىمەيدۇ. كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەيدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا،

ئۈنىڭدىن زېرىكمەيدۇ، ئالقىنىدا دان، تىلىنىڭ ئۇچىدا سۇ بېرىپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭكى قىلىۋالىدۇ. گەرچە ھېچقايسى بۆدۈنە، ھېچقايسى ئىت ئىگىسى بىلەن ئەللىك يىل بىرگە ياشىمىسىمۇ، ئىنسانغا ئۆمۈرۋايەت ھەمراھلىق قىلىدىغىنى بولسا پەقەت ئىنسان!

ئەركەكتۇرسىز، ئايالدۇرسىز، ھۆرمەتلىك بۇرادەر، شۇ ھايۋانغا قويغانچىلىك ئېتىقاد، ئىخلاسىڭىزنى تا قەبرىگىچە بىرگە بارىدىغان جۆرىڭىزغا كۆرسەتسىڭىز بولماسمۇ؟ ئادەم دۇنيانىڭ غوۋغالىرىدىن، چاككۇ-چۇككۇ سودىلىرىدىن قېچىپ كېلىپ كۆلبىسى مەھەرەمگە بېكىنىدۇ. ھەر قېتىم ئۆيۈڭگە يېتىپ كەلگىنىڭدە خۇددى ئانا قۇچىقىنى تاپقاندەك بولىسەن. مانا شۇ ماكاندا ئادەمنىڭ تىنچلىقى بولسۇن! مانا شۇ يەردە بولسۇن ئەركىن نەپەس! ئۇلار بۇ تامنىڭ تېگىگە تىياتىر كۆرۈشكە، باغدىن گۈل تەرگەن كەبى پەرزەنت تېپىۋالغىلى ياكى زېرىكىپ قالسا، يەنە «پۇر»رىدە يېنىپ چىقىپ كەتكىلى كىرگەن ئەمەس! ئۆمرىنىڭ نەۋباھارىدا قونۇپ، كۆمۈش قۇشقا ئايلانغۇچە شۇ يەردە ماكان تۇتىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە پاناھ بولۇشى شەرت! ئەر-ئايال ئۈچۈن باشقا يول يوق. بۇ ئۇلارنىڭ يەلكىسىگە تەڭرى قويغان شەرئى ۋەزىپە!

ئەگەر ئەر بىلەن خوتۇن بىر-بىرىگە مۇھەببەت-دوستلۇق نەزىرى بىلەن قارىسىلا، تەڭرى رەھمەت نەزىرى بىلەن قارار ئىكەن. سىز ئېتىبار بېرىڭ، «مۇھەببەت بىلەن قاراڭ» دېمەيۋېتىپتۇ، «مۇھەببەت نەزىرى» بىلەن دەۋاتىدۇ. گويا مۇھەببىتىڭىز چۈشكەن كەبى دەيدۇ! چۈنكى ئائىلىچىلىكتە ئۇدۇلۇڭدىكى ئادەم كىرپىككە ئوخشاش ھە دېگەندە يۈز-كۆزۈڭ ئارىلاش يىگىنىسىنى ئىتتۈەرسە، ساڭا كېرەكسىز نەرسىگە قارىغاندەك مۇناسىۋەتتە بولىۋەرسە ۋە بۇ كۈن بۇيى تەكرارلىنىۋەرسە، مۇھەببەت قالامدۇ، بۇرادەر؟! (شۇنىڭ

ئۇچۇنمۇ، سۆيۈشۈپ تۇرمۇش قۇرغانلار «مۇھەببىتىمنى تاپتىم» دېگەن گەپلىرىنى ئائىلە داۋامىدا مىڭ قېتىم قايتۇرىۋالىدۇ. ئاشىقلىقتا بولسا سېنى جەمئىي كەم-كۈسىك بىلەن سۆيىدۇ، يوللىرىڭدا گۈلدەك ئېچىلىدۇ، يوللىرىڭغا گۈل بولۇپ چېچىلىدۇ. تاش بولساڭمۇ، بۇنداق ئېتىباردىن كىيىن سەنمۇ گۈللەپ كېتىسەن-دە! «كۆڭلىڭىزگە ياقماي تۇرغان جۈپتىڭىزگىمۇ ئاشىق كەبى كۆرۈنۈڭ» دەيدۇ شەرىف كىتابلار. مەيلى، بۇ دۇنيادا ھەممىدىن كەمچىلىك قېدىرىڭ، ئەمما جۈپتىڭىزنىڭ ئەيىبىنى كىچىلمىڭ، «دوستلۇق نەزىرى بىلەن قاراڭ» دەيدۇ. ئېنىقكى ، دوست خاتالىرىڭنى سانىمايدۇ، كۆرۈپ كۆرمەسلىككە ئالىدۇ ۋە يۈكىڭ ئېغىرلاشقان ھامان ياردەمگە كېلىدۇ . ھەممە سەندىن ۋاز كېچىپ كەتسىمۇ، دوست يېنىڭدا مەلھەم بولۇپ قالىدۇ.

بىر ئادەم ئاياللىنىڭ پېئىلىدىن قاتتىق تويۇپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىش ئۈچۈن ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن مەسلىھەت سورىغىلى بېرىپتۇ. ھويلىغا يېقىنلاشقاندا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ: ئىچكىرىدە بىر ئايال ئىنتايىن خۇنۇك ئاۋازدا ۋە ئىنتايىن خۇنۇك گەپلەر بىلەن بىراۋغا چالۋاقار ئىدى. مەلۇم بولىدىكى، بۇ گەپلەرنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇغا ئايالى ئېيتىۋاتقانىكەن. زەبۇنلىقى يەنمۇ ئاشقان ھېلىقى ئادەم ئەمدى قايتىپ كېتىمەن دەپ تۇرسا، ئىشىك ئېچىلىپ، خامۇش ھالدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «ئەھۋالىم مانا بۇنداق، ئەمما سىزنىڭ كۈنىڭىز مېنىڭ كۈنۈمدىنمۇ يامان ئىكەن» دەپتۇ ملىك ئەپسۇس بىلەن. شۇ چاغدا جانابىي ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ كۈلۈمسىرەپ، ئۇنى يېنىغا تارتىپ: «ھەمىشە ئەسلەپ يۈرگىنكى، ئايال ئەرزىيەت بىلە پەرزەنت كۆرۈدۇ، تەربىيىلەيدۇ. تائام تەييارلاپ

ياخشى جاينى بىزگە بىردۇ، ئۈستى-بېشىمىزنى يۇيۇپ، خىزمىتىمىزنى قىلدۇ. ئەمدى بىزمۇ ئۇنىڭ شۇنچىلىك پېئىلىغا سەۋر قىلمىز-دە!» دېگەن ئىكەن. ئەمما بۇ دېگەن سۆز «ئەرنىڭ دىلىنى سۇندۇرىدىغان ئايال كەچۈرلىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭ جازاسىنى تەڭرى ئۆزى بىردۇ. بۇ يەردىكى ئىبرەت ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۇنىڭ خاپا قىلىۋاتقان ئايالدىنمۇ پەزىلەت قېدىرىش ۋە ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇپ، ئايالنى كەچۈرۈشكە ئۆزىنى كۆندۈرشتۇر، دوستلۇق نەزىرى دېگەن مانا شۇ.

ئاغرىپ تۇرغان دىل بىلەن ئايالنىڭ قولىدىن تۇتۇشنى بىلىشنىڭ ئۆزى نەقەدەر ئاغرىق! جۈپتىڭىزغا كۆڭلىڭىز يىراق بولسا ئىلتىپات قىلىش يەنىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئەمما باللار بار. بۇ سىزدىن باشلىنىدىغان سۇلالە دۇنياغا كەلدى، دېگەنلىك. ئەگەر شۇلاردىن ياخشى ئادەم ياسىيالىسىڭىز، شەجەرىڭىزنى ئۆستۈرىسىز، ئەكسى بولسا، بۈگۈنكى بىر ئەۋلادنىڭ ئابرۇيىنى ئۆلتۈرىسىز! ئەر-ئايالنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى باللار ئۈچۈن ئاساسىي ئەندىزىدۇر.

جىنس باشقا بولغىنىدىن كېيىن، ئىككى تائىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قارمۇ-قارشى قانداقتۇر مەسىلىلەر ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما باللار دۇنياغا كەلگەندە، ئۇلار بىزنىڭ بىرلەمچى مۇئەممايىمىزغا ئايلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ خاھىش-ئىستەكلىرىمىز كېيىنكى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئىلاھنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئەڭ كاتتا ئۇنۋانى ئىنسانىيلىقتۇر! مانا شۇ ئەۋزەللىكنى باللارنىڭ قېشىدا دائىم نامايىش قىلىش، ئەگەر يۈرىكىڭىدە بولمىسا، ئۇنى رول ئوينىۋاتقىنىڭ كەبى ئىجرا قىلىش كېرەك. خاتا پېئىلىمىز بىلەن بالا چوڭ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئونلاپ دىپلوم ئېلىپ بېرەيلى، ئادەم بولۇشى ئۈچۈن بەش قىتئەگە ئەۋەتىپ ئوقۇتايلى، بەربىر، شەكلەن

ئۇقۇمۇشلۇق، ئەمما، مەزمۇنەن كـــاززاپ بولۇۋېرىـــدۇ. بۇگۈنكـــى سېپمىزدىكىلەرنىڭ پېئىل ـ خاراكتېرىدا قانداق قۇسۇر ئۇچرىسا، بـۇ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئـــانىلىرى ھۆددىـــسىدىن چىقالمىغـــان جۇپلۇكنىـــڭ پەرزەنتلەردە بالقىپ تۇرغان خاتالىرىدۇر!

سۆھبىتىمىز «ئەگەر ئەر خوتۇننىڭ قولىدىن تۇتسا، گۇناھلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلۈپ كېتەر» دېگەن جۈملە خۇسۇســىدا بارماقتا. ياراتقان ئىگەم تالاي ـ تالاي كەمچىلىكى بولغان ئايالنىــڭ قولىدىن تۇتقان ئەركەكـــنى گۇناھلىرىـــدىن پـــارىغ قىلىـــشقا ۋەدە بەرمەكتە! تەڭرى ئەڭ ئادالەتلىـــك ھۆكـــۈم چىقارغۇچىـــدۇر. بىـــر پېئىلىمىز بەلكى دوزىخي بولۇشىمىز ئۈچـــۈن يېتەرلىكتـــۇر. ئەممـــا تەڭرى دوزىخىيلىق يولىدا تۇرغان بەندىنىڭمۇ تەقدىرلىنىدىغان يېرىم ئىشىنىمۇ كۆزدىن قاچۇرماس ئىكەن. چۈنكى كۆڭلـــى كۆتـــۈرۈلگەن ئادەم ئەلۋەتتە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرار، بەلكـــىم، ئۇنىـــڭ ياخشى ئىشلىرى شۇ تەرزدە كۆپىيىپ بارسا، دوزاخقا چۈشمىسە، دەپ ئۈمىد قىلاركەن ياراتقۇچى!

ياراتقۇچى ئايالغا ئىمتىياز بەرمەكتە. سەۋەبى، ئايال ھەر قېتىم بالىسغا ئېغىرئاياغ بولغاندا ئۆلۈمنى بويىنىغا ئالىدۇ. تاكى توققـــۇز ئاي ئۆتكىچە، ھەر كۈنى يەر ـ كۆك بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئاي ـ كۈنى يېقىنلاشقانسېرى يېقىنلىرىغا تىنماي كۆزلىرى بىلەن ۋەسىيەت قىلىدۇ، تاڭلىرى قۇياشقا، تۈنلىرى ئايغا تەلمـــۈرۈپ، ئـــۇلاردىن ئايرىلىـــپ قالماسلىقنى تىلەپ يىغلايدۇ... كۆزى يورۇغانـــدا، ئۇنىـــڭ يېنىـــدا تۇغۇت ئانىسى ئەمەس، ئۆلۈم تۇرىدۇ. ئـــۇ پەرزەنتـــنى تۇغـــۇت ئانىسىنىڭ قولىدىن ئەمەس، ئۆلۈمنىڭ قولىدىن ئالىدۇ! ھۆرمەتلىـــك ئەر، جانىنى گۆرۈگە قويۇپ تېپىلغان بۇ جان سىزنىڭ بـــالىڭىزدۇر. سىزنىڭ ئۆمرىڭىزنىڭ داۋامىدۇر. سىز ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىشكە رازى

تۇرغان بۇ ئايالنىڭ بارماقلىرىنى كۆزىڭىزگە سۈرتمەسسىزمۇ؟! ۋاھ، ئۇ شۇنچىغا ئەرزىمەسمۇ؟!

«مەن دۇنياغا بىر قېتىم كېلىمەن، نېمشقا كۆڭلۈم تارتقان ئادەم بىلەن ياشاشقا ھەققىم يوق؟ باللىرىم بەختلىك ياشىشى كېرەككەنۇ، ماڭا بەخت كېرەك ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ ماڭا قول بولمىغان ئايالمىنىڭ بېشىنى قانداقمۇ سىيلاي» دەيدىغانلار بار. بۇرادەر، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ! كىمنىڭ پېشانىسىگە قانداق جۈپ پۈتۈلۈپتۇ ـ بۇ تەقدىردىن! بۇ ئۇنىڭ نىيىتىگە يارىشا قىسمەت ياكى ياخشى ـ يامان ئىشلىرى ئورنىغا ئېلىۋاتقان ھەققىدۇر! كىبىرنى بىر تەرەپكە قويۇپ، بېسىپ كەلگەن يولىڭىزنى، خالىسانىلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆرسىڭىز، نارازى سوئاللىرىڭىزنىڭ جاۋابىنى ئەلۋەتتە ئۆزىڭىز تاپىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغىنى
www.uyghurkitap.com

# ئاتىلار نەسىھىتى — ئەجدادلار چىرىقىدۇر

بىر ئاتا بىر ئىش بىلەن باشقا يۇرتقا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىپ، ئۆز ئوغلىغا تۆۋەندىكى نەسىھەتلىك مەكتۇپنى يوللاپتۇ:

«سۆيۈملۈك ئوغلۇم!

ۋىجدانىڭ لەۋھەسىنى ئىنساپ، ئادالەت گۆھىرى بىلەن بېزە، چۈنكى ئىنساپ ۋە ئادالەت ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ پارلاق قۇياشىدۇر. بۇ قۇياشتىن بەھرە ئالغان ئادەملەر بەختىياردۇر.

بىلىمىنىڭ قۇۋۋىتى ئوغلۇم!

قەلبىڭ كۆزگۈسىنى ياشلىق كىبىرى ۋە خائىنلىق، غەرەزلىك كەبى بىھۇدە مەنىسىزلىكلەر چاڭ ـ توزانى بىلەن خىرەلەشتۈرمە. ئەگەر شۇنداق بىمەنە ئىشلارنى قىلساڭ، ئىنسانىي بۇرچۇڭنى ئادا قىلمىغان بولىسەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت ئالدىدا جاۋابكاردۇرسەن.

كۆزۈمنىڭ نۇرى!

دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا ئىززەت ـ ئابرۇيلۇق بولاي دېسەڭ، جەمئىيەت تەرىپىدىن ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى چىن ئىخلاس

بىلەن بېجىر، ۋەزىپىشۇناس بول. ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدىكى ۋەزىپىسىنى بىلمىگەن، ئادا قىلمىغان كىشىلەر شەرمەندە، شەرمىسار بولۇر ۋە نەپرەتكە قالۇر.

كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى!

ساڭا جېنىدىنمۇ ئارتۇق مۇھەببەت قويغان ئاتاڭنىڭ رازىلىقى ۋە كۆڭلىنىڭ خۇشاللىقى سېنىڭ زۇلۇم، جەۋر ۋە ئادالەتسىزلىكتىن ساقلىنىشىڭ بىلەن هاسىل بولىدۇ. ئوغلۇم، شۇنى بىلگىنكى، جەۋر ـ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك دەل چاقماقتا ئوخشاشكى، ئۇ چۈشكەن يېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىدۇ. مەن سېنىڭ ئەسلىي زاتىڭدا بار بولغان پاكلىق، ئالىيجانابلىق ئۆتكۈر زەھەرلىك، يارىماس ھېسلارغا يول قويمايدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. ھەر دائىم ئادالەتلىك، مۇلايىم، تەۋازۇلۇق، شەپقەتلىك بولغايسەن.

ھاياتىم سەرمايىسى ئوغلۇم!

شۇ كۈنلەردە ئۆز تەڭداشلىرىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ، بەزىدە ھەتتا ياقىلاشقانلىقىڭنى ئىشتىپ، كۆڭلۈم پەرىشان بولدى. بىلىمەن، سەن ھازىر ئارسلان كەبى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان يىگىتسەن. قەھرىمانلىق پەقەت كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئىشلىتىشتىلا ئەمەس، بەلكى قەھر ـ غەزەپنى يۇتۇشتىدۇر. جېنىم بالام، قەھر ـ غەزەپلىك بولما، مۇلايىم، شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك بول. بىلگىنكى، گۈزەل خىسلەتلىرىڭ بىلەنلا ھەممىنى ئۆزۈڭگە رام قىلالايسەن، ساڭا ئازار بەرگەنلەرنى خۇش مۇئامىلەڭ بىلەنلا ئۇيالدۇرالايسەن.

ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت ـ سائادەت تىلەپ، سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن، ئەزىز ئوغلۇم».

ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئاغىنىلىرىنىمۇ كۆزدىن

قاچۇرماسلىقى كېرەك. ئاغىنىلىرى گۈزەل خۇلقلۇق، تەربىيە كۆرگەن بولسا، پەرزەنتلەرمۇ شۇ گۈزەل خىسلەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. يامان ئاغىنىلەر باللارنى يامان يولغا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى يامانلار بىلەن ئۈلپەتچىلىك قىلىشتىن ياندۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

ئالىملاردىن مۇھەممەد سەيىد ئېيتىدۇ:

ــ بەزىلەر يامان خۇلقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس بولۇپ، يامان خۇلقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن. بەزى ئەخلاقسىز، تەربىيىسىز باللار ئىقتىدارلىق تەربىيىچىلەر ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە يامان خۇلقلىرىنى تاشلاپ، ئەدەپلىك، تەربىيىلىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى بۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. ئەگەر يامان خۇلقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمىغىنىدا، تەربىيە ئورۇنلىرى ئېچىپ، مۇرەببىيلەر تەيىنلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

يامان خۇلقنى تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ئىنسانلارغىلا خاس بولماستىن، بەلكى بۇنى ھايۋانلارغىمۇ تەدبىقلاش مۇمكىندۇر. ئىتلار ۋە يىرتقۇچ قۇشلار تەربىيە ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىق ئوۋچىلارنىڭ ئوبدان ياردەمچىسىگە ئايلىنىدۇ ۋە يىرتقۇچ ئارسلانغا ئوخشاش ھايۋانلار تەربىيىلىنىپ، ئىنسان بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغان بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، يامان خۇلقلۇق ئادەمنى تەربىيىلەپ، خۇلقىنى ئۆزگەرتىش نېمىشقا مۇمكىن بولمىسۇن؟

ئەزەربەيجاننىڭ مەشھۇر شائىرى نىزامى گەنجەۋى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ــ كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، مانا، ئون ياشقا تولدۇڭ، يەتتە ياش ۋاقتىڭدا چىمەننىڭ گۈل ـ غۇنچىسى ئىدىڭ، ئەمدى يىگىتلىك

دەۋرىگە قەدەم قويۇشقا باشلىدىڭ. بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا ئويۇن ياراشمايدۇ، پۈتكۈل غەيرەت ۋە ماھارىتىڭنى ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىشكە سەرپ قىل، ھەر كىم سېنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئىلىم، ھۈنەر ھاسىل قىلىشقا بولغان مۇھەببىتىڭ ۋە شۇ يولدا كۆرسەتكەن غەيرىتىڭ بىلەن ماختىسۇن.

ئوغلۇم، ھەرقانداق ئىشنى باشلىماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ياخشى ئويلان، دوستلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن ئۇ ئىشقا كىرىش. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ، ئىشىڭ تەتۈرىگە كېتىپ، خىجالەت تارتىسەن. ئادەملەر بىلەن خۇش مۇئامىلىدە بول. ئۆزۈڭدىن چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىشنى ئۇنتۇما. ئوغلۇم، سەندە زېرەكلىك قابىلىيەت ئەسرىنى كۆرىمەن. قايسىبىر ئىلىم ـ ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشسەڭ، چالا ـ پۇچۇق قالدۇرما، مۇكەممەل ئۆگەن، بوشاڭ بولما.

قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن ھۇشاڭ ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

ھەي ئوغلۇم، ئىككى يۈزلىمە، بەتنىيەت كىشىلەردىن ھەزەر قىل، ئۇلارنى يېنىڭغا يولاتما. چۈنكى، ئۇلار بىمەنە دەتالاش بىلەن دوستلۇق دەۋاسى قىلىدۇ. ياخشىلىق گۆھەرلىرىنى يامانلىق يىپىغا تىزىدۇ. دۇرۇس ئىشلارنى قەبىھ، يىرگىنچلىك لىباسقا ئوراپ، يامان شەكىلدە ساڭا كۆرسىتىدۇ. ئالىملاردىن نىزامىددىن ئىبن ھۇسەيىن ئېيتىدۇ:

قورقۇنچاقلىق ئەڭ يامان ۋە زىيانلىق سۈپەتتۇر. بالىلىقىدىن تارتىپ قورقۇنچاقلىققا ئادەتلەنگەن باللار چوڭ بولغاندىمۇ قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ، بىر ئىشقا بەل باغلاپ، غەيرەت بىلەن كىرىشەلمەيدۇ. نادان ۋە تەربىيىسىز كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ،

ئارىسالدىلىق ۋە گاڭگىراش ئىچىدە قېلىپ، توغرا يولدىن ئازىدۇ. بالىلارنى قورقۇنچاقلىققا ھەرگىز يېقىنلاشتۇرماڭ، ئۇلار ئارسلان يۈرەك بولۇپ يېتىشسۇن؛ ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان، غەيرەتلىك، قەيسەر، ئىشچان بولسۇن.

دىۋە يۈرەك بولغىن بالام، قورقۇشقا ھېچ يول بەرمىگىن،

تەربىيىسىزلەر گېپىنى ئەسلا قۇلاققا ئالمىغىن.

ئالىم سەئىد ھەمەدانىي ئېيتىدۇ:

پالاكەتكە ئۇچراشنى خالىمىساڭ، ماختانچاق ۋە تەكەببۇر بولما؛ راھەتتە ياشاشنى خالىساڭ، دىلىڭنى ھېرىستىن پاكلا؛ خار-زارلىقنى خالىمىساڭ، تەمەگەر بولما؛ ئۆزۈڭگە ياخشىلىق قىلىشنى خالىساڭ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىل، ھېچكىمگە ئازار بەرمە، ياخشىلىقنى ئۇلۇغ ئىش دەپ بىل؛ قەدىر-قىممىتىڭنىڭ ئېشىشنى خالىساڭ، ھەممەتلىك بول؛ ئىشىڭنىڭ پۇشايمان بىلەن نەتىجىلىنىشنى خالىمىساڭ، ئاۋۋال ياخشىراق ئويلاپ، دانا، تەجرىبىلىكلەر بىلەن كېڭىشىپ ئىشقا كىرىش؛ ئۆزۈڭنى ھەممىنىڭ ياقتۇرۇشنى خالىساڭ، ھالال مېھنەت قىل، پىداكارانە ئىشلە؛ كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە، ياقتۇرۇشىغا ئىگە بولماقچى بولساڭ، يالغانچىلىق قىلما، چېقىمچىلىق قىلما، چېقىمچى، ئىغۋاگەر بولما، بىمەنە، تۇتۇرۇقسىز سۆزلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشتىن ھەزەر قىل؛ مۇبادا ئوڭايسىز ھالدا قالساڭ، ئامىتىڭ كەلمەي، ئىشىڭ يۈرۈشمەي، قايغۇ-ھەسرەت چەكسەڭ، داد-پەرياد قىلىپ يۈرمە، سەۋر قىل، ئوڭايسىز ھالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىل.

دانىشمەن ئەبۇيەزىد بەستامىي ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

ئوغلۇم، گىنە-ئاداۋەتتىن يىراق تۇر، كۈچۈڭ يەتمەيدىغان

ئشقا كىرىشمە، چېقىمچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمە. چۈنكى، ئۇلار پىتنە-پاسات يولىنى ئىزدەپ يۈرگۈچى يارىماس كىشىلەردۇر. بېخىل، ئاچ كۆز كىشىلەر بىلەن دوست بولما، ئۇلار سېنى ھەرگىز توغرا يولغا باشلىمايدۇ. ئېھتىيات قىل.

ھىندىستان دانىشمەنلىرىدىن بىرى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

سەن يالغان سۆزلەپ تۇرۇپ، «مېنىڭ سۆزۈم توغرا» دەپ قەسەم قىلما، ئەگەر سۆزۈڭ توغرا بولسا، توغرىلىقىغىمۇ قەسەم قىلما. سەن كۆندىلىك كىرىم-چىقىمىڭنى يېزىپ قويۇشقا ئادەتلەن، چىقىمىڭ كىرىمىڭدىن ئېشىپ كەتمىسۇن؛ يىغىلىشلاردا دەرىجە-مەرتىۋەڭنى پەش قىلىپ يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلما، بايلىقىڭ ۋە دەرىجە-مەرتىۋەڭ بىلەن مەغرۇرلانما.

ئوغلۇم، قانائەتچان بول، باشقىلاردىن بىر نەرسە تەمە قىلما، كۆزۈڭنى ئاچ، ئالەمگە ھەقىقەت نەزىرى بىلەن قارا، ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئال؛ باشقىلار بىلەن زىتلىشىپ، تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرمە، گىنە-ئاداۋەت ۋە خۇسۇمەتتىن تىلىڭنى يىغ؛ ئائىلەڭ بىلەن ياخشى ياشا، پەرزەنتلىرىڭنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلە، بىلىملىك، ھۈنەرلىك قىلىشقا دىققەت قىل؛ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنى ئۇنتۇما؛ بۇرادەرلىرىڭنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلما، ياخشى سۆز، ياخشى ئىشىڭ بىلەن ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا غەيرەت قىل. بۇ نەسىھەتلىرىمنى ئۇنتۇما.

چېقىمچىغا يېنىڭدىن بەرمىگىن جاي،
قىلۇر بىر لەھزىدە يۈز فىتنە بەرپاي.

بىر پازىل كىشى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ ئېيتىدۇ:

ئوغلۇم، ئادالەتلىك بول، ئەزىز ۋە مۆھتەرەم بولىسەن. ئەگەر

جەبىر ـ زۇلۇم قىلساڭ، بىر كۈنى سەندىنمۇ زوراۋان ۋە زالىمراق ئادەم ساڭا جەبىر ـ زۇلۇم قىلىدۇ، سىنى هالاك قىلىدۇ. ئەزىز ئوغلۇم، هېچكىمنى رەنجىتمە، هەمىشە شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك بول.

بىر دانىشمەن ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:

ئوغلۇم، ئۆزۈڭگە ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا غەيرەت قىل. بىلىملىك، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بول، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن بەھرە ئال. يالغانچى، نادان، بېخىل، ئاداۋەتخور ۋە ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن پەرھىز قىل. كىمكى يالغانچى بولسا، مۇرۇۋۋەت ۋە مەردلىكتىن خالىي بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن راستچىللىق ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ ئانىسى، يالغانچىلىق بولسا پەسكەشلىكلەرنىڭ مەنبەسى دېيىلىدۇ.

نادان دوست پايدا يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، زىيان يەتكۈزىدۇ. بېخىل كىشىدىن بىر نەرسە سوراپ ئابرۇيىڭنى تۆكمە. كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىغۇچى كىشى پۇرسەت تاپسىلا ساڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئىككى يۈزلىمچى ۋە پاسىق كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سېنى قۇربان قىلىۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ.

بىر دانىشمەن ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىپتۇ:

ــ ئوغلۇم، كىشىلەرنىڭ ئۆزۈڭگە خەيرخاھ بولۇشىنى خالىساڭ، ئۆزۈڭ ئاۋۋال خەيرخاھ بول. ئۆز ئەجرىڭنىڭ بىكارغا كېتىشىنى خالىمىساڭ، كىشىلەرنىڭ ئەجرىنى بىكارغا كەتكۈزمە. ئابرۇيلۇق بولۇشنى خالىساڭ، تەكەببۇر بولما، تەۋازۇلۇق بول. كىشىلەرنىڭ سېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىنى خالىمىساڭ، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇڭغا دىققەت قىل. قەدىر ـ قىممىتىڭنى بىل. ھەممىنىڭ

ئۆزۈڭگە دوست بولۇشنى خالىساڭ، كىشىلەرگە قولـۇڭ ۋە تىلىـڭ بىلەن ئازار بەرمە. ئىززەت ـ ھۆرمەت ئىگىسى بولۇشنى خالـساڭ، پۇل ـ مېلىڭنى ئىلاج بار موھتاجلاردىن ئايىما. مـۇكەممەل ئىنـسان بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئۆزۈڭگە لايىق كۆرمىگەن ئىشنى باشقىلارغا راۋا كۆرمە. دىلىڭ ئاغرىپ ئازار يېيىـشنى خالىمـساڭ، بىـغەرەز، جاھىل كىشىلەر بىلەن گەپ تالىشىپ يۈرمە. غەمسىز بولۇشنى ئـارزۇ قىلساڭ، ھەسەتخور بولما. غەم ـ قايغۇدىن يىراق بولۇشنى خالىساڭ، قولۇڭدىن كەتكەن نەرسىگە ھەسرەت ـ نـادامەت قىلمـا. دوسـت ـ بۇرادەرلىرىڭنىڭ كۆپىيىشىنى خالىساڭ، ئوچۇق يۈزلـۈك، شـېرىن سۆزلۈك بول، ھېچكىمگە ئـۆچ ـ ئـاداۋەت سـاقلىما. سـىرىڭنىڭ ئاشكارا بولۇشنى خالىمىساڭ، دوستۇڭغىمۇ ئېيتما.

# ئانلار ئەخلاقى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەي سۆيۈملۈك ئانا

جەمئىيەت ئائىلىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئائىلە بولسا ئانىلارنىڭ پەرۋىشى ۋە بىر ئۆمۈر جان كۆيدۈرۈشى بىلەن گۈزەل بىر باغقا، تەسۋىرلىگۈسىز بەختكە چۆمگەن شاتلىق ماكانىغا ئايلىنىدۇ. يەنە شۇ ئائىلە ئانىلارنىڭ تەجرىبىسىزلىكى، يارامسىزلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن تۈزۈپ جەمئىيەت ئۆچۈن ھەل قىلىش بەكمۇ تەس بولغان ئېغىرچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. دېمەك ئائىلىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى كېيىنكى ياخشى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ئانا جەمئىيەتتە ئەنە ئاشۇنداق مەسئۇلىيەتنى، ئائىلىدە شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان مۇھىم كىشىدۇر.

قولىڭىزدىكى بۇ رىسالە ئانىلارنىڭ سەمىگە سېلىشقا تېگىشلىك ئائىلە ئەخلاقى، پەرزەنت تەربىيىلەش، كىشىلىك تۇرمۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، ئائىلىنىڭ گۈللىنىشى ۋە بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ۋە ئۇنىڭ تەبىرلىرى، ئانىنىڭ دائىملىق ۋەزىپىلىرى، ئانىنىڭ ئائىلىدىكى ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى، ئاياللار ساغلاملىقى، كىشىلىك ئالاقىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار... قاتارلىق نۇرغۇن ساھە ۋە مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن، قېتىرقىنىپ ئوقۇشقا، ئائىلىدە قەدىرلەپ ساقلاشقا

ئەرزىيدىغان ئېسىل كىتابتۇر.

سىز رىسالىنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئۆزىڭىزمۇ ھېس قىلىۋاتقانسىز، رىسالىدىكى مەزمۇنلار ھەقىقەتەن ياخشى توپلانغان بولۇپ رىسالىنى قولىغا ئالغان ئانا رىسالىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇۋېتىپ ئۆزىنىڭ بۇلارغا رىئايە قىلىپ ئائىلىسىنىڭ بەختلىك كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، بەزى مەزمۇنلاردىن خەۋەرسىز قالغانلىقى ياكى ئىلگىرى بەزى مەسىلىلەرنى يۈزەكى ئويلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۈرمۇشتا تېخىمۇ كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن بىباھا تۇرمۇش بىلىملىرىنى تولۇقلىۋالىدۇ. ئائىلىسىنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

رىسالىنى قولىغا ئالغان خانىملار رىسالىنى ئائىلىسىنىڭ بەختلىك ھالدا داۋام ئېتىشىدىكى ياخشى ھەمراھى قىلىشنى ئويلىسا، قىز ئوغۇللار ئاتا ـ ئانىلىرىغا ياكى دوستلىرىنىڭ ئاتا ئانىلىرىغا سوۋغات قىلىپ ئۇلارغا بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشنى ئويلايدۇ.

ئەگەر ئانىلار بۇ رىسالىنى ئوقۇسا يولدىشى ۋە ئائىلىسىنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولۇشىغا ياخشى ئاساس يارىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەي ئانا، سز بۈيۈك ئىنسان

ئاياللار ئىنسانلارنىڭ ئانىسى بولۇپ، بىر قولىدا بۆشۈكنى، بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرەتكۈچىلەردۇر. شۇڭا، ئايال ئەقىدىلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئىلىم ـ ھۈنەرلىك، تەربىيە كۆرگەن بولۇشى، ياخشى ئانا ھەم پەزىلەتلىك ئايال بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىلىم ـ تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىشى، بىلىشى لازىم.

ئاياللار ئائىلىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ مەسئۇلى ۋە ئىجرا قىلغۇچىسىدۇر. ئايالنىڭ غېمى ئىقتىدارلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ، جەمئىيەتنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش بىلەن بىرگە، ئەرنى رازى قىلىپ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاياللار ئائىلىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئائىلە ئىشلىرىدا ئېرىگە ھەمنەپەس بولىدۇ. «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن ماقال بار. ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئەقىللىق ئايال گەرچە ئائىلە تۇرمۇشى ۋاقتىنچە غورىگىل ئۆتسىمۇ، ئۆيىدە بار ئىقتىسادقا قانائەت قىلىپ ۋە ئېرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاپ، ئولتۇرسا ـ قوپسا، ئائىلىسىنى ئويلايدۇ، ئائىلە ئەھۋالىنى ياخشىلاشتا قىلچە يەڭگىللىك قىلمايدۇ، ھەممە ئىشتا ئۆز لايىقىدا ئىش تۇتىدۇ، ئېرىگە

سەمىمىي مەسلىھەت بېرىدۇ، ئېرىنىڭ رازىلىقىسىز ئىش قىلمايدۇ. ئەرنىڭ پىكرى ۋە جاۋابى ئايالغا مۇۋاپىق كۆرۈلمىسە، بۇ ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئايالنى سۆيمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئېرىگە ئىتائەت قىلىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئائىلىنى تىنچ-ئامان، خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشى، ئۇنىڭ خاھىشىغا ئەمەل قىلىش، ئايالنىڭ ۋاپادار، گۈزەل خۇلقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائى «ئاياللارنىڭ ئىپپەت تارىدىن توقۇلغان رومىلى، پاكلىق رەختىدىن راسلانغان چۈمبىلى بولسۇن» دەپ قارىغان. ئەرنى ئورۇنسىز قىيىن ئەھۋالدا قويۇش، ئەرنىڭ ئائىلىگە ئەكىرگەن نەرسىلىرىدىن رازى بولماسلىق ئايالغا نىسبەتەن ياخشى خۇلق ئەمەس.

ئاياللار ئۆز ئېرىنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە نازارەتچىسى بولۇپ، يالغان سۆزلىمەيدىغان، كەيپ-ساپاغا بېرىلمىگەن، تىرىشچان ئەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈشى، ئۆزىنى ئېغىر-بېسىق تۇتۇشى لازىم. ئەرنىڭ غەيۋىتىنى باشقىلارغا قىلماسلىق، ئېرىنىڭ سىر-مەخپىيىتىنى ساقلاش، ئەر ئۆيگە كىرگەندە خۇش مۇئامىلە قىلىش، خۇش پىچىم بولۇش، يالغان سۆزلىمەسلىك، قولىنى ئەگرى قىلماسلىق، خۇراپاتلىققا ۋە ئالدامچى باخشى-داخانلارغا ئىشەنمەسلىك ئاياللارنىڭ ئائىلە ئەخلاقىدۇر. ئۆينى پاكىز تۇتۇپ، ئۆي ئىشىنى ياخشى قىلسا، ئىسراپچىلىقتىن ساقلانسا، سەھەر تۇرۇپ ھويلا-ئارام، ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ، شەخسىي تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرسە، ياسانچۇقلۇق قىلمىسا، سۆزى يۇمشاق ۋە ھەرىكىتى مۇلايىم بولسا، ئېرىنىڭ نەزىرىدە ھۆرمىتى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىدا مەرتىۋىسى ئاشىدۇ. ئۆگەي بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەن ئايال ئېرىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىپ، مۇھەببەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئەل-جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە

ئېرىشىدۇ. ئۆگەي بالىلىرىغا شەپقەتسىزلىك قىلغان، قېيناتا ۋە قېيىنانىغا خىزمەت قىلىشتىن قېچىپ، ئېرىنى ئۇلاردىن ئايرىۋەتكەن ئايال كەلگۈسىدىكى كېلىنلىرىدىنمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. چۈنكى بۇ ئۆتنە جاھان. بۇنداق ئائىلە ئەخلاقىغا ئىگە بولمىغان ئايالنىڭ ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە ھۆرمىتى بولمايدۇ.

ئەخلاق ئىلمى ئاياللار ئۈچۈن ھەممىدىن زۆرۈر. ئاياللارنىڭ رەڭگىرويى، كىيىم-كېچىكى، ئالتۇن-جابدۇقلىرى زىننەت ئەمەس، بەلكى ئالغان تەربىيىسى زىننەتتۇر. تەربىيە كۆرگەن ئايال ئېرىنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە تېجەشلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىدۇ. ئايال ئەقىدىلىك، تىرىشچان، ئىقتىسادچان، تەدبىرلىك، ئىرادىلىك بولسا، ئائىلە روناق تاپىدۇ؛ بولۇمسىز، ئىسراپخور بولسا، ئائىلە نامراتلىشىدۇ. تىرىشىپ-تىرمىشىپ تاپقان ئائىلە ئىقتىسادىنى ياخشى تۇتۇشنى بىلمەي، چېچىپ-سورۇپ تۈگەتكەن ياكى مۇۋاپىق ئىشلەتمەي تاشلاپ قويغان، ھەتتا ئېغىر كۈنلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلغان پۇل-پۈچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېھتىياجسىز ئىشلارغا بىھۇدە زايە قىلىۋەتكەن، نەسىھەت قىلسا تېڭشىمىغان ئايال بىلەن ئۆي تۇتقان ئەرنىڭ ھالىغا ۋاي. بۇ ئائىلە شۇ ئايال سەۋەبلىك خانىۋەيران بولىدۇ ياكى بىر ئۆمۈر بەختنىڭ جامالىنى كۆرەلمەيدۇ.

ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ۋەزىپىسى ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئىشى يالغۇز ئاش-تاماق ئېتىش، يىڭنە ئىشىنى قىلىش، كىر-قات يۇيۇش، ئۆي تازىلاش، ئورۇن-كۆرپىلەرنى ھازىرلاپ ئائىلىدىكىلەرنى ئوبدان كۈتۈشلا ئەمەس. ئائىلە ئەزالىرىغا گۈزەل تەربىيە بېرىش، ئائىلىنىڭ ئۆزى بىجىرىشكە تېگىشلىك كىرىم-چىقىمنى تۇتۇش، پەرزەنتلىرىنى مۇناسىپ ئىشلارغا بۇيرۇش، قولۇم-قوشنىلار ياكى باشقىلار بىلەن ئىككى ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەندە، ئوچۇق چىراي ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن چىرايلىق

سۆزلەپ، ئاداۋەتنى يۇيۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، تەربىيىلىك ئايال ئاتا ـ ئانىسىنى، ئېرىنى، قېيناتا ـ قېيىنانىسىنى، پەرزەنتلىرىنى، ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دوست ـ بۇرادەرلەرنى مەمنۇن قىلىدۇ ۋە ئۆزىگە خاس خىزمەتنى قۇسۇرسىز ئادا قىلىدۇ.

ئانا بولۇش دۇنيادا زور شەرەپ ۋە نېئمەتتۇر. ئاياللار ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغان پەرزەنتلىرىنى بېقىش، پەرزەنت تەربىيىسىنى سەۋر ـ تاقەت، مېھرىبانلىق، شەپقەت ۋە سەزگۈرلۈك ۋە يۈكسەك ئەقىدە بىلەن ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇ مەسئۇلىيەت ئاتىنىڭ، شۇنداقلا يېقىن قان ـ قېرىنداشلارنىڭ زىممىسىدە ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن ئاياللار ئائىلىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىجىرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ۋەزىپە يەنىلا ئاياللارنىڭ زىممىسىدە ئېغىر. ئايال تەربىيە كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ياخشى خىسلىتى ئەرگە ۋە پەرزەنتلىرىگە ياخشى تەسىر بېرىدۇ. تەربىيە كۆرمىگەن ئاياللار پەرزەنتلىرىگىمۇ ياخشى تەربىيە بېرەلمەيدۇ، ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆگىتەلمەيدۇ. بۇنداق ئايالنىڭ ئائىلىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپلا نۇرغۇن ئازابلىق كەچمىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىگە پىششاق، ئەقىدىلىك، ئىتائەتلىك ئانا بولۇشى كېرەك. نۇرغۇن ئاياللار پەرزەنتلىرىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، لېكىن توغرا تەربىيە ئۇسۇلىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، كۆز نۇرى بولغان پەرزەنتلەرنى تۈزىتىش تەس، ئۇلار ئىلىم ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ، ھۈنەر ـ كەسىپكە قىزىقمايدۇ، ئۆگەنگىنىنى توغرا ئىشلارغا ئىشلەتمەي، بۇزۇقچىلىقلارغا دەستەك قىلىدۇ. شۇڭا، ئاياللار ئۆز ئائىلىسىگە، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئەخلاقىي ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشى زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى ئائىلە ئەخلاق تەربىيىسىدىن باشلىشى، پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ فىزئولوگىيىلىك گۈزەل مۇھىتقا، پىسخىكىلىق

www.uyghurkitap.com

گۈزەل مۇھىتقا ئىگە بولۇش روھىدا تەربىيىلىشى زۆرۈر.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتەك ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇشلۇق بولغان شائىرە ئامانىسا خېنىم «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئىجاد قىلغان، ئاياللار تەربىيىسى ھەققىدە «ئەخلاقۇل جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق كىتاب يازغان. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، بۇرۇنقى خانلارنىڭ خوتۇنلىرىدەك ئالتۇن-كۈمۈش، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە كەمچەت-قاما جۇۋىلار... نى مىراس قالدۇرماي، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان: «... مەن يىقىن سائەتتە ئالەمدىن ئۆتىدىغاندەك تۇرىمەن. ئالىيلىرىدىن ئۆمىدىم شۇكى، كەمىنە روزىگارلىرى پۈتكۈل ھاياتىمدا ئەل مەدەنىيىتى ئۈچۈن تىرىشتىم، يازدىم. مېنىڭ ئاخىرەتكە سەرمايە بولغۇدەك ياخشى خىسلەت-پەزىلىتىممۇ يوق، مال-دۇنيايىم ئەسلا يوق. ئاۋۇ كات ئۈستىدىكى يېشى تاغاردىكىسى ئۆز قولۇم بىلەن توپلىغان قومۇش قەلەم قىرىندىسى مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمدا يىغقان خەزىنەمدۇر. مەن ھەربىر خەت ئۈچۈن ئۈچلانغان قومۇش قەلەم قىرىندىسىنى جۇغلاپ قويغان ئىدىم. شۇ، مېنىڭ يازغان قەلىمىمنىڭ ئەجرى ۋە سەمەرىسى بولۇپ قالسۇن، باقىي ئالەمگە ئېلىپ كېتەي. مېنى يۇيىدىغان تەرەت سۈيى ئاشۇ قەلەم قىرىندىسىدا ئىسسىتىلىپ، بەدىنىم يۇيۇلسۇن. مۆھتەرەم ھەم ئالىمە مەلىكە رازىيەنىڭ ياقۇتى خېتى بىلەن يېزىلغان ‹مۇسھەپ شېرىپ› (قۇرئان كەرىم)نى تېخى كۆچۈرۈپ بولالمىغان ئىدىم. شۇنى پاكىزە قىزلاردىن بىرى تاماملاپ پۈتكۈزگەي، ئەل-يۇرتتىكى ھەممەيلەنگە تەقدىم ۋە تەلىم قىلغايلا. ئالىمە پاتىمە بىنت ئەھمەد بىننى مۇھەممەد سەمەرقەندى تەرىپىدىن پارسىي خەتتاتلىقتىكى بىر خىل خەت شەكلى بىلەن مەقبەرەمگە خاتىرە يېزىلغاي...»

بۇ ۋەسىيەت سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇ

ئالىمە، پازىلە، ئەففە (پاك، ئۆز نەپسىنى ساقلىغۇچى) ئامانىسا خېنىمنىڭ پاك مۇھەببىتى، ھۆرمىتى، خاتىرىسى ئۇچۇن پاكلىقنى ساقلاپ، خۇددى ئەركەك ئاققۇدەك يەككە ـ يېگانە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ راستچىل بولۇش، ئىنساپ قىلىش، ۋاپادار بولۇشتەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ئەل ـ جامائەت بىر ـ بىرىنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يېتىدىغان ۋە كۆيۈنىدىغان بولغان؛ ئۆز يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى ساقلىغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئىبدىل ـ ئورال تاتار ئالىملىرىدىن رىزائۇددىن ئىبىن پەخرۇددىن «مەشھۇر ئايالار» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، دۇنيا مىقياسىدا مەشھۇر بولغان مۆھتەرەم ئانىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپە ـ خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئۇ يەنە قىزى زەينەپنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتاپ ھەمدە بىجىرىشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلەر ھەققىدە «ئائىلە» ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئائىلە مەسىلىلىرى، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋەزىپىسى، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارنىڭ بۇرچى، ئاياللارنىڭ ۋەزىپىسى خېلى كەڭ تۇردە يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەر ئەينى چاغدا بىر نەچچە قېتىم قايتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان ۋە جامائەتنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. مەزكۇر ئەسەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا ئەخلاقىي پەزىلەت، مېھىر ـ شەپقەتنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئانا بۈيۈك مۇرەببىيدۇر

ئايال زاتىنىڭ ھەممىسى ئانا بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ،ئانىلىق بولسا بىر خىل مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەتتۇر. يەنى ئۇ مۇرەببىيلىكتۇر. ئانىلىقتا سايىلانغان ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ كەسپى بىلەن بولىدۇ. ئۇ ھەربىر بالىسىغا ھەم جۈپتىگە مۇرەببىيدۇر. جۈپتى بىلەن پەرزەنتىگە كېرەك بولىدىغان ئەتراپتىكى ھەممە ئادەم ۋە ھەممە نەرسىگە مۇرەببىي ۋە ھىمايەتچىدۇر! ئانىلىق ئۇنۋانى ۋە ئانىلىق سەلتەنىتىگە ئىگە بولغاچ، ئايالنىڭ يۈرىكى قايتا يارىلىدۇ، جىمى پائالىيىتى، پەلسەپىسى شۇ سەلتەنەتنىڭ ئىقلىمىغا ماسلىشىدۇ. ئايال ئانا بولغاچ ئۆزىنى ئۇنتىدۇ. ئۆزىنى قاتاردىن چىقىرىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىدە ئۆزى ئۈچۈن جاي قالمايدۇ: خىيالى بالىسىدا، كۆزى پەقەت بالىسىنى ئىزدەيدۇ، تىلىدا پەقەت ئۇ، دىلىدا پەقەت ئۇ، قولى دائىم ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر ياسايدۇ، ئايىغى بالىسىنىڭ تەشۋىشى بىلەن ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۈگۈرگىنى يۈگۈرگەن.ئەقلى ساپ ئايال باركى، ئانىلىقنىڭ يولىدا قىسقىغىنە ئۆمرىنى قۇربانلىققا قويىدۇ.

ئايال باركى، ئانىسىنىڭ تۇتۇمىنى تۇتىدۇ، ئەركەك زاتى باركى، ئۆمۈرنىڭ پايانىغىچە ئانىسىنىڭ دەملىگەن چېيى، پىشۇرغان

تامىقنى كۆتۈپ ئۆتىدۇ. ئانىسىنى يوقاتقان ئادەم باركى، تا يەتكەن جايغىچە ئۇنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرىگە ئامال قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇنداق ئويلاپ قارىساق، بۇ دۇنيانىڭ ئاساسىي تەربىيىچىسى مۇھتەرەپ ئانىلاردۇر. ئۇلارنىڭ پايى قەدەملىرىگە مىڭ تەسەددۇق بولايلى!

قۇش باركى، ئۇۋىسىدا، ئادەم باركى ئانىسىدا كۆرگىنىنى قىلار ئىكەن. ئىلىم دېگەن نەرسىنى ئاۋۋال ئايال زاتىغا بەرسۇن!ئۇلارنىڭ پېئىل، ئەتىۋارىغا پاكلىق بەرسۇن! يۈرىكىگە غەيرەت ۋە شجائەت، ئۆزىدىن مۇرەببىي بارلىققا كەلتۈرۈپ بولغىچە ئىرادە، سەۋر، قانائەت ۋە سالامەتلىك بەرسۇن!

بالىسى زېمىنغا چۈشمەي تۇرۇپ،ئانىسى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ توقسان پىرسەنتىنى بىرىپ بولىدۇ. ئانا جېنى، قېنى، سۈتى بىلەن بالىسىنىڭ سۆپىتىنى ياساپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلىققا تەربىيىلەشنى قىز بالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ باشلاش كېرەك.

قىزلىرىمىز ياشلىقىدىن باشلاپ كىتابخۇمار بولۇشقا ئىنتىلسۇن. كىتاب ئۇلارنىڭ خىياللىرىغا قانات بېرىدۇ، تەپەككۇرىنى ئۆستۈرىدۇ، ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. كىتاب كۆرگەن كىشى ئادەملەر ئارا بولىدىغان مۇئامىلىنى ئۆگىنىدۇ. كىتاب ئۇنىڭغا دۇنيانى كۆرسىتىدۇ، ھەيرەت بېرىدۇ. سېغىنىش ۋە قايغۇنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇشنى بىلدۈرىدۇ. ئاخىر بۇ ئۇلغىيىش دېگىنى ۋە قىزىمىزنىڭ بۇ بىساتى بىر كۈنى ئۇنىڭ بالىسىغا خاتاسىز ئۆتىدۇ.

قىز پەرزەنتلەرنى سەيلە-ساياھەتلەرگە كۆپ ئېلىپ چىقماق كېرەك. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كەڭلىكلەرنى،تاغلارنى، دەريا-كۆللەرنى كۆرسۇن، روھىيىتى، تومۇرلىرى يايرىسۇن. لالىزار قىرلارنى كۆرۈپ، تۇيغۇلىرى يالقۇنلىسۇن! گۈللىگەن شاپتۇلزار، ئالمىزارلار

ئىچىدە يۈرەكلىرى گۈلگە تولۇپ كەتسۇن!ئانا ئاشۇنداق بولغانىدا ئاندىن باھاردەك باللار دۇنياغا كېلىدۇ!

مۇزىكىنى، ئېنىقى مىللىي مۇزىكىلارنى باللىرىمىزغا بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىن باشلاپ ئاڭلىتىپ ماڭايلى. تەسۋىرىي سەنئەت، مىللىي ھۈنەرۋەنچىلىككە مۇشتەك چېغىدىن باشلاپ ئېتىبارىنى تارتايلى. ئۇنىڭدىن تارقىلىدىغان نەسلىمۇ تەبىئىي، نازۇك بولسۇن. ئۆمۈرنى نېمە بىلەن بېزەشنى ئۆگەنسۇن، زوق ـ شوق بىلەن ياشاش سىرلىرىنى بىلەلەيدىغان بولسۇن.

قىزلار گۈزەللىككە تۇغما ئىنتىلگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئېنىقى، ئۆز ئانىلىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىق بولۇشىنى خالايدۇ. بۇ پەيت ئۇلاردا دىت شەكىللىنىۋاتقان بولىدۇ. سىز ئۆز تۇرۇش ـ تۇرمۇشىڭىز بىلەن قىزىڭىز ھۇزۇرىدا ئۇنىڭغا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتىسىز. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى زېرىكتۇرمەيلى، نىگاھلىرىنى خۇنۇكلۇككە كۆندۈرمەيلى!

بىر كىچىسى باللىرىمنىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئوتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالغان كەنجىتايىم باغچا بالا پەيتلىرىنى ئەسلەپ، زوقلىنىپ دېدى:

ـــ تۇغۇلغان كۈنىمىزدە خۇددى ئايەمدەك، چىرايلىق تۆشەكلەرگە ياتقۇزىدۇ، ئەسلەمسەن؟ ئاشۇ كۈنى ھېچكىم ئىش بۇيرىمايدۇ، ناتوغرا ئىش قىلىپ قويساق ھەم ئۇرمايدۇ. پادىشاھ بولۇپ يۈرەتتۇق ـ ھە!

ئاچا ـ ئاكىلىرى ئۇنىڭغا «گۇر»رىدە قېتىلىپ كېتىشتى. تۇغۇلغان كۈنلەردە قانداق يايرىغان بولسا، ئەسلەۋاتقاندا ھەم ئاشۇنداق ياشناپ، چۇرۇقلاپ سۆزلەيتتى. كۆرۈڭكى، ئىنسان روھىيىتى مۆجىزە. گۆدەكلىكىدە خۇش كۆرگەن بىر لەھزىنى ئۇنلاپ

يىللار ئۆتسىمۇ باغرىغا بېسىپ ياشاركەن. بۇ دېگىنىدىن مەلۇمكى،ئوتتۇز يىل بۇرۇن بەرگەن رىغبىتىمىز ئۇلارنى قەلبەن يايرىتىپ كەلمەكتە ئىكەن!

پەرزەنتلىرىمىزنىڭ خەلقپەرۋەر، كۆڭۈلپەرۋەر بولۇشىنى خالىساق، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى سۆندۈرۈپ قويمايلى، كەيپىياتى بىلەن ھېسابلىشىپ كاتتا قىلايلى!

قىزلىرىمىزغا بىرىپىرىم-ئىككى يېشىدىن باشلاپ رومالچى تاشلاش، چېچىنى تاشلاشلارنى ئۆگىتەيلى. كىرلەنگەن قولنى، شالتاق تەگكەن يۈزنى دەرھال يۇيۇشنى ئادەت قىلدۇرايلى. ئويۇنچۇقلىرىنى، كىيىملىرىنى ئۆز جايىغا قويۇشنى قاتتىق نازارەت قىلايلى. بۇ تەرتىپ ئۇنىڭ پېئىلىغا ئايلىنىپ كەتسۇن. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بۇ ئادەت ئۇنىڭ بالىسىغىمۇ قالىدۇ.

ئىنساندىكى رىغبەتكە ئېھتىياجمەنلىك تەڭرىدىندۇر. بالىلارنىڭ ھەربىر توغرا ئىشىنى بايقىغىنىمىزنى ئۆزىگە بىلدۈرەيلى ۋە تەشەككۈر بىلدۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالمايلى. بالا كىچىككىنە جېنى بىلەن بىزنى رازى قىلىشقا تىرىشىپ، تىرمىشىدۇ ۋە رازىلىقىمىزنى ئالىدۇ. ئىلاھىم، بۇ ئىنساني پەزىلەت ۋە رەھمەتلەر ئۇنىڭ بالىسىغا ھەم ئۆتسۇن!

بىز دەرەخ، بالىلار مېۋىمىز ئەمەسكى، ئۇلار پىشقاندا ئادەملەرنىڭ ئالدىغا قويساق بىر ئولتۇرۇشتا يەپ دۇئا قىلىپ كېتىۋەرسە ۋە شۇ بىلەن تۈگىسە بولىدىغان! بالىلار ئەسلىمىزنى، نەسلىمىزنى ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە تۇتاشتۇرغۇچىلاردۇر! يارىلىشقا بىز سەۋەبچى بولدۇق، ئەسلىدە ئۇلار تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىدۇر! خوش، بۇ نېمەتلەرنىڭ تەمىنى بىز بۇزۇپ قويدۇقمۇ؟ بالىلىرىمىز نېمىگە يارايدۇ،نېمىگە يارىمايدۇ؟ ئۇلارنى شۇ تۇرۇشلىرىدا ئادەملەر

ئارىسىغا قويۇپ بەرسەك ھېچكىمگە زىيىنى بولمامدۇ، ياخشى ئىنسان بولۇپ ياشامدۇ؟ بۇرادەر، سىز ئۆزىڭىزگە شۇ سوئاللارنى بېرىپ كۆردىڭىزمۇ ۋە قورقۇپ كەتمىدىڭىزمۇ؟ مەن راستىنلا قورقىمەن...

ئانا قەبرىگاھلىرى ئاستىدا بىنا بولغان كىرتەك قانداق قىلىپ ئىنسانغا ئايلاندى؟ ئۇ ئانىسىنىڭ جان تەركىبىدىكى جىمى ئۇنسۇرلاردىن ئوزۇق ئېلىپ، يۈرىكىدىن يۈرەك كۆچۈرۈپ، پېشانىسىدىن رەڭ ئېلىپ، ئانىسى سىقىلسا كىچىكلەپ، يايرىسا يايراپ شەكىللىنىپ كىرىپ باردى. ئۇ بىر ئىلاھى مەۋجۇتلۇق، ئۇ زېرەك قۇلاق ۋە ئۆتكۈر كۆز بىلەن تاشقى مۇھىتنى ئىشىتتى ۋە كۆردى.

ھۆرمەتلىك ئانا ئايىم نەۋرىڭىزگە مۇرەببىيلىكنى قىزىڭىز ۋايىغا يەتمەي تۇرۇپ باشلاڭ.

ھۆرمەتلىك قېينانا ئايىم كېلىنىڭىز كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ جېنىنى پەرۋىشلەڭ، يۈرىكىنى ياشارتىڭ، تاكى ئۇ سىزگە جىسمى ۋە روھى پۈتۈن بالا تۇغۇپ بەرسۇن!

تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان قىزىم، ساڭا ئانا بولۇش نېسىپ ئېتىلىپ تۇرۇپتۇ، بالا سېنىڭ جېنىڭدىن يارىلىدۇ ۋە ساڭا بۇ يارالما ئۈچۈن بۈيۈك مۇئەللىملىك ئۇنۋانى بېرىلىدۇ.

قانداق مەرتىۋىدە ئىكەنلىكىڭ ھەمىشە يادىڭدا تۇرسۇن! ئۆز جېنىڭنى، سالامەتلىكىڭنى ئاسرىساڭ، ئۆز بالاڭنى ئاسرىغان بولىسەن. تەرتىپ بىلەن تاماق يېمەسلىكىڭ، كەيپىياتىڭنى ياخشى تۇتماسلىقىڭ، زورۇقۇپ مېھنەت قىلىشلىرىڭ، قاتتىق سوغۇق، قاتتىق ئىسسىق ئىچىرە قېلىشىڭ، قالايمىقان كىيىنىشلىرىڭ... ۋەھاكازالار ئىچىڭدىكى بالىنى ئازابلاش، جازالاشتۇر! بالاڭ ناۋادا ئەيىبلىك ياكى نازۇك تۇغۇلسا، سەۋەبچى ئۆزۈڭ ۋە پەقەت ئۆزۈڭدۇرسەن! چۈنكى ئۇ سېنىڭ بەدىنىڭگە يېپىشىپ تۇردى، سەن

ئارقىلىق نەپەس ئېلىپ تۇردى، ئەيىبدارى سەن بولسەن ـ دە!

بالا ئېمىتىۋاتقان پەيتنىڭ بالا ئۈچۈن ئەڭ نازۇك دەۋردۇر. قولۇڭدىكى بىر پارچە گۆش سېنىڭ ئىقلىمىڭغا قاراپ ھەر سائەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر ھەرىكىتىڭ بىلەن ئۇنىڭ يا ياخشى، يا يامان قىسمىتىگە مۆھۈر بېسىپ بارىسەن. ئەگەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە شۈكرانە بىلەن بېقىپ، ئۇنىڭ بارلىقىدىن يايراپ، بەختىيارلىق بىلەن چىرايلىق دۇئالار تىلەپ ئېمىتىسەڭ، بالاڭنىڭ پۈتۈن جىسمى نۇرلىنىدۇ، روھىيىتى چىمەنزار بولۇپ كېتىدۇ، تومۇرلىرىدا ساغلام ۋە كۈچلۈك ھۈجەيرىلەر ئۇيغىنىپ بارىدۇ.

ئايىم قىزىم، سەن بويۇڭدا بار چاغدا ھەم بالا ئېمىۋاتقان مەزگىللىرىڭدە ھېچكىمنى يامان كۆرمە، بالا بۇ ھالىتىڭدە سۈت ئەمەس، نەپرەت ئېمىدۇ، چوڭ بولسا، ھەممىدىن يامانلىق كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ!

بىراۋنى يامان كۆرمەسلىكنىڭ ئىلاجى بار: بىز مىڭ بوغۇلايلى، ھەممىنى تەلتۆكۈس ئۆزىمىزگە لايىقلاشتۇرۇپ بولالمايمىز. سېنىڭ ئەۋلادىڭ باشقا، تەربىيەڭ باشقا! ساڭا ياقمايدىغان ئادەم ھامان دائىم ئۆزىچە ياشايدۇ ـ دە! شۇڭا ھەر ئادەمنى ئۆزىچە قوبۇل قىل، ئۇ ئىمكانىدا بارنى نامايان قىلىۋېتىپتۇ، سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ مۇئامىلە قىل، ئۇنىڭغا تەلەپلەر قويما!

ئەگەر بالا ئېمىتىۋاتقان پەيتىڭدە بىراۋنى قارغاپ، جەھلىڭ قېتىپ ئۆتسەڭ، بالاڭ سۈت ئەمەس، قارغىش، غەزەپ ئېمىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئانا بولۇپ تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئىشىنى قىلدىڭ، نارەسىدە جانغا نەپرەت، ئەندىشىسىزلىك ئۇرۇقىنى چاچتىڭ، چوڭ بولسا ھەر كىمدىن ئېۋەن ئىزدەيدىغان، ئازراقمۇ ئاچچىقىنى باسالمايدىغان نادوست، ئەلەمزادە بولۇشى مۇمكىن.

ئېغىرئاياغ ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ۋاقتىڭدا ئۆزۈڭنى قولغا ئال، پەسكەش ۋە يامان تۇيغۇلاردىن خالاس بول، يەنى ئورۇنسىز

رەشك، ۋاقىتچىلىك يوقچىلىقلاردىن ۋايساش (ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە يوقچىلىق ئۆتكۈنچىدۇر!) ۋە ياشلىق كۆزۈڭ بىلەن بالا ئېمىتمە! شۇ ۋاقىتتا بالا سۈت ئەمەس، ئەنە شۇلارنى ئېمىدۇ! تەڭرى كۆرسەتمىسۇنكى، ئۇ ھالەت كۈچەيسە، ھېچ نەرسىدىن كۆڭلى تولمايدىغان، بولار-بولماس ئىشقا كۆز ياش تۆكۈۋېرىدىغان، ئىرادىسى، شۈكرانىسى يوق،راھەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئۆتىدىغان چۈشكۈن ئىنسان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن!

ئېغىرئاياغ ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان ئايال كۆڭلى نېمە تارتسا، يېيىشى شەرت. چۈنكى ئۇ نەرسىنى ئانىنىڭ ئەمەس، بالىنىڭ بەدىنى سورايدۇ.بىزنىڭ ئۇدۇمدا خوشنا كېلىنىنىڭ كۆزى نېمىگە چۈشسە، ئۇمىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئۇ نەرسىدىن نېسۋە ئايرىلىدۇ.چۈنكى بېلىق سۇنىڭ سىرتىدا قانداق بىتاقەت بولسا، كېلىنلەرمۇ كۆڭلى تارتقان نەرسىنى يېمىسە، شۇ بېلىقلارغا ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، بالىنىڭ بىر مۇرۇۋۋىتى زەئىپ تۇغۇلۇپ قالىدۇ.

بەزى ئانىلاردىن سۈت قاچىدۇ ۋە بۇ بىھاسىيەت سانىلىدۇ. قاچان ۋە نېمە ئۈچۈن سۈت قاچىدۇ؟ ئانىلار بىر نەرسىدىن قاتتىق قورقسا، تۇيۇقسىز يامان خەۋەر ئىشىتسە يا ئانىنىڭ سالامەتلىكىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولسا، شۇ ھال روي بېرىدۇ. مانا شۇ ئىشقا نىسبەتەن تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە تەن بەرمەي ئىلاجىمىز يوق! ۋە ھەربىر ئىنسانغا ئۇنىڭ چەكسىز مۇھەببەت ۋە مۇرۇۋۋىتى قارىتىلغىنىنىڭ يەنە بىر كەررە گۇۋاھچىسى بولىمىز: ئانا قورۇنۇپ ئېمىتسە، بالا سۈت ئەمەس، قورۇنۇش ئېمىدۇ، يىغلاپ ئېمىتسە كۆز ياشنى ئېمىدۇ دەيمىز.يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئانا ناھايىتى قاتتىق سىقىلسا يا قورقسا، ئۇنىڭ سۈتى بالا ئۈچۈن ناھايىتى خەتەرلىك نەرسىگە ئايلانسا كېرەك.شۇنىڭ ئۈچۈن گۈدەكنىڭ غېمىنى تەڭرى يەيدۇ ۋە ئانىنىڭ سۈتىنى ئۆزى توختىتىدۇ، بالا ئامان قالىدۇ!

قېينانا ئايىم ۋە كۈيئوغۇل يىگىت، ئانا بولۇپ بالا ئېمىتىپ ئۆتۈۋاتقان جۇۋان شۇنچىكى بىر ئىنسان ئەمەس، سىزنىڭ ئەۋلادىڭىزنى، ئۆمرىڭىزنىڭ داۋامىنى، ئىككى دۇنيارىڭىزنى ئاۋات قىلىدىغان زۇرۇرىيىتىڭىزنى دۇنياغا كەلتۈرگەن تەڭرىنىڭ مۆجىزىسىدۇر! ئۇنىڭغا سايىۋەن بولۇپ، بېشىدا پاناھلىق قىلىڭ، زېمىن بولۇپ ئۇنى ئۆستۈرۈڭ، كۆكەرتىڭ! چۈنكى ئۇ شۇ تۇرۇشىدا يۈز پىرسەنت سىز ئۈچۈن زەخمەت چېكىۋېتىپتۇ، ئېغىرئاياغ ئايالنىڭ يامان-ياخشىسى يوق! ئاخىر ئۇ ئۆزىدىن ئادەم يارىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىڭ، ئۇنى قوللاڭ، ئۇنى قولتۇقلاڭ! ئۇنىڭدىن نۇقسان ئىزدىمەڭ، ئۆزىڭىزگە نامۇناسىپ سايلىماڭ! بۇ ئايال سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالمىدى! ئۇ سىزنىڭ نىيىتىڭىز، گۇناھ ۋە ساۋابلىرىڭىز، ئالغان دۇئا ياكى قارغىشلىرىڭىز بىلەن تەقدىرىڭىزگە پۈتۈلگەن ئۆلۈش! ئۇ-قىسمەت! سىز شۇڭا مۇناسىپ سىز!

ئېغىرئاياغ كېلىننى ئۆكسۈتمەڭ، دىلىنى ئاغرىتماڭ، بالىسىنى تاكى سۈتتىن ئايرىغۇچە بەك ئاسراڭ. بالا ئېمىتىۋاتقان ئايال بىراۋدىن قورقمىسۇن، چۆچۈمىسۇن، «ئەنە،ھازىر بىر نەرسە دەيدۇ،مانا ئەيىبىمنى ئېيتتى ياكى بۇگۈن ھەم ئىچىپ كەلسە، نېمە تاماشا كۆرسىتەركىن» دەپ ۋەھىمە، خاۋاتىر ئىچىدە ياشىمىسۇن. ئەلقىسسە، بالىسى ئۆركەك، جۈرئەتسىز ۋە قورققاق بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بۇ زاتىنىڭ ئاينىشىدۇر، بۇرادەر!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئانا! دەپ چاقىرىلىش بۈيۈك شەرەپ

تەڭرىگە مىڭ تەشەككۈر،
مۇرادىمغا يەتمىشتۇر.
ھىلال ئاي قاناتىنغا،
كامرانىمنى بەرمىشتۇر!

نەچچە ـ نەچچە ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىم ئەمەلگە ئېشىپ، سىز ئانا، مەن بولسام موماي بولغان تاڭ سەلكىنى سوققان چاغلىرى دىلىمدا شۇ شېئىرىي مىسرالار پەيدا بولغان ئىدى. سىزنى ئانا بولۇشتەك شۇنداق ئۇلۇغ بىر شەرەپكە، مېنى بولسا ھېچ ئۆلچەپمۇ، تەسۋىرلەپمۇ بولمايدىغان بەختكە يەتكۈزگەن، يېڭى مېھمان قەدىمىگە پايانداز سېلىش بەختىگە ئىگە قىلغان تەڭرىگە مىڭ شۈكۈر!

ئانىلىق مۇبارەك بولسۇن، كېلىن بالام! ئەۋلادلار زەنجىرىنى ئانا ئۆز جىسمى ـــ پەرزەنتى بىلەن ئۇلاشتەك ئۇلۇغلۇقى، ئۆزىدىن يېڭى بىر ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلىشقا قادىرلىقىنى تۇيۇش ۋە شۇ سەۋەبتىن نەچچە ھەسسە ئۇلۇغلىنىش مۇبارەك بولسۇن! ئاھ، بالىجانىم، بۇ بەكمۇ چوڭ شەرەپ!

بۇگۈن سىزگە تەقدىم قىلغان رىسالىنى ئېچىڭ، ئۇنىڭدىكى شۇنداق قۇرلارغا كۆزىڭىز چۈشىدۇ:

«بىر ئانا بالىسىنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ، تىرىكلىكىنىڭ قۇۋۋىتى بولغان سۈتى بىلەن ئۇنى تويدۇرىدۇ، قۇچىقىدا ئۆستۈرىدۇ، سۆيۈملۈك يۈرەك پارىسىنىڭ راھىتى ئۈچۈن شېرىن ئۇيقۇلىرىدىن، پۈتۈن ئىنچىلىقىدىن كېچىدۇ. ئۇنىڭ تەربىيىسى ھەم بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن چەكمىگەن جاپاسى، قىلمىغان پىداكارلىقى قالمايدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نەپسىگە قەدەر ئۇنى سۆيىدۇ. بالىسىنىڭ ئازراق بېشى ئاغرىسا، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مالىنى جېنىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ھەر زامان، جېنىم بالام، دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بەكمۇ توغرىدۇر. ‹جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا› دېگەن سۆز ئانىلارنىڭ ھۆرمەت-مۇھەببەتكە نەقەدەر لايىق ئىكەنلىكىنى كۆرستىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.»

ئانا قەدرىنى ھەقىقي بىلمەك ئۈچۈن ئانا بولماق لازىمدۇر...

رىزائۇددىن ئىبنى پەخرىددىننىڭ «ئائىلە» رىسالىسىدىكى شۇ ئوقۇغان پارچىڭىزنىڭ كېيىنكى ئىبارىسىنى قايتا ئوقۇڭ: «ئانا قەدرىنى ھەقىقي بىلمەك ئۈچۈن ئانا بولماق لازىمدۇر....»

ئەنە شۇنداق بۈيۈك تۇيغۇنى، چوڭ بىر ھەقىقەتنى بىلگىنىڭىز ئۈچۈن مۇبارەك بولسۇن، ئانا قىزىم!

بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئىككىمىز تەڭ بولدۇق. سىزمۇ ئانا بولدىڭىز. بۇ بۈيۈك شەرەپ دېدىم. ۋۇجۇدىڭىزغا نېسىپ بولغان بۇ شەرەپنى ياخشى قىسمەت دەپ ئاتاش، «سۆيۈملۈك يۈرەك پارىڭىزنىڭ راھىتى ئۈچۈن تاتلىق ئۇيقۇلاردىن، پۈتۈن راھىتىڭىزدىن كېچىش» ئېغىرىنى سەزدۇرمەيدىغان مىنۇتلارمۇ باركى،

ئۇلار تۆپەيلى سىز ئۆزىڭىزدە ئاجايىپ بىر قۇدرەتنى سېزىسىز، تۇمۇر-تومۇرلىرىڭىزدىن ھايات، مېھىر، مۇھەببەت، شەپقەت، ئادالەت، ئۆزىنى بېغىشلاش... قىسقىسى، ئىزگۈلۈك ئېقىۋاتقىنىنى ھېس قىلىسىز. سىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاپئاق سۈتىڭىز بىلەن بوۋاقىڭىزنىڭ يۇمران لەۋلىرى ئارقىلىق مېھرلىك سوقۇۋاتقان يۈرىكىگە قۇيىسىز. ئەنە شۇ بۈيۈكلۈك سىزگە ئىلاھىي ئىلھام بېرىپ، زارلاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىندۇرمەي، كۆزىڭىزدە نۇر، لەۋلىرىڭىزدە تەبەسسۇم، قەلبىڭىزدە مېھىر-شەپقەت پارلايدۇ:

ئىشق دېڭىزى تېگىدىن،
ئىزلەپ تاپقان گەۋھىرىم.
مۇھەببەت گۈلزارىدىن،
سۆيۈپ ئالغان سۆيگۈنۈم.

ئانىلىق مۇبارەك بولسۇن، كېلىن بالام! ئۇلۇغلۇق مۇبارەك بولسۇن! بۇ ئۇلۇغلۇق قۇدرىتىگە ئۆزىڭىزمۇ ھەيران ھالدا ھامان كۈيلەيسىز:

ئورغاق ئايغا ئىلەڭگۈچ،
سېلىپ بېرەيمۇ ساڭا.
يۇلتۇزلاردىن بىر قۇچاق.
ئېلىپ بېرەيمۇ ساڭا،

يۈرىكىڭىزگە، تومۇرىڭىزغا، ۋۇجۇدىڭىزغا قۇيۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئىلاھىي كۈچتىن ئۆزىڭىزمۇ خۇرسەن بولۇپ ئاق پاياندازنى

ئاستا ـ ئاستا دەسسەپ ئۆتىسىز! بۇ پاياندااز سىزگە زېمىن ــ سىز ــ ئوغلۇم ئوتتۇرىسىدىكى ئىلاھىي رىشتە بولۇپ تۇيۇلمىدىمۇ، كېلىن بالام؟! ياراتقان ئىگەم قەلبىڭىزگە شۇنى يەتكۈزگىنىگە شۈكۈر! ئانىلىق مۇبارەك بولسۇن، كېلىن بالام! ئۆزىڭىزگە نېسىپ قىلىنغان چوڭ شەرەپكە مۇبارەك بولسۇن!

※ ※ ※

ئۆيىمىزگە «يېڭى مېھمان» ــ نەۋرەم كامىرانىنىڭ كىرىپ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەنمۇ ئانا بولغىنىمدا موملىرىڭىزدىن، چوڭلاردىن ئاڭلىغانلىرىم، ھېكمەتناملەردە ئوقۇغانلىرىم، بىر ئۆمۈر يادىمدا قېلىپ، روھىمغا قۇۋۋەت، تومۇرۇمغا ئوت بەرگەن ئايرىم گەپلەرنى سىزگىمۇ ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن:

※ ھەر نۆۋەت بوۋاقنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئېمىتكىنىڭىزدە، شۇ بەختلىك مىنۇتلارنىڭ سىزگە يار بولغىنىغا شۈكۈر قىلىپ، ھەمدۇسانا ئېيتىڭ، بالىڭىزنى «ياخشى تىلەكلەر» نى دەپ ئېمىتىڭ، چوڭلىرىمىز « ياخشى تىلەكلەر» نى دەپ ئېمىتكەن بالىنىڭ يۈزى نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، قەلبى نۇرغا تولۇپ تۇرىدىغان بولىدۇ، دېيىشىدۇ.

※ قىرقى توشمىغان بوۋاق ئۆيىدىمۇ خۇددى يېڭى كېلىن ـ كۈيئوغۇللۇق دەۋرىڭىزدىكىگە ئوخشاش كېچىلىرى چىراغ يېنىپ تۇرسۇن.

※ ئانىلىرىمىز قەدىم ـ قەدىمدىن ئۇنى ئاسرايدۇ دەپ بوۋاقنىڭ ياستۇقى ئاستىغا توقاچ قويۇپ قويۇشنى ئادەت قىلىشقان. كېلىنىڭ، ياخشى ئادەتنى بىزمۇ تەرك قىلمايلۇق.

www.uyghurkitap.com

※ بوۋىقىمىزنى كىم ئېغىزلاندۇردۇ، قۇلىقىغا كىم ئەزان ئېيتتى دەپ سوراۋاتامسىز، كېلىن بالام؟ ئەلۋەتتە، بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكۈزگەن، پەرىشتە سۈپەت، پاك نىيەتلىك قېرىنداشلار ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۇنى ئېغىزلاندۇرغىنى ياخشى. بۇنىڭ خاسىيىتى چوڭ، كېلىن بالام!

※ بوۋاققا ئىسىم قويغاندىمۇ خاسىيەتلىك كۆنلەرنى تاللاش لازىم. قېرىنداشلار ئىسمىنى قويماسلىقتا ئادەتلەنگەن ياخشى. ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ شۇ ئىسمىنى قويۇشقا قارار قىلىنسا، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن رازىلىق سوراش كېرەك.

※ ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ياكى بىرەر تەۋەررۈك كىشىنىڭ ئىسمىنى باللىرىمىزغا قويغاندا، ئۇلارنى «سىز» دەپ چاقىرىشقا، ئىززىتىنى جايىدا قويۇشقا ئادەتلىنىشىڭىز كېرەك.

※ بالىنى ئەمگۈزۈشتىن بۇرۇن پاكلىنىۋېلىش يادىڭىزدىن چىقمىسۇن، كېلىن بالام. كىيىمىڭىزنى ۋە بەدىنىڭىزنى ھەمىشە پاكىز تۇتۇڭ.

※ بالا ئېمىتىۋاتقان ئايال ئالدىدا قاتتىق ئاۋازدا سۆز قىلىنمايدۇ، ئەكسىچە سۈتى قاچىدۇ دېيىشىدىكەن.

※ بالىنى ئەمگۈزۈۋاتقان دەۋردە بوۋاقتىن ئاشقان سۈتنى سېغىۋېلىڭ. لېكىن بۇ سۈتنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۆكمەڭ، ياخشىسى، گۈللۈك تۇۋىگە ئاستا قۇيۇلغىنى تۈزۈك. سۈتنى ساغقان چىنىڭىزغا ياتلارنىڭ كۆزى چۈشمىسۇن.

※ بالىنىڭ چىچى، تىرنىقىنى ئالغاندىمۇ ئېھتىيات قىلىڭ. چوڭلار بالىنىڭ چىچىنى گۈللۈك تۇۋىگە، ئېلىنغان تىرناقلىرىنى پاكىز جايغا كۆمۈش لازىم، دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

※ بالىنىڭ كىيىمى ئايرىم سوپۇندا، ئايرىم داستا يۇيۇلىدۇ.

ئۇنىڭ كىيىملىرى قاراڭغۇدا قالماسلىقى كېرەك.

※ بالىنىڭ ئىشلىتىدىغان قاچا ـ قوشۇقلىرىنىمۇ ئايرىم تۇتۇپ، ھەمىشە پاكىز ساقلاشقا دىققەت قىلىڭ. تەكچىنىڭ بىر تەرىپىدە پىيالە، قوشۇق ۋە بالا ئىشلىتىدىغان باشقا لازىمەتلىكلەرنىڭ ئۈستىگە پاكىز رەخت يېپىپ قويۇڭ.

※ پىچاق، قايچا، بولقىغا ئوخشاش تىغلىق بۇيۇملار كۆزدىن يىراقراقتا تۇرسۇن.

※ ئانىنىڭ بىپەرۋالىقى تۈپەيلى كۆيۈپ قالغان بالىدا ئانىنىڭ ھەققى قالمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرغان مومىلىرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسسىق چاي، چاي قۇيۇلغان پىيالە ۋە تاماق سېلىنغان باشقا قاچىلارنى بالىدىن نېرى تۇتۇڭ.

※ بارمىقىڭىزدا تىللا ياكى كۈمۈش ئۈزۈك بولسۇن، كىر يۇغاندا قولىڭىز ئازادە تۇرىدۇ، پاك بولىدۇ.

※ بالىنى ئېمىتىۋاتقاندا، يۆگەكلەۋاتقاندا، گەپىنىڭ قىسقىسى، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا چاچلىرىڭىزنى تۈرمەكلەپ، رومال ئارتىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ. «چاچ ــ پالاكەت!» دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى ــ ئۇنىڭ ئۇزۇن تاللىرى بالا قولىغا، بوينىغا، ئاياغلىرى ياكى باشقا نازۇك جايلىرىغا يۆگىشىپ قېلىپ، بالىنى ئازابلاپ قويۇشى ياكى بىرەر يامان ئاقىۋەتنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

※ كېچىلىرى بالىنىڭ بىر ئۆلچەمدە ئېمىشى ئانىغا راھەت بېغىشلاپ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. غەپلەت بېسىپ ئۇخلاپ قېلىش پالاكەت ئىشكىنى چوڭ ئېچىش دېمەكتۇر. مىڭ چارە قىلىپ بۇنىڭغا يول قويماڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

# ئەڭ قەدىرلىك ئايال

ئۆي ئىگىسى ئايال دائىم ئېرى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ راھەت ياشاش يولىنى ئىزدەپ، ئائىلىسىنى مەئىشەتتىن تەڭلىكتە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ھېرىپ ـ چارچاپ ئىشلەيدۇ، شۇ يولدا تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قەدىرلەپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرگەن ئايال ھەممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئەقىللىق ۋە نومۇسلۇق ئايال ئېرىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن غەم ـ قايغۇسىغا تەڭ شېرىك بولىدۇ؛ ئېرى تاڭ سەھەر ئىشقا ماڭسا، شېرىن سۆز، خۇش مۇئامىلە بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ؛ ئىشتىن قايتقاندا، يەنە شۇنداق گۈزەل مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالىدۇ. ئېرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك تازىلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. تاماقنى ئۆز ۋاقتىدا تەييارلاپ، ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك غىزالىنىدۇ. غىزا ۋاقتىدا قاپىقىنى تۈرۈپ، بالىلىرىنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ، ئېرىنىڭ دىلىنى رەنجىتمەيدۇ. «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن گەپ بار. ئەدەپلىك ۋە تەربىيىلىك ئايال ئېرىنىڭ ئەجرىنى قەدىرلەيدۇ، ئىسراپچىلىققا يول قويمايدۇ. قانائەتلىك كېلىدۇ، بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئېرىنىڭ مەسلىھەتىسىز بىرەر ئىشقا كىرىشمەيدۇ. بولمىغۇر ئىشنى باھانە

قىلىپ، ئېرى بىلەن جېدەللىشىپ غوۋغا كۆتۈرمەيدۇ، ئېرى ناشايان ئىش قىلىپ قويسا، مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۇرۇپ، ئۇنى شۇ ئىشتىن ياندۇرىدۇ. ئېرىگە مۇھەببەتلىك ۋە ساداقەتلىك بولىدۇ، ئېرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارنى ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆز بىلەن قارشى ئالىدۇ.

ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئايال بۇ ۋەزىپىلەرگە رىئايە قىلسا، ئۆزى، ئېرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ راھەتتە ياشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. مانا شۇنداق پەزىلەتلىك ئايال ھۆرمەت ۋە ئالقىشقا سازاۋەر.

# ئەي مېھرىبان ئانا، ئومۇمي ۋەزىپىڭىزنى ئۇنۇتماڭ

ئائىلىنىڭ ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئاش پىشۇرۇش، ئورۇن- كۆرپىلەرنى ھازىرلاش، ئۆي سۈپۈرۈش، بالىسىنى ئېمىتىپ بۆشۈككە بۆلەشتىن ئىبارەت دەپ قارىغۇچى ئەرلەرمۇ بار. شۇنداقلا، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمىگەنلىكتىن ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى كىچىككىنە ئىشلاردىن ئىبارەت دەپ قارىغۇچى ئاياللارمۇ بار. كىچىك بىر مەملىكەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئايال زاتىنىڭ زىممىسىدە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاز ئەمەس، بەلكى بىر مەملىكەت ئىشىدەك ئۇلۇغۋاردۇر. ئائىلە ئەزالىرىغا گۈزەل تەربىيە بەرمەك، ئائىلىدە كىرىم- چىقىمنى تەرتىپ- ئىنتىزام بىلەن تۇتماق، ئائىلە ئەزالىرىنى مۇناسىپ خىزمەتلەرگە تەيىنلەپ ئىشلەتمەك، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلسە، ئىككىلا تەرەپنى مەمنۇن قىلىدىغان دەرىجىدە كېلىشتۈرمەك، قوشنىلار ياكى باشقىلار بىلەن ئائىلە ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەندە دوستلاشتۇرماق قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئايالنىڭ زىممىسىدىدۇر.

«ئايال پىقىرلىققا قارشى بىر ئەسكەردۇر. ۋەتىنى — ئۆي،

ئىستىھكامى ـــ تىرىشچانلىق، ئۇسۇلى ـــ ھەربىي ئىدارە قىلىش، قورالى ـــ يىڭنە بىلەن قايچا» دېگەن گەپ بار. ئايال يالغۇز ئەسكەرلا ئەمەس، بەلكى كېلىشتۈرگۈچى، تەربىيىچى ۋە نەسىھەت قىلغۇچىدۇر.

ئەقىللىق ئايال ئائىلە ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى قىلچە يەڭگىللىك قىلمايدۇ، ھەر ئىشتا لايىقىدا يول تۇتىدۇ. ئېرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا، قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، بۇرادەرلىرىگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام كۆرسىتىدۇ. ئېرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئەسلا ئالاقە قىلمايدۇ. قولىدىن كېلىشىچە يېمەك ـ ئىچمەكتە تېجەشلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىدۇ. ئېرىنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلماي، مۇمكىنقەدەر روزىغار يىغىدۇ. ئېرى خىزمەتتىن قايتىپ كەلگەندە ۋە ئۇنى كۆرگەندە خۇش مۇئامىلىدە بولىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى سۆزلەشكە، ئۇنىڭ پىكرىنى چالغىتىشقا ئەسلا ئۇرۇنمايدۇ. ئېرىنىڭ بىرەر خاتا پىكىرگە كەلگەنلىكىنى بايقىغاندا، «بۇنداق دېيىلسە قانداق بولار؟» ياكى «مۇنداق دېيىلسە مۇۋاپىقراق بولارمىكىن» دەپ سەممىي مەسلىھەت سالىدۇ. ئەسلا مەسخىرە خاراكتېرىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇيىدا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئەسلا مەقبۇل ئەمەس. بىلدۈرگەن پىكرىنى ئېرى قوبۇل قىلسا، خۇش بولۇپ، قوبۇل قىلمىسا، ئۆپكىلىنىش (ئاچچىقلىنىش) ياكى خاپا بولۇش، دىلىدا غۇم ساقلاش ئەيىبتۇر. چۈنكى ئائىلە سائادىتى ئۈچۈن كۆنۈ تۈن پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئەرنىڭ بەزى ھاللاردا ئايالغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پىكىرلەردە بولۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئايالىنى سۆيمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ خاھىشىغا ئەمەل قىلىش ھەرگىزمۇ ئايالنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرمەيدۇ، بەلكى بۇ ئارقىلىق ئۇ

ئۆزىنىڭ ۋاپادار، گۈزەل خۇلقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشلار ئائىلىگە نىسبەتەن ھەم ئېرىنىڭ، ھەم باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىتائەت بىر خىزمەتچىنىڭ باشلىقىغا ياكى بىر ئەسكەرنىڭ دەرىجىسى ئۆزىدىن چوڭ بولغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش شەكلىدە ئەمەس، بەلكى دوستىنىڭ دوستىغا، ئۆمۈر يولدىشىنىڭ يولدىشىغا ئىتائەت قىلىش شەكلىدىكى مەرھەمەتلىك بىر ئىتائەتتۇر.

زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سوراپ ئېرىنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇش ۋە ئەكەلگەن نەرسىلەرگە رازى بولماسلىق كەيپىياتىدا بولۇشمۇ ياخشى خۇلقتىن ئەمەس، بەلكى ئورۇنسىز جاپا سېلىشتىن ئىبارەت. تەربىيىلىك ئائىلىلەر كېرەكسىز زىننەتلەر ۋە زۆرۈر بولمىغان كىيىملەر توغرىسىدا ئۆزىنى يەڭگىلتەك ئائىلىلەرگە تەقلىد قىلمايدۇ. ئەر ئائىلە پاراغىتى ئۈچۈن بارچە راھەتلەردىن كېچىپ يۈرگىنىدە، بالىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش يولىدا ھەر تەرەپكە قاتراپ تەدبىر قىلىۋاتقان چېغىدا، بايۋەچچە ئائىلىلەرگە تەقلىد قىلىپ ئېرىنى بىئارام قىلىش مۇناسىپ ئىش ئەمەس. بالا تەربىيىسى زامانىمىزدا مۇشكۈل مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر بىر ئايال ئېرىنىڭ بايلىقىنى ئۆزىنى زىننەتلەش يولىدا سەرپ قىلىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلسا، ئۇنداق ئايالنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئەي ھۆرمەتلىك ئايال، كىچىكىڭدە ئاتا-ئاناڭنىڭ ھىمايىسىدە بولۇپ، ئاچا-سىڭىللىرىڭ بىلەن تۈرلۈك-ئويۇن كۈلكىلەرنى قىلاتتىڭ، ئاتا-ئاناڭنىڭ يولىغا كىيىنەتتىڭ، ئۇ چاغلاردا كۆڭلۈڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى سوراپ، شۇنىڭغا يارىشا جاۋاب ئالاتتىڭ، ئۇ قىزلىق ۋاقىتلىرىڭ ئىدى. ھازىر بولسا، ئۇ كۈنلەر ئارقاڭدا



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالدى. قىز دوستلىرىڭىزنىڭ ئورنىغا يالغۇز بىر ئەر دوستۇڭ بولىدى. قونچاقلىرىڭىزنىڭ ئورنىغا بالىلىرىڭ ئولتۇردى. ئەمدى قىزلىق دۇنياسىدىن چىقىپ، ئانىلىق دۇنياسىغا كىردىڭ. كىيىم - كېچەك، ھەممىدە باشقىلارغا تەقلىد قىلىپ، ئۇ ھەقتە باش قاتۇرۇش ئەخمەق ئاياللارنىڭ ئادىتى بولغىنىغا ئوخشاش، ئەمدى بۇنداق قىلىش سەندەك ھۆرمەتلىك بىر ئانىغا مۇناسىپ ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى، ھەر ۋاقىتنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر ئىشى بار. ئەمدى سېنىڭ غېمىڭ ئېرىڭنى رازى قىلىپ، بالا - چاقىلىرىڭ بىلەن ئۆيگە مەشغۇل بولۇشتۇر.

ئەقىللىق ئاياللىڭ ئىشى مۇنداق بولىدۇ: قۇربى يەتسە مۇلايىملىق بىلەن ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرىدۇ، مۇمكىن بولمىغاندا سەۋر - تاقەت بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئائىلىدە ئېرىگە يولداش، ھەر ئىشتا سىرداش بولغان ھەربىر ئايال ئېرىنى كۆيدۈرسە ياخشى ئەمەس. ئەرلەر قوپال سۆز، ئاچچىق مۇئامىلىنى باشقىلاردىن كۆرۈپ چىدىسىمۇ ئۆز ئاياللىرىدىن كۆرسە، ئەسلا چىدىيالمايدۇ. بۇ ھال ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىنى يات كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى يېقىن دوست، سىرداش دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىدىندۇر.

ئائىلە تەربىيىسى ۋە دۇنيادىكى مەۋجۇت مۇشەققەتلەر ئەرلەرنى بەزى چاغلاردا پەس كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ۋە بەزىدە ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىدىن مەيۈس ھالدا قايتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىنىڭ جەھلى چىقىپ، كۆڭلى پاراكەندە بولىدۇ. بۇنداق ھالدىكى كىشىلەرنى ئايىماق ۋە قولدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەك لازىم. شۇنداق ھالدا تۇرۇۋاتقان كۆڭلى پاراكەندە ئەرنىڭ چىشىغا تېگىپ، ئۇنى تېخىمۇ نارازى قىلىش - كۆڭلى مەرھەمەت بىلەن تولغان ئاياللارغا ياراشمايدۇ. ئەقىللىق

ئاياللار ئەرلىرى، ھەتتا ئورۇنسىز يەردە ئاچچىقلانسىمۇ ئېغىر ئالماس.

ئەرنىڭ سەتلىكى، كەمبەغەللىكى نۇقسان ئەمەس. ئەركەك ئۈچۈن ئەڭ چوڭ نۇقسان ئىچىملىك ئىچىش ۋە يالغانچىلىق، ئەقىدىسىز ۋە نىشانسىز ياشاش، ئەل جامائەت رەزىل دەپ قارايدىغان ئەخلاق ۋە ئۆرپ ئادەتلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق، ھورۇنلۇق، غورۇرسىزلىقتۇر. ئەگەر بىر ئەر ئىچىملىك ئىچىش ۋە يالغانچىلىق بالاسىغا مۇپتىلا بولسا، ئۇنىڭ بىچارە ئايالىغا ۋاي، ئائىلىسىگە ۋاي! ئىچىملىك ئىچىدىغان ۋە يالغان سۆزلەيدىغانلار قۇرغان ئائىلە مىسالى سۇ ئۈستىگە بىنا قىلىنغان ئۆيگە ئوخشايدۇ. ئازغىنە بىر دولقۇن سەۋەبلىك ھېچ بىر قۇتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس دەرىجىدە ۋەيران بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىچىملىككە ۋە يالغانچىلىققا بېرىلمىگەن ئەرلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئاياللار كەچۈرۈپ، ئۆزىنى ئېغىر-بېسىق تۇتۇشى لازىم. ئاتا كەبى شەپقەتلىك، قېرىنداش كەبى مەرھەمەتلىك، دۇنيا مەئىشىتى ھەم ئاخىرەت سائادىتى ھەققىدە ياردەمچى بولغان ئەرنىڭ بەزى قۇسۇرلىرىدىن كۆز يۇمۇلسا تېخىمۇ ياخشى. ئەرنىڭ تۇرمۇشى ياخشى بولسا، ئايال ۋە پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ھەم ياخشى بولىدۇ، ئەرنىڭ ھاياتى خەتەرلىك بولسا، ئايال ۋە پۈتۈن ئائىلىنىڭ ھاياتى خەتەردە قالىدۇ.

بۇ ئورۇندا بەزى ئەدىبلەرنىڭ ئۆز قىزىغا سۆزلىگەن نەسىھەتلىرىدىن مۇناسىپ بولغانلىرىنى بايان قىلماقچىمىز: «نىكاھ ۋاقتىدىكى بىرىنچى ئىش بۇزۇق خۇلقلۇق ئەردىن ساقلانماقتۇر. چۈنكى خۇلق جەھەتتىكى بۇزۇقلۇق بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ساقلانماق پەرزدۇر. ئەگەر ئەر بىلەن قوشۇلماقچى بولساڭ، ئۇنى ئىخلاس بىلەن سۆيۈشكە تىرىشقىن. ئېرىڭنىڭ خۇلقى

بۇزۇق بولمىسا، سېنىڭ سۆيۈشۈڭ بىلەن ئۇمۇ سېنى سۆيىدۇ، چۈنكى مۇھەببەت مۇھەببەتنى تۇغدۇ. سېنىڭ سۆيۈشۈڭ ھايا بىلەن بىرلىكتە بولسۇن، تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ ئەقلىنى رام قىلىدىغان نەرسە ھايادۇر.»

«ئېرىڭ توغرىسىدا بىلگەن سىرىڭنى ساقلىغىن، قوشنا ئاياللارغا سۆزلىمە، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپى سېنىڭ غەزىپىڭ كەلگەندە سېنى ھالاك قىلىدىغان مەسلىھەت بېرىدۇ. سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام ئۇنداق دەيتتىم، مۇنداق قىلاتتىم دېيىشىدۇ، ھالبۇكى سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسا ھېچ نەرسە قىلىش قولىدىن كەلمەس ئىدى.»

«ئەرنىڭ ئالدىدا سەت ۋە كۆرۈمسىز كىيىنىپ، باشقا جايلاردا زىيادە كىيىنىشتىن ئېھتىيات قىل. بۇنداق قىلىش تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ كۆڭلىگە شۇبھە سالىدۇ ۋە مۇھەببىتىنىڭ سۇنۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ئاياللار ئۈچۈن يات جايلارغا بارغاندا، ئەڭ ياخشىسى ئاددىي كىيىملەرنى كىيىپ، ئەرلىرىنىڭ يېنىدا خۇشپىچىم بولماقتۇر.»

«ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇخالىپلىق ۋە خاتالىق يالغۇز بىر تەرەپتە بولىدۇ. ئەگەر ئۆزۈڭدە خاتالىق بولماسلىقىغا ئىنتىلسەڭ، ئائىلە شاراپىتىنى ساقلاپ قالغۇچى ئايال بولسەن».

«ئېرىڭگە تاپشۇرۇۋاتقان ياشلىق گۈللىرىڭ ھەر كۈنى كېمىيىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ھۆسن-خۇلق، ساداقەت گۈللىرىنى ئۆستۈرمەككە ئىنتىل. بۇنداق ئالدامچىلىق، خۇشامەتگۈيلۇق، زىددىيەت غالىب ئورۇندا تۇرغان زاماندا ئەرلەر ياش ئاياللاردىن كۆرە زىيادە مۇھەببەت ئىخلاسىغا ئىگە ئاياللارغا موھتاجدۇر.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەقىللىق ئاتا ـ ئانىلار خالىي بولۇشقا تېگىشلىك سەۋەنلىكلەر

شۈبھىسىزكى، ئەقىللىق ئانىلارمۇ سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايدۇ، بىراق ئۇلار ئۆزىنىڭ قانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى دەرھال بايقىيالايدۇ ھەم ناھايىتى تېز ئۆزگەرتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەقىللىقلىقىدىندۇر.

نۇقسانسىز، ئەقىللىق ئاتا ـ ئانا بولۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى دائىم ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم، چۈنكى ئېھتىياتسىزلىقتىن سادىر قىلغان بىر سەۋەنلىك بالىنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**بىرىنچى، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە**

1. بالىغا تاماقنى بەك كۆپ يېگۈزمەك

بالىغا تاماقنى بەك كۆپ بەرگەندە، ئاشقازان ـ ئۈچەي يوللىرىنىڭ تۈرلۈك قۇۋۋەت ماددىلىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ھەزىم قىلىشىغا تەسىر يېتىپ، ئاشقازاننىڭ باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ. ئېغىرراق بولغاندا ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان كېڭىيىپ كېتىش، ئاشقازان تېشىلىش

قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

2. بالىغا شېكەرلىك يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېگۈزمەسلىك

بالىغا شېكەرلىك يېمەكلىكلەرنى كۆپ بەرگەندە، بەدىنىدىكى شېكەر ماددىسى ئېشىپ كېتىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ قوبۇل قىلىنىشى تەسىرلىنىپ، بالىنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك تاتلىق نەرسىلەر چىشقا چاپلىشىۋېلىپ، چىشنى ئاسانلا قۇرت يەيدۇ.

3. بالىغا قوغۇشۇن مىقدارى يۇقىرى بولغان ئاتقان قوناق، ھاكقا چىلانغان تۇخۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆپ يېگۈزمەسلىك

نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى يېمەكلىكلەردە ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق بولغان قوغۇشۇن مىقدارىنىڭ (بولۇپمۇ ئاتقان قوناق بىلەن ھاكقا چىلانغان تۇخۇم بۇنىڭ تىپىك مىسالى) بارلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق يېمەكلىكلەرنى داۋاملىق ئىستېمال قىلغاندا، بالىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىش بىلەن بىللە، قوغۇشۇن بالىلاردا قان ئازلىق، بويى پاكار بولۇپ قېلىش ۋە بۆرەكنى زىيانغا ئۇچرىتىش قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. بالىغا قالايمىقان قۇۋۋەت تولۇقلىماسلىق

بالا ساغلام ئەھۋالدىمۇ، ئاتا بولغۇچى قۇۋۋەت تولۇقلاش بۇيۇملىرى ئارقىلىق پەرزەنتىنىڭ تېخىمۇ ساغلام، ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن قۇۋۋەت تولۇقلاشقا ئېھتىياجلىق بولمىغان بالىغا قۇۋۋەت تولۇقلىغاندا ياخشى مەنپەئەتكە ئىگە بولالمايلا قالماي، قۇۋۋەتنىڭ ئېشىپ كېتىشى بىلەن بالىدا زىيادە سېمىزلىك، بالدۇر يېتىلىپ قېلىش قاتارلىق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

5. بالا ئائىلە ئايلىق بولغاندىن كېيىن، كالا ۋە ئانا سۈتى

بىلەن بېقىۋەرمەي، تاماق بېرىش

بالىغا قوشۇمچە يېمەكلىك بېرىش ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىشنىڭ تەييارلىقى بولۇپلا قالماي، يەنە بالىنىڭ چايناش ۋە يۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۇنۇملۇك چېنىقتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. شۇڭلاشقا ئانا چوقۇم بالا تۆت ئايلىق ياكى ئالتە ئايلىق بولغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بېرىشى لازىم.

6. بالىغا تاماقنى چايناپ يېگۈزمەك

چاينالغان تاماق ئاسان ھەزىم قىلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق قىلىش تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىك بولىدۇ. بالىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى بەك ئاجىز بولغانلىقتىن، ئانىنىڭ ئاغزىدىكى مىكروبلار بالىنى ئاسانلا كېسەل قىلىپ قويىدۇ.

7. بالىغا كونسېرۋا يېمەكلىكلەرنى بەرمەك

كونسېرۋا يېمەكلىكلەرنىڭ تەمى ياخشى، يېيىشكە ئەپلىك بولغاچقا، ئاتا-ئانىلار دائىم بالىسىغا ئېلىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەلمىي چارە ئەمەس. كونسېرۋا ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانىدا يېمەكلىك سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دائىم چىرىتمەس دورا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ ماددىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى كۆپ بولۇپ كەتسە زەھەرلىنىپ قالىدۇ.

8. بوۋاق بالىلارنى كونسېرۋا سۈت بىلەن باقماق

كونسېرۋا سۈت تەركىبىدىكى شېكەر مىقدارى كۆپ، ئاقسىل ۋە باشقا قۇۋۋەت ماددىلىرى سۈتكە قارىغاندا ئاز، شۇڭا بالىنى كونسېرۋا سۈت بىلەن باققاندا، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

9. سۈت ياقمايدىغان بالىغا مەجبۇرىي سۈت ئىچكۈزمەك

بالىلارغا سۈتنىڭ يېقىۋېرىشى ناتايىن. بەزى بالىلارغا سۈت

رېئاكسىيە بېرىدۇ، سۈت ئىچكەندىن كېيىن ئىچى سۈرىدۇ، ياندۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىغا سۈتنى زورلاپ ئىچكۈزسە، بالا تاماقتىن زېرىكىپ، ئىشتىھاسى ناچارلىشىدۇ.

10. بالا بىلەن چوڭلارنىڭ يېمەكلىكىدە پەرق بولسۇن، بەك تۇزلۇق ياكى بەك تاتلىق بولۇپ كەتمىسۇن

تۇز ۋە شېكەرنىڭ زىيادە قوبۇل قىلىنىشى ساغلاملىققا پايدىسىز. بالىنىڭ بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق تەرەققىي قىلمىغاچقا، بۇ ئوزۇقلۇق تەركىبلىرى بەدەندە قالدۇرغان زىيانلىق ماددىلارنى تولۇق ئالماشتۇرالمايدۇ. شۇڭا، ئانا بولغۇچى بالىغا بەك تۇزلۇق ۋە بەك تاتلىق تاماق تەييارلاپ بەرمەسلىكى كېرەك.

**ئىككىنچى، ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە**

1. بالىنىڭ تىلى يېڭىدىن چىققاندا «ھام، ھام»، «ھۆممە» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتمەك

بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ تىلى يېڭىدىن چىققاندا، بالىغا مەستلىكى كېلىپ بالىنى دوراپ گەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىنىڭ دوراش ئىقتىدارى بەك كۈچلۈك، ئاتا ـ ئانىلار بالىغا دائىم مۇشۇنداق گەپ قىلسا، بالىنىڭ تىل ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىسى بولمايدۇ.

2. بالىغا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىلدىن ئارتۇق چەت ئەل تىلى ئۆگەتمەك

گەرچە بالىلىق دەۋرىدە بالىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ئۆگىنىش ۋەزىپىسى بالىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

3. گەپ قىلالمايدىغان بالىنى مەجبۇرىي گەپكە سالماق

ھەربىر بالىنىڭ تىلى چىقىش ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ، ئەگەر

بەزى باللارنىڭ تىلى كېچىكىپرەك چىقسا، دوختۇرغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈش ھەمدە پسىخىك جەھەتتە تەربىيىلەش، گەپ قىلىشقا دائىم يېتەكلەش لازىم. ئەگەر بالا گەپ قىلىشقا مەجبۇرلانسا، گەپ قىلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قېلىپ، تېخىمۇ بەك گەپ قىلماس بولۇۋالىدۇ.

4. بالىغا باللار پروگراممىلىرىنى بەك كۆپ كۆرسەتمەڭ

باللار پروگراممىلىرى گەرچە بالىنىڭ كۆرۈشىگە مۇۋاپىق كەلسىمۇ، لېكىن بەك كۆپ كۆرسە، بالىنىڭ تىل تەرەققىياتىنىڭ كېچىكىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

5. بالىنىڭ تەلەپپۇز جەھەتتىكى خاتالىقىغا ئېسىلىۋالماڭ

بالا دەسلەپ گەپ قىلىشنى ئۆگەنگەندە، تەلەپپۇز جەھەتتە نۇرغۇن خاتالىق كۆرۈلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە ئېسىلىۋېلىپ، سوروۇن تاللىماي (بالا ئويناۋاتقاندا) بالىنىڭ خاتالىقىنى تۈزەتكەندە، بالىنىڭ كەيپى بۇزۇلۇپ، گەپ قىلىشتىن قورقۇپ، گەپ قىلماس بولۇۋالىدۇ.

6. بالىنىڭ غەلىتە ئويلىرىغا تەنبىھ بەرمەڭ

بالىنىڭ چوڭلار چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان نۇرغۇن غەلىتە ئويلىرى بولىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا دائىم تەنبىھ بېرىلسە، بالىنىڭ ئىجادچانلىق ۋە تەپەككۇر ئىقتىدار جەھەتتىكى يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

7. بالىنىڭ قىزىقىشىنى بوغماڭ

بالىنىڭ قىزىقىشىنى بوغۇش بالىنىڭ بىلىم ئېلىش ئىستىكىنى بوغقانغا باراۋەر. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالا سورىغان مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمىسە، ھەرگىزمۇ قالايمىقان جاۋاب بەرمەسلىكى كېرەك.

8. بالا سىزغان رەسىمدىن خالىغانچە قۇسۇر تاپماڭ

بالا سىزغان ھەربىر پارچە رەسىمدە بىر ھېكايە بولغان بولىدۇ، مۇبادا چوڭلارنىڭ نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغانچە رەددىيە بەرسىڭىز، بالىنىڭ ئىجادچانلىق ۋە تەپەككۇر ئىقتىدار جەھەتتىكى يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

**9**. بالا ئۆگىنىدىغان پەنلەرنى تاللىغاندا، دائىم باشقا ئاتا ـ ئانىلارنى دورىماڭ، ئۆز بالىڭىزنىڭ ئالاھىدە تۇغما قابىلىيىتىنى نەزەردە تۇتۇڭ

ھەربىر بالىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ، ئەگەر بالىڭىزنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى ئويلاشماي، ئېقىمغا ئەگىشىدىكەنسىز، دائىم بىكاردىن ـ بىكار پۇل خەجلىگەن بولىسىز، ئاقىۋەتتە بالىڭىز ھېچنېمىنى ئۆگىنەلمەيدۇ.

**10**. ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشىنى بالىڭىزغا تاڭماڭ، بالىڭىزنى ئۆزى ھەرگىزمۇ قىزىقمايدىغان نەرسىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىماڭ.

بالىنىڭ قىزىقىشىدا سىزنىڭ ئىرسىيىتىڭىزنىڭ بولۇشى ناتايىن، ناۋادا مەجبۇرلىسىڭىز، بالا سىزدىن بىزار بولىدۇ.

**11**. بالىغا چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلماڭ

چۈشىنىكسىز گەپ قىلسىڭىز، كىچىك بالا سىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەنمەيدۇ، سىزنىڭ گەپ قىلغىنىڭىز گەپ قىلمىغىنىڭىزغا باراۋەر بولۇپ قالىدۇ، تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت شۇكى، گېپىڭىزنى خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ.

**12**. بالىغا تەنە گەپ قىلماڭ

بالا سىزنىڭ تەنە گېپىڭىزنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇ سىزنى شۇنداق دېمەكچى ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ.

**13**. بالا يىغىلىغان ئويۇنچۇقنى بۇزۇپ قويغاندا ئاچچىقلانماڭ

بالىنىڭ ئويۇنچۇقىنى بۇزۇپ قويۇشى قىزىقىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ ئىپادىسى، ئاتا ـ ئانا ناۋادا ئاچچىقلىنىپ كەتسە، بالىنىڭ ئىجادچانلىق ۋە قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ.

14. بالىنى يالغۇز قالدۇرۇپمۇ تۇرۇڭ

بالا چوڭلارغا ئوخشاش يالغۇز قېلىشقا موھتاج، ناۋادا ئاتا ـ ئانا دائىم بالىسىنى ئەگىپلا يۈرسە، بالا ئاتا ـ ئانىغا ھەددىدىن زىيادە يۆلىنىۋالىدۇ.

15. بالىغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭ، بىللە كىتاب ئوقۇڭ

بالا بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇش پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ياخشى يولى، ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم بۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىشى كېرەك.

16. بالىغا تەلەپنى بەك يۇقىرى قويۇۋەتمەڭ

تەلەپ بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، بالىدا ئاسانلا قارشىلىشىش پسىخىكىسى شەكىللىنىپ قالىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئائىلە تەربىيىسى جەھەتتە**

1. بالىنى تەربىيىلەشتە بالىنىڭ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەڭ

بالىنى بەك ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە، بالىنى تەربىيە كۆرمىگەن، ھەددىدىن زىيادە ئۆز بېشىمچى قىلىپ قويىدۇ.

2. بالىنى ئىززەتلەڭ، بالىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىڭ

بالا ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، بالىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بالىمۇ ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەت قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

3. بالىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، بالىنىڭ

مەنىۋى ئېھتىياجىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىڭ

مەنىۋى جەھەتتىكى تەسەللى بالا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئاتا ـ ئانا بالىغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇشى، بالا بىلەن كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇشى لازىم، بۇنداق قىلغاندا ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرلىككە كەلگەن تەربىيىلەش قارىشى بولۇشى كېرەك

ئاتا ـ ئانا ئوخشاشمىغان تەربىيىلەش قارىشىنى قوللانغاندا، بالا قانداق قىلىشنى، كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

5. بالىدىن قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشتا، ئاتا ـ ئانا ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇشى لازىم

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئۈلگىسى، ناۋادا ئاتا ـ ئانا ئۆزى ئۈلگە بولمىسا، بالىدىن ئىشنى ئۇنداق ياكى مۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇر.

6. بالىغا ئىشىنىڭ

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشەنچىسى بالىغا زور ئىلھام بولىدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىغا تېخىمۇ كۆپ ئىشەنچ ئاتا قىلىشى كېرەك.

7. بالىنى كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇڭ، ئازراق سەلبىي باھا بېرىڭ

زىيادە سەلبىي باھا بېرىش بالىلارنى ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

8. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ۋە بالىنىڭ ئالدىدا بالىنى زىيادە ماختىماڭ

دائىم مۇشۇنداق قىلغاندا، بالا تەكەببۇر، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

9. بالىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئويلانمايلا ئىنكار قىلماڭ

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، بالىنىڭ ھەرىكىتىنى ئويلانمايلا ئىنكار قىلىسىڭىز، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بالىنى قايىل قىلالمايلا قالماستىن، بالا بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتكە تەسىر يەتكۈزىسىز.

10. ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماي تۇرۇپلا بالىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى باھالىماڭ

بەزى چاغلاردا ئاتا بەلكىم چاقچاق ئارىلاش گەپ قىلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ گەپلەر بالىنىڭ قەلبىگە ئورناپ قالىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭ كارايىتى چاغلىقكەن، كېلەر قېتىم يەنە شۇنداق قىلسام بولىۋېرىدىكەن، دەپ قالىدۇ.

11. بالىنىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى كەمسىتمەڭ

بۇنداق قىلىش بالىنى ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ۋە ھېچنېمىنى نەزىرىگە ئالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

12. ئاتا ـ ئانىلار گېپىدە تۇرۇشى كېرەك

گېپىدە تۇرماسلىق ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا بالىنىڭ ئائىلە باشلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا ئالدىدىكى ھەيۋىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

13. بالىغا بەك زور ئۈمىد باغلاپ كەتمەڭ

ئۈمىد بەك زور بولۇپ كېتىپ بالىڭىزنىڭ ئىقتىدار دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتسە، ئۈمىدىڭىز يوققا چىقىدۇ.

14. دەم قىزىپ دەم سوۋۇپ كەتمەڭ، بالىنىڭ ھەممە تەلەپلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇۋەرمەڭ، ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قوللۇق قىلماڭ.

بۇنداق تۇتۇرۇقسىز پوزىتسىيىدىن بالا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بالىنىڭ سىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

15. بالىغا كىيىم تاللىغاندا مۇۋاپىق رازمېرلىقىنى تاللاڭ

رازمېرى چوڭ كىيىملەرنى ئۇزۇن ۋاقىت كىيگىلى بولسىمۇ، بالىنىڭ ئېستېتىك قارىشىغا تەسىر يېتىدۇ، ئىشتان بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە بالا ئاسانلا يىقىلىپ چۈشىدۇ.

16. ئاتا-ئانا بالىنىڭ ئالدىدا تىللاشماسلىقى، ئۇرۇشماسلىقى كېرەك

بۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا تەسىر يېتىدۇ، شۇنداقلا ئاتا-ئانىنىڭ بالا قەلبىدىكى ئوبرازىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

17. ئاتا-ئانىدا بالىلارچە قەلب بولۇشى كېرەك

ئاتا-ئانىدا بالىلارچە قەلب بولمايدىكەن، بالا ئاتا-ئانىغا ھەمراھ بولۇشنى مەنىسىز ھېس قىلىپ قالىدۇ.

18. ئاتا-ئانا بالا بىلەن بىللە ئوينايدىغان ۋاقىت ئاجرىتىشى كېرەك

دائىم ۋاقتى يوق ئاتا-ئانا بالا بىلەن بولغان ئارىلىقنى يىراقلاشتۇرۇۋالىدۇ.

19. بالىغا ئۆزىنى سىنايدىغان پۇرسەت بېرىڭ

بالىغا ئۆزىنى سىنايدىغان پۇرسەت بەرمىگەندە، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، بالىنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

20. بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ۋاتىلداپ كەتمەڭ

تولا ۋاتىلدىسىڭىز، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتەلمەيلا ئەمەس، يەنە بالىنى ئۆزىڭىزدىن بىزار قىلىپ قويۇسىز.

21. بالىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زىيادە دىققەت قىلىپ كەتمەك، ئۇلارنى ئازادە قويۇش

بالىنىڭ نۇرغۇن ھەرىكىتى ئاڭسىزلارچە بولىدۇ ھەم ھېچقانداق نەرسىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ، زىيادە دىققەت قىلىپ كەتسىڭىز، تەشۋىشىڭىز كۆپىيىپ كېتىدۇ.

22. ئاتا-ئانا بالىنىڭ ئالدىدا بىر-بىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلماسلىقى كېرەك

بۇ بالىنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

23. بالا خاپا بولغاندا، بالىغا قوپاللىق قىلماق

بالا خاپا بولغاندا، مەسىلىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق زىددىيەتنى پەسەيتىش كېرەك، ناۋادا زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرماقچى بولىدىكەنسىز، ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتكە تەسىر يېتىدۇ.

24. بالىنىڭ تۇنجى نەتىجىسىگە تۇزىتىش بەرمەك

بالىنىڭ تۇنجى نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان سەۋەنلىك بولۇشى مۇمكىن، ئاتا-ئانا بۇنى چۈشىنىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم، دەرھال تۈزىتىش بەرسىڭىز، بالىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى بۇزىسىز.

25. بالىنىڭ سادىر قىلغان سەۋەنلىكىنى دائىم بىر تەرەپ قىلىۋەرمەك

بالا سادىر قىلغان سەۋەنلىكلەرنى دائىم بىر تەرەپ قىلغاندا، بالا تېخىمۇ يۈز-خاتىر قىلماي سەۋەنلىك سادىر قىلىۋېرىدىغان بولۇۋالىدۇ.

26. باشقىلارنىڭ بالىسى بالىڭىزنى بوزەك قىلغاندا دەرھال ئۆچ ئالماق

باللار ئۇتتۇرىسىدىكى جېدەل بىردەملىك، ناۋادا ئاتا ـ ئانىلار ئارىلاشسا، ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا بالىدا باشقىلارغا يول قويمايدىغان خاراكتېر يېتىلىپ قالىدۇ.

27. پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئاتا ـ ئانىنىڭ مەيدانى بولۇشى كېرەك

مۇبادا ئاتا ـ ئانا پرىنسىپتا چىڭ تۇرمىسا، بالا قايسى ئىشنى قىلسا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ.

28. تەكرار سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بالىنى زورلاۋانلىق بىلەن جازالىماڭ

بالىنىڭ تەكرار سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش سەۋەبى ئېنىق بولمايدۇ، ئاتا ـ ئانا سەۋەبنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن بالىغا گەپ قىلىشى كېرەك.

29. بالىنىڭ خاراكتېرىنى ئىنكار قىلماڭ

ھەربىر كىشىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمايدۇ، مۇبادا قارىغۇلارچە ئىنكار قىلسىڭىز، بالىڭىز بوغۇلۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ ـ دە، تەپەككۇرىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

**تۆتىنچى، پسىخىكا جەھەتتە**

1. بالا جىنسىيەت توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى سورىسا، ئۇنى يولسىزلارچە ئەيىبلىمەڭ

بالىنىڭ جىنسىيەتكە قىزىقىشى ئۇنىڭ ناشايانلىقى ئەمەس، ناۋادا ئاتا ـ ئانا بالىنى يولسىزلارچە ئەيىبلەۋەرسە، بالا نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالمايلا قالماستىن، بۇ ئىشلارغا تېخىمۇ قىزىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

2. بالا سورىغان جىنسىيەت توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە قالايمىقان جاۋاب بەرمەڭ

قالايمىقان جاۋاب بەرسىڭىز، بالا قايمۇقۇپ، بەزى چاغلاردا تېخىمۇ گاڭگىراپ، تېخىمۇ قىزىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

3. بالىڭىز بىلەن بىللە ياتماڭ

بۇنداق قىلسىڭىز، ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشقا تەسىر يېتىپلا قالماي، بالا ئاتا-ئانىغا تېخىمۇ تايىنىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

4. كىچىك چېغىدىن باشلاپلا قىزىڭىزنى ئوغۇلدەك، ئوغلىڭىزنى قىزدەك ياساپ قويماڭ

بۇنداق قىلسىڭىز، بالا كىچىكىدىنلا جىنسىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋالىدۇ.

5. بالىنى قوغدايمەن، زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتمايمەن دەپ، بالىڭىزنى ناتونۇش كىشىلەرگە گەپ قىلغۇزمايمۇ قويماڭ

بالىنى جەمئىيەتكە ئارىلاشتۇرمىغاندا، بالىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارى ۋە تىل قابىلىيىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

**بەشىنچى، ساغلاملىق، كۈتۈنۈش جەھەتتە**

1. بالىنى يۇيۇندۇرغاندا، بالىنى داسقا يالغۇز تاشلاپ قويماڭ

ناۋادا بالا ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشسە، ئاسانلا سۇ ئىچىۋالىدۇ-دە تۇنجۇقۇپ قالىدۇ.

2. بالىنى يۇيۇندۇرغاندا، بالىنى سۇنىڭ ئىچىدە تۇرغۇزۇپ قويماي تۇتۇپ تۇرۇڭ

بۇنداق قىلسىڭىز، بالا يىقىلىپ چۈشۈشتەك خەتەر كېلىپ چىقمايدۇ.

3. بالىنى يۇيۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىز ئىشلەتكەن تېرە ئاسراش مايلىرىنى سۈرتۈپ قويماڭ

چوڭلارنىڭ تېرە ئاسراش مايلىرىنىڭ تەركىبى بالىلارنىڭكىگە ئوخشاش بولمىغاچقا، مېيىڭىز بالىڭىزنىڭ تېرىسىگە ماس كەلمەيدۇ.

4. بالىنى ئەتىر سوپۇن بىلەن يۇيماڭ

ئەتىر سوپۇن ئىشقارلىق بولغاچقا، بالىڭىزنى دائىم ئەتىر سوپۇن بىلەن يۇيۇندۇرسىڭىز، بالىڭىزنىڭ تېرىسى بەك قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ.

5. بالا داستىكى ۋاقىتتا داسقا قىزىق سۇ قۇيماڭ

بۇنداق قىلسىڭىز، قىزىق سۇ بالىڭىزنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ.

6. بالا ئۇخلايدىغان ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەن بولمىسۇن

بالىنىڭ نەپەسلىنىش سىستېمىسى ئىنتايىن يۇمران بولىدۇ، تېمپېراتۇرا بەك تۆۋەن بولۇپ كەتسە، بالىغا ئاسانلا سوغۇق تېگىپ، زۇكامداپ قالىدۇ.

7. بالىنى كۈن نۇرىدا ئۇخلاتماڭ

كۈن نۇرى بالىنىڭ تېرىسىنى ئاسانلا زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ.

8. بالىنى ئۇخلاتقاندا، ئۆيدىكى ئەتىۋارلىق هايۋانلاردىن قوغداش تەدبىرى قوللىنىڭ

ناۋادا بالا قوغدالمىسا، ئەتىۋارلىق هايۋانلار بالىنى زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ، ئىتنىڭ بالىنى چىشلەپ زەخىملەندۈرۈپ قويغىنىدەك مىساللار ناهايىتى كۆپ.

9. كېچىدە بالا ئېمىمەن دېسە، دەرهال ئېمىتىڭ، بالىنى ئويىنىتىپ يۈرمەڭ

بۇنداق قىلسىڭىز، بالا تېخىمۇ روهلىنىپ، ئېمىتكەن تەقدىردىمۇ ئۇخلىغىلى ئۇنىمايدۇ.

10. بالىنى ئۇخلاتقاندا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ

بالا كۆزىنى ئېچىش بىلەنلا چىراغ نۇرىنى كۆرىدۇ، بالا ئۇزاق مۇددەت چىراغ نۇرى ئاستىدا ئۇخلىسا، بالىنىڭ كۆزى ئاسانلا

زەخىملىنىپ، ئالغاي بولۇپ قىلىش، يىقىنىنى كۆرەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

11. بالىنىڭ يىغىسىغا پىسەنت قىلماي قويماڭ

بالىنىڭ يىغىسىغا دائىم پىسەنت قىلمىسىڭىز، بالىنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى تەسىرگە ئۇچراپ، پىسخىكىلىق مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

12. بالىغا تۆرلۈك ۋاكسىنىلارنى ئۇرغۇزۇۋەرمەڭ

بالىنى ساغلام بولسۇن دېسىڭىز، يېمەك-ئىچمەك، تۇرمۇش ئادەتلىرى، مۇھىت قاتارلىق جەھەتلەردىن باشلىشىڭىز كېرەك. قانچە كۆپ ۋاكسىنا ئۇرغۇزسىڭىزمۇ، بارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ بولالمايسىز.

13. بالىنى قورقۇتماڭ

بالىنى دائىم قورقۇتسىڭىز، بالىدا پىسخىكىلىق مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ.

14. بالا يىقىلىپ يارىلانسا، ئاتا-ئانا يارىلانغان يەرنى قالايمىقان ئۇۋۇلىماسلىقى كېرەك

قالايمىقان ئۇۋۇلىسىڭىز، بالىنىڭ يارا ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

15. بالا يارىلانغاندا، بالىغا بىر تالاي تەسەللى بېرىپ كەتمەڭ

بالىنىڭ يارىسى بىلەنلا قالسىڭىز، بالا تېخىمۇ مىشچان، ئۆكۈشسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

16. بالىنىڭ ئويۇنچۇق، يېمەك-ئىچمەك قاچىلىرىنى ۋاقتىدا دېزىنفېكسىيىلەپ تۇرۇڭ

بالا ئويۇنچۇق قاتارلىقلارنى ئاغزىغا سېلىشقا ئامراق، ناۋادا ۋاقتىدا دېزىنفېكسىيىلىمىسىڭىز، بالا يۇقۇملىنىپ قالىدۇ.

17. بالىنىڭ ئالدىدا تاماكا چەكمەڭ

ۋاستىلىك تاماكا چېكىش بەدەنگە زىيانلىق، بالا چوڭلارنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن تاماكا چېكىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

18. باللارغا دائىم قەنت ـ گېزەك بېرىۋەرمەڭ

رەڭگارەڭ قەنت ـ گېزەكلەر چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەركىبىدە نۇرغۇن پىگمېنت ۋە شېكەر بولۇپ، كۆپ بەرسىڭىز بالىغا زىيانلىق.

19. ئۆيىڭىز پاكىز ھەم كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان بولسۇن

پاكىزە يورۇق ئۆي بالىنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى ساغلاملىقى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ياخشى رول ئوينايدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانا بۇ نۇقتىغا سەل قارىماسلىقى كېرەك.

20. بالىغا بەك تار كىيىم كىيگۈزمەڭ

كىيىم بەك تار بولۇپ كەتسە، بالا ھەرىكەت قىلغاندا قولىشالمايدۇ، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ زىيانلىق.

21. بالا ئاغرىپ قالغاندا، دورىنى سۈت بىلەن ئىچكۈزمەڭ

دورىنى قايناق سۇ بىلەن ئىچىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، دورىنى سۈت بىلەن ئىچكۈزسىڭىز، دورىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ.

22. بالىنى غىدىقلاپ كۈلدۈرۈۋەتمەڭ

بالىنى غىدىقلاپ كۈلدۈرۈۋەتسىڭىز، ئاسانلا تۇنجۇقۇپ قالىدۇ.

23. بالىنىڭ كىيىمىنىڭ مەينەت بولغان ـ بولمىغانلىقى بىلەن قالماڭ

باللار ئۈيىنىغاندا، كىيىمنىڭ پاسكىنا بولۇشى ناھايىتى نورمال ئىش، ئاۋادا بەك زىغىرلاپ كەتسىڭىز، بالىڭىزنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ قويىسىز-دە، بالىڭىز سىزگە ئۆچ بولۇپ قالىدۇ.

24. بالىنىڭ ناچار تازىلىق ئادىتىنى ئۆزگەرتىڭ

ناچار بولغان تازىلىق ئادىتى ئۆزگەرتىلمىسە، بالىڭىز چوڭ بولغاندا تەربىيىسىز كۆرۈنۈپ قالىدۇ، تەن ساغلاملىقىغىمۇ زىيانلىق.

25. بالىغا كىيىمنى بەك جىق كىيگۈزمەڭ

بالىغا كىيىمنى بەك جىق كىيگۈزسىڭىز، بالا بەك ئىسسىپ تەرلەپ كېتىدۇ، بەدىنى چەكلىمىگە ئۇچراپ، ھەرىكەت قىلىشى قۇلايسىز بولۇپ، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ چېنىقىشىغا تەسىر يېتىدۇ.

26. بالىغا بەك قېلىن يوتقان يېپىپ قويماڭ

بەك قېلىن يوتقان يېپىپ قويسىڭىز، بالا ئىسسىپ كېتىپ، يوتقاننى تېپىپ ئېچىۋېتىدۇ ياكى قولىنى يوتقاننىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېلىپ، سوغۇق تېگىپ قالىدۇ. شۇڭا، بالىغا مۇۋاپىق يوتقان يېپىش كېرەك.

27. بالا مېڭىشنى ئۆگەنگەندە، بالىنى بىراقلا ماڭغۇزۇۋېتىش كويىدا بولماڭ

بالىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشى بىر تەدرىجىي جەريان، مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرمەن دېسىڭىز، نەتىجىسى ئەكسىچە بولىدۇ. باشقىلاردىن بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىش ئۈياقتا تۇرسۇن، بالىڭىزنى قىيناپ قويىسىز.

28. بالا مېڭىشنى ئۆگەنگەندە، ئاتا-ئانا بالىنىڭ قولىنى تارتىپ ماڭغۇزماسلىقى كېرەك

بۇنداق قىلسىڭىز، بالىڭىزنىڭ قول-بىلەكلىرى سوزۇلۇپ

زەخىملىنىدۇ، ئاتا ـ ئانا بالىغا ئۆزىنى سىنايدىغان تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت بېرىشى كېرەك.

29. بالا مېڭىشنى ئۆگەنگەندە، باشلىنىشىدىلا توغرا بولمىغان قىياپەت بىلەن ماڭمىسۇن

توغرا بولمىغان مېڭىش قىياپىتى كىچىكىدىن تۈزىتىلمىسە، كېيىن چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ، پۇتنىڭ ئۆسۈشىنىڭ باشقىچە بولۇشى مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ، مەسىلەن، X شەكىللىك پۇت ۋە O شەكىللىك پۇت.

30. بالىغا بەك ئۇچلۇق ياكى بەك تار ئاياغلارنى ئېلىپ بەرمەڭ

ئاياغ بەك ئۇچلۇق بولۇپ كەتكەندە، پارونخىيە بولۇپ قالىدۇ، بەك تار ئاياغلار قان ئايلىنىشقا تەسىر يەتكۈزۈپ، پۇت ئۇستىخانلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

31. بالىغا دائىم ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان ئاياغلارنى كىيدۈرۈپ قويماڭ

ئاياغتىن ھاۋا ئۆتۈشمىگەندە، بالىنىڭ پۇتىدىن چىققان تەر پارلىنالماي، ئاسانلا پۇت تەمرەتكىسى بولۇپ قالىدۇ.

32. بالىنى كۆڭۈل ئېچىش مەيدانلىرىغا ئاپىرىپ، «تاق رېلىسلىق سىيرىلغۇچ ماشىنا» قاتارلىق خەتىرى چوڭ ئويۇنلارنى ئويناتماڭ

بۇ پائالىيەتلەر گەرچە يېڭىچە، قىزىق بولسىمۇ، لېكىن غايەت زور سوقۇلۇش كۈچى بالىنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن زەخىملەندۈرىدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىغا بۇنداق خەتەرلىك ئويۇنلارنى ئويناتقۇزماسلىقى كېرەك.

33. بالىغا ئوينىتىپ تۇرۇپ تاماق بەرمەڭ

بالىغا ئوينىتىپ تۇرۇپ تاماق بەرسىڭىز، بالىنىڭ دىققىتى

چېچىلىپ، ئاماققا كۆڭلى تارتمايدۇ ھەم ھەزىم قىلىشىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

34. باللار بىلەن لۆڭگە، داس قاتارلىق تازىلىق بۇيۇملىرىنى تەڭ ئىشلەتمەڭ

بالىڭىز ئۆز ئالدىغا تازىلىق بۇيۇملىرى بولۇشى كېرەك، تازىلىق بۇيۇملىرىنى بالا بىلەن تەڭ ئىشلەتسىڭىز، بالا باكتېرىيەدىن يۇقۇملىنىدۇ.

35. خۇشال ۋاقىتلىرىڭىزدا، بالىنى باشتىن ئېگىز ئاتماڭ

بالىڭىز ئۇستىخانلىرى يۇمران بولىدۇ، بۇنداق قىلسىڭىز، بالا ئاسانلا زەخمىلىنىپ قالىدۇ.

36. بالىنى دائىم چاقماق لامپىلىق ئاپپاراتتا رەسىمگە تارتماڭ

يېشى كىچىك بالىنى بۇنداق ئاپپاراتتا رەسىمگە تارتسىڭىز، بالىڭىز كۆزى ئاسان زەخمىلىنىدۇ.

37. بالىڭىز ئىچى سۈرۈپ قالسا، بالىڭىز يېمەكلىكىنى توختىتىۋەتمەڭ

بۇنداق قىلسىڭىز، بالىڭىز ئوزۇقلۇقى يېتىشمەي، يۈرەك ۋە قان ئايلىنىشى زەئىپلىشىپ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

38. بالىغا بەك كۆپ ئويۇنچۇق ۋە كىتاب ئېلىپ بەرمەڭ

بەك كۆپ ئويۇنچۇق ۋە كىتاب ئېلىپ بەرسىڭىز، بالا دىققىتىنى بىر ئىشقا مەركەزلەشتۈرەلمەي، ئۆگىنىشكە تەسىر يېتىدۇ.

39. بالا ئىشتىنىغا سىيىپ قويسا، بالىنى قاتتىق جازالىماڭ

بالىڭىز ئىشتىنىغا سىيىپ قويۇشىدا نۇرغۇن سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، ئەيىبلەش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بالىڭىز پسىخىكىسىغا ناچار تەسىر كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئانىلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى

1. بالىلىرىڭىزنى ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن تەربىيىلەڭ. ئۇلارغا ياخشى پەزىلەت، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىڭ، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى گۈزەللەشتۈرۈڭ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك قىلىپ تەربىيىلەڭ.

2. بالىلىرىڭىز كۆپ بولسا ئۇلاردىن سۆيۈنۈڭ. ئۇلارنىڭ يىغلىغانلىقى، شوخلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقلانماڭ. كۈلۈپ ئىللىق چىراي بىلەن ئەركىلىتىپ نەسىھەت قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن تەربىيىلەڭ.

3. ئۇلارنى ئىسسىق سۇ بىلەن پات ـ پات يۇيۇندۇرۇپ تۇرۇڭ ھەم پاكىز سۈرتۈڭ، قاتمۇقات ئورىماڭ، قىسىپ تۇرىدىغان تار كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ بالىلىرىڭىزنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزمەڭ.

4. بالىلار ياتىدىغان ئۆي تازا خۇش ھاۋالىق بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماڭ، زۆرۈر بولمىسا بالىلارنىڭ ئۈستىگە قېلىن، ئېغىر نەرسىلەرنى ياپماڭ.

5. ئەڭ ياخشىسى ئالنە ئايغىچە سۈتتىن باشقا ئوزۇق بەرمەڭ، چىشى چىقىشتىن ئاۋۋال گۆش يېگۈزمەڭ، ھەرگىز تاماقنى ئۆزىڭىز چايناپ بەرمەڭ.

6. بالىنى ئېمتىۋاتقان مەزگىللىرىڭىزدە سۈتىڭىزنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن پىياز، سامساق قاتارلىق نەرسىلەرنى يېيىشتىن ساقلىنىڭ، بولۇپمۇ ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭ. ئىچىملىك بالىنىڭ ئەقىل پاراستى، خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى ۋە سالامەتلىكىگە زىيانلىق.

7. باللىرىڭىزنى ھەددىدىن زىيادە ئەركە قىلىپ ئۆستۈرمەڭ، ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويماڭ، گەپ ياندۇرۇشقا ئۆگەتمەڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى ياخشى تۇتۇڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇلارمۇ سىز بىلەن قارشىلاشمايدۇ.

8. ئۇلارنى يۈرەكلىك، قورقماس قىلىپ تەربىيىلەڭ. جىن-ئالۋاستى دېگەنگە ئوخشاش بىمەنە سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى كىچىكىدىنلا قورقۇنچاق قىلىپ قويماڭ. كۆپ ھاللاردا بەزى باللار ئۆيدە يېتىشتىن، يار، ئازگال، زاراتگاھ، كۆۋرۈك يېنىدىن ئۆتۈشتىن قورقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدا ئانىلىرى قورقۇتۇپ قويغان، شۇنىڭ ئۈچۈن باللىرىڭىزنى قورقۇتماي چوڭ قىلىڭ.

# بالىڭىزنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىڭ

بالىلار ئادەتتە ناھايىتى قىزىق، غەلىتە تەپەككۇرلارنى قىلىدۇ، كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايدۇ، خىيالىغا كەلگەن ئىشلارنى قىلىپ باقىدۇ، ھاگىزىنىلاردىن ئەمدىلا سېتىۋالغان يېپيېڭى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بۇزۇپ، ئىچىنى چۇۋۇپ، قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ باقىدۇ. بەزى ئىشلارنى قىلماسلىقنى تاپىلىسىڭىز، شۇ ئىشنى قەستەن قىلىپ سىزنى بىئارام قىلىدۇ. ھەممە نەرسىگە قىزىقىش نەزىرى بىلەن قارايدۇ. نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، قېرىشىپ تۇرۇپ شۇ ئىشنى قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بالىلارنىڭ ئوي ـ پىكرى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئوي ـ پىكرى بىر يەردىن چىقماي، قارشىلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق شارائىتتا نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئۆزى ئويلىغان يەردىن چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقلاپ كېتىدۇ. بالىلارنى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا تەنقىد قىلىپ، ئۆزىگە قەتئىي بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنداق پەيتتە بالىلار ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ماقۇل دەپ قويىدۇ. لېكىن چىن كۆڭلىدىن قايىل بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ياكى ئۇلار بولمىغان ھامان يەنە ئۆزىنىڭ قىلىدىغىنىنى قىلىدۇ. دېمەك، بالىلارنىڭ ئەركىن تەپەككۇرى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى، بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى، ئەندىزىسى ئوتتۇرىسىدا بىر

خىل تىركىشىش ھالىتى شەكىللىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ھەرقانچە تەربىيە بەرسىمۇ، بالىلارغا ياقمايدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا تەربىيە بەرگەندە بالىلارنىڭ ئارزۇسىغا، ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىشى، غۇرۇرىغا تېگىدىغان ھەرقانداق گەپ ـ سۆزنى قىلماسلىقى، بالىلارغا بىرەر ئىشنى تاپشۇرغاندا، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئەمەس، بەلكى بالىلارنىڭ سىردىشى، دوستى، پىكىردىشى سۈپىتىدە ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارغا قائىدە سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئىلھاملاندۇرۇشى، مەدەت بېرىشى، مەسلىھەت تەلەپپۇزىدا قايىل قىلىش شەكلىدىكى تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىشى كېرەك. بۇ خىل تەربىيىدە بالىلارنىڭ ئارزۇسى، ھەۋىسى، تەپەككۇرى، ئىنتىلىشى، قىزىقىشىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. بۇنداق بولغاندا، بالىلار ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك، ئەركىن، ئازادە ھېس قىلىدۇ. كۆڭۈللۈك ئائىلە مۇھىتىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولىدۇ. بولۇپمۇ بالىلار ئاتا ـ ئانىلاردىن بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىشنى ياكى ئۆزلىرى قىلىپ كۆرۈشنى ئۆتۈنگەندە، ئۇنى قوبۇل قىلىشى، قوللىشى لازىم. بالىلارنىڭ تەلىپى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىغان تەقدىردىمۇ، بالىلارنىڭ ئارزۇسىنى رەت قىلىۋەتمەي، سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرۈشى لازىم. بالىلارنىڭ ئارزۇسى، تەلىپى بىرەر ئىشقا تەۋەككۇلچىلىك قىلىش خاھىشىنى ئالغان ياكى ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال ۋە ياكى ساددا تەسەۋۋۇر بولغان تەقدىردىمۇ، تېزلا رەددىيە بەرمەي، ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بالىلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئىجادچانلىق روھىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز، خاراكتېر شەكىللەندۈرۈشى ئۇچۇن مەلۇم جەريان كېتىدۇ. ئائىلە مۇھىتى، تەربىيىلىنىشى،

سەرگۈزەشتىسى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىقلار بالىلاردا ئۆزىگە خاس مىجەز ـ خاراكتېر يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بالىلاردا مۇستەقىل خاراكتېر يېتىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارغا قويۇلىدىغان چەك بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، بالىلاردا يېتىمسىراش، يالغۇزسىراش، ئۆمىدسىزلىنىش، ئىشەنچىسىنى يوقىتىش، ئۆزىنى يارامسىز چاغلاش، ھەممە ئىشتىن ئېھتىيات قىلىشتەك مىجەز ـ خاراكتېر يېتىلىپ قالىدۇ. بۇنداق خاراكتېر يېتىلىپ بولغاندا ئۇنى ئۆزگەرتمەن دېمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ھەتتا تۇغما تالانتلىق بەزى بالىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تۈرلۈك چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تالانتى نامايان بولماي تۇرۇپلا نابۇت بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

ماھىيەتتىن ئالغاندا، ئائىلە بالىلارنىڭ تۇنجى مەكتىپى. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى. بالىلاردا نۇرغۇن ئىجادىي قابىلىيەت، تەبىئىي ئىقتىدار، يوشۇرۇن ساپا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلاردىكى ئالاھىدىلىكنى بايقىيالماسلىقى، پەرق ئېتەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن، بۇ خىل ئالاھىدە ئىقتىدار تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. بۇنداق تالانتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ سەرپ قىلىشقا، نۇرغۇن يىل جاپالىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. تەبىئىي تالانتنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇپ ئاندىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن كۈچ بىھۇدە سەرپ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل يەنىلا بالىلارنىڭ ئارزۇسىغا، قىزىقىشىغا، ساددا تەپەككۇرىغا، تەۋەككۇل قىلىش روھىغا، غەلىتە خىيالىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ سەل ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇش، ھەممە ئىشنى چەكلەپ تۇرۇۋالماسلىق، ئۇلارنىڭ ئەركىن ـ ئازادە مۇھىت ئىچىدە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىش كېرەك.

شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلارنىڭ ساغلام مۇھىتتا چوڭ بولۇشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن، ئۇلارغا ھەقىقىي كۆيۈنگەن بولىمىز.

ھازىرقى بالىلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، كۆرىدىغىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. زامانىۋى ئۇچۇر ۋاستىلىرى بالىلار ئۈچۈن ئاددىي نەرسە ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى تەربىيە ئۇسۇلى كارغا كەلمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىلارغا بېرىدىغان تەربىيە ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى، بالىلارنىڭ پسىخىك روھىي دۇنياسىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ساغلام بولغان تەربىيە ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ، بالىلار بىلەن ئورتاق ئىزدىنىشى كېرەك. ئەڭ ئاساسلىقى بالىلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ئىلھام، مەدەت بېرىش بەكمۇ زۆرۈر. چۈنكى، بالىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئىشقا ئورۇنلىشىش، خىزمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن تولۇق چىقىشتىن ئىبارەت رەھىمسىز رېئاللىققا دۇچ كەلگەن شارائىتتا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، بۇ مەسىلىگە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئاتا ـ ئانىلار بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار

لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانا بولۇشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئىلىم، پىسخولوگلارنىڭ سەككىز ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلارنى تەكشۈرۈش ۋە پەرزەنت تەربىيىلەشتە ئېپى بار ئائىلىلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تەربىيىلەشتە تۆۋەندىكىلەرنى بىلىشى كېرەك.

1. بالىڭىزغا چېنىقىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەلەمسىز؟

بالىڭىزنى ھەمىشە كىچىك، كۆپ ئىشلارنى قىلالمايدۇ، دەپ قارىماي، قىيىنچىلىقلا يولۇققاندا، ئۇنى كاللىسىنى ئىشلىتىپ بېقىشقا ئۈندەڭ، شۇنداقلا قىلىپ بېقىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ، چېنىقىش ئارقىلىق بالىلار ئىشەنچكە ئىگە بولىدۇ، قەيسەر ئىرادە بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ. رېئال تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ھېچقانچە بىلىمى بولمىسىمۇ، بالىلىرىغا ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىتەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا كىچىكىدىن قەيسەر خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆمۈرلۈك نەپكە ئېرىشتۈردۇ.

2. بالىڭىزنى ئايدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ كىتابخانىغا ئېلىپ بارامسىز؟

مەقسەتلىك ھالدا بالىڭىزغا مۇۋاپىق كىتابلارنى تاللاپ بېرەمسىز؟ بالىدا كىچىكىدىن تارتىپ كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندە، ئۇ كېيىن زور نەپكە ئېرىشىدۇ. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىنى ئويناپ، بالىلىرىغا دەرسلىكتىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىشكە ئامراق كېلىدۇ، بىزچە بۇ يەنىلا بالىلارغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇپ، پايدىلىق كىتابلارنى كۆرگەنگە يەتمەيدۇ. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭغا بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىشتە. شۇڭا، ۋاقىت چىقىرىپ بالىڭىز بىلەن بىللە كىتاب كۆرۈڭ.

3. بالىڭىزغا ئاتاپ گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولامسىز؟

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار دائىم بالىلىرىغا كىيىم-كېچەك، ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىدۇ، ئەمما ئۇلارغا ئاتاپ گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشنى ناھايىتى ئاز ئويلىشىدۇ. ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قىزىقارلىق گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇش بالىلىق چاغلىرىمىزدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ بەختلىك ئىش ئىدى. كۆپرەك گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولغاندا، بالىلارنىڭ بىلىمى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۆپىيىپ بارىدۇ.

4. بالىڭىزغا بەزى تۇسالغۇلارنى يېڭىشنى ئۆگىتەمسىز؟

بالىلارغا ئۆزى قول سېلىپ بەزى كىچىك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنى ئۆگەتكەندە، بالىلاردا مۇستەقىل ئىش قىلىش، مەسىلىلەرنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يېتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاتا-ئانىلار چوقۇم پاراسەتلىك بولۇشى كېرەك. بالىلارنىڭ بۇنداق ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشىنىڭ كەلگۈسى ھاياتىغا نىسبەتەن مەلۇم پايدىسى بولىدۇ.

5. بالىڭىزنى جاھاننىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ

تەربىيلەمسىز؟

ئۆيىڭىزدە بىرەر گلوبۇس، دۇنيا خەرىتىسى ياكى جۇغگو خەرىتىسى بارمۇ؟ ھەر قېتىم تېلېۋىزوردىن خەۋەر كۆرگەندە، بالىڭىز بىلەن بىللە خەۋەردە ئېيتىلغان جاينى تېپىپ چىقالامسىز؟ كونىلار «كۆپ ئىزدىنىش جاھاننى كۆپرەك چۈشەنگەن بىلەن باراۋەر» دېگەن. بالىغا جاھاننى كۆپرەك تونۇتقاندا، ئۇ ئۆيدىن چىقمايمۇ جاھاننى «چۈشىنەلەيدىغان» بولىدۇ.

6. بالىڭىزنى ئۆي ئىشلىرىغا سالامسىز؟

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى ئاياپ ھەم ئۇلارنى ئوبدان قىلالمايدۇ، دەپ ئۆي ئىشلىرىغا سالماي، «كۆڭۈل قويۇپ كىتاب ئوقۇش»قىلا ئۈندەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاتا-ئانىلارمۇ ھامان قېرىيدۇ، بالىلارنىڭمۇ كېيىن ئۆز ئائىلىسى بولىدۇ، سىز بالىڭىزنىڭ كەلگۈسىدە ناھايىتى كۆپ پۇل تېپىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايسىز. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ بالىڭىزغا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى، ئۆي تۇتۇشنى ئۆگىتىڭ.

7. بالىڭىزنى باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە ئۈندەمسىز؟

بالىدا ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى ۋە ساپا يېتىلدۈرۈش، ئۇنى باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە ئۈندەش تولىمۇ زۆرۈر. ھەرگىزمۇ «ئۆگىنىشكە كاشىلا بولىدۇ» دەپ، ئۇنى دوستلىشىشتىن توسماسلىق، ئۇنىڭ دوستلىرىنى قوپاللىق بىلەن ھەيدىۋەتمەسلىك كېرەك. شۇڭا، بالىڭىزنى مەقسەتلىك ھالدا ھەر خىل شەكىللەر بىلەن جەمئىيەتكە ئارىلىشىشقا يېتەكلىشىڭىز، ئۇنىڭغا پاراڭلىشىش، خەت يېزىش، بىللە ئويناش دېگەندەك ئارىلىشىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىشىڭىز، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدا سەممىيەت ئېڭى، زامان ئېڭى، دوستلۇق ئېڭى يېتىلدۈرۈشىڭىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

8. ئۇخلاشتىن بۇرۇن بالىڭىز بىلەن پاراڭلىشامسىز؟

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالا گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالدى، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بالىغا كۆپ كۆيۈنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك سىرداشمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ مىسكىنلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن بولىدۇ. مەكتەپتىكى ئوخشاشمىغان يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەكشۈرۈشىمىزچە، ئىنتىزامچان، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە، ئۆگىنىشتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يېتىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن پاراڭلىشىدىكەن، ئۇلارغا مەكتەپتە بولغان ئىشلارنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بېرىدىكەن، ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ بېرىلىپ ئاڭلايدىكەن. مېنىڭچە، ئاتا ـ ئانىلار باللىرى بىلەن قانچىكى سىرداشسا، باللارمۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى شۇنچە ئاڭلايدىغان بولىدۇ، شۇڭا، بالىڭىز بىلەن كۆپرەك سىردىشىڭ.

يۇقىرىقىلارنى قىلىپ كېتەلەمسىز؟ بەلكىم بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئوبدان قىلالىشىڭىز، بەزىلىرىنى قىلالمايمەن، دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانا بولىمەن، دەيدىكەنسىز، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، يۇقىرىقىلار پەقەت بىرقانچە مۇھىم نۇقتىلا خالاس، قالغان تەرەپلەرنى ئۆزىڭىز بىلەن سىردىشىش جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىۋېلىشىڭىز ۋە ئىگىلىۋېلىشىڭىز زۆرۈر.

# ئائىلىدىكى سىرلار

«قۇشنىڭ تىلىنى قۇش بىلىدۇ»، دەيدۇ. مۆھتەرەم تائىپداش، كېلىڭ، گەپنى بېشىدىن باشلايلى...

كۆرۈنۈشتە ھەربىرىمىز ئاددىي ئايالمىز. ئەمما شۇ ئاددىيغىنە بارلىقتا مىڭ بىر رەڭلىك ئالەم مۇجەسسەمدۇر. گاھى ئۆزىمىزدىكى قۇدرەتنىڭ چېكىگە يېتەلمەي ھەيرەتلىنىمىز، گاھىدا بولسا، ئەڭ ناتىۋان كىشىدەك تالاي خاتالارغا يول قويىمىز. ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ھەيران بولۇپ ئۆتىۋاتىمىزمۇ، بىزنى چۈشىنىش يولىدا سەۋر-ئىرادىسى پۈكۈلمەي كېلىۋاتقان يىگىتلەر ئامان بولسۇن! گەرچە ئەركەك زاتىنىمۇ تەڭرىم پۈتۈنلەي كەمكۈتىسىز، بىگۇناھ ياراتمىغان بولسىمۇ، مەن بۈگۈن ئۇلاردىن ئازارسىز ھالدا چەتنەپ ئۆتۈپ، پەقەتقىنا ئۆز تائىپىمىز — ئاياللار ھەققىدە سۆز يۈرۈتماقچىمەن. چۈنكى، بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز زېرەك، «قىزىم ساڭا ئېيتىمەن. كېلىنىم سەن ئاڭلا» ئىبارىسىنى ياخشى بىلىدۇ.

ئائىلىدىن دادلىنىپ يېزىلغان مەكتۇبلارنى ئوقۇغاندا، ئۆزلىرى خالاپ تۇرمۇش قۇرغان، بىراق كېيىنچىلىك ئاسانلا ئاجرىشىپ كەتكەنلىك ھەققىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلىغاندا، كىشى كۆڭلىنى غەم باسىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا باللارنىڭ سەرسان بولۇۋاتقىنى بولسا

ئېچىنىشلىق پاجىئەدۇر! بۇنداق تۇرمۇش ئاتا ـ ئانىنىڭ زورى بىلەن بولغاندىغۇ، ھەممىسىنى ئۇلارغا دۆڭگەپ قويساق بولاتتى. ئەمما، بۈگۈنكى دەۋر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئەمدى بولسا «ئالتۇن دەپ تاللىغىنىم مىس چىقىپ قالدى» دەپ بارچە گۇناھنى جۈپتىمىزگە ئارتىشقا كۆنۈپ كەتكەنمىز. كىشى بىر يىل كىيىدىغان كىيىمنىمۇ ئوبدان كۆرۈپ، قانداق چىقىشىنى دەڭسەپ بېقىپ ئالىدۇ. جۈپ تاللاش كۆينەك تاللاش ئەمەسقۇ! ئۇ ئۆمۈرنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا قەدەر بىرگە بارغۇچى ئىككىنچى قەلبىڭ، ئىككىنچى قول ـ ئايىغىڭ، ئىككىنچى كۆزۈڭدۇر. ئۇ سېنىڭ بالىلىرىڭنىڭ ئاتىسى 20، 30، 40، 50، 60...يېشىڭنىڭ يېگانە يەلكىدىشى ۋە ھامىيسىدۇر! سەن جۈپ تاللاشتا ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتىگە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مال ـ دۇنياسىغا ياكى ئۇنىڭ قەسەم ـ ۋەدىلىرىگە قاراپ باھا بەردىڭمۇ ۋە بۇنىڭ ئىسمى «سۆيگۈ» بولدىمۇ؟ دەيلى، تاللىغان ئادىمىڭ سەن ئارزۇ قىلغان ئىنسان ئەمەس ئىكەن، سەن قانداق ئويلىغان ئىدىڭ؟ مۇكەممەل، قۇيما ئىنسانلار ئانىدىن تەييار يارالمايدىغۇ؟

شۇنداق، ئەزىزىم، ئائىلە — ئىستىراھەت بېغى ئەمەس. ئۇنىڭدا پەقەت گۈل كۆتۈرۈپ، ناخشا توۋلاپ قولتۇقلىشىپ يۈرگىلى بولمايدۇ. خەلق ھەقنى ئېيتىدۇ: «روزغار ـ بۇ غار!» دەپ! ئۆزۈڭنى يول بويى خۇددى شام كەبى يېقىپ بارساڭلا، ئەتراپىڭ يورۇپ، چىرايلىق شەكىلگە كىرىپ بارىدۇ. ئائىلە — ئەركەككىمۇ، ئايالغىمۇ بىر ـ بىرىگە مۇناسىپ بولۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئۆزىنى ئۆزى قايتا تەربىيلەيدىغان مەيدان!

«ئايال كىشىنىڭ ھىيلىسى قىرىق تۆگىگە يۈك بولىدۇ» دېگەن نەقىل بار. بۇنى ئەجابىي چۈشەنمەك كېرەك. بۇ بىزنىڭ يولىمىزغا نىسبەتەن ئېيتىلغان راست ھەقىقەتتۇر: ئېيتىڭچۇ، ھىيلىنى

ئەقلى بار ئادەم ئويلاپ تاپامدۇ؟ دېمەك، ئاشۇنداق ھىيلىنىڭ ۋەزىندە ئايالنىڭ قىرىق تۆگىگە يۈك بولغۇدەك ئەقلىمۇ مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئاشۇ ئەقلىنى ھەر قېتىم پەقەت ئېزگۈلۈك يولىدا سەرپ قىلساق ئىدى، قانچىدىن-قانچە ئائىلىلەر توزىمىغان، قانچىلىغان دىللار ئۆكسىمىگەن بولاتتى.

پاراكەندە ئائىلىلەرنى قۇراشتۇرغان — بىز. بوش-بىكار ئەرلەرنى قاتارغا قوشقانمۇ، چىقىشالمىغان ئاكا-ئۇكىلارنى بىرلەشتۈرگەنمۇ — بىز! يۈلەنگۈچى تاغ بولغانمۇ، ياپراتقۇچى باغ بولغانمۇ — بىز ئاياللار. بۇ بىزدىكى ئاشۇ ياخشى مەنادىكى «ھىيلە»نىڭ شاراپەتلىرىدۇر! ئەمما، خالىس ئېيتايلىكى، بىزنى دەپ، بىز تۈپەيلى چېكەرمەن بولۇپ كەتكەنلەر قانچىلىك، ئىچەرمەن بولۇپ كەتكەنلەر قانچىلىك؟ بىزنىڭ خەنجەر تىللىرىمىزدىن ئازار يېتىپ يامان يوللارغا مېڭىپ كېتىۋاتقانلار قانچىلىك؟ مۇلايىمراق، ياۋاشراق جۈپنى ئارزۇلىغانلار قانچىلىك؟ ئەتراپقا ئوبدان زەن سېلىپ قارىسىڭىز، ئاياللارغا قارىغاندا ئەركەك زاتى ئاسان ئىشەنگۈچى، ساددىراقتۇر. مانا شۇ سەممىيەتنى بىز سۈيىئىستېمال قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەرلەرنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن چوڭ مۇكاپات دەپ بىلمىكىمىز ۋە بۇ سەممىيەتنى ياخشى ئىشلار تامان يۆنەلدۈرمىكىمىز جائىزدۇر.

كۆڭلۈك بىراۋدىن ئازار يېسە، ئۆيۈك ناتىنچ بولسا، بوغۇلۇپ-سىقىلىشتىن ئاۋۋال، شۇ ئىشلارغا ئۆزۈم سەۋەبچىمۇ-ئەمەسمۇ، دەپ بىر قېتىم ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ «ئادەمنىڭ زەئىپى ئەيىبنى باشقىلاردىن ئىزدەيدۇ» دېگەن گەپ بار. ناز-كەرەشمە، نەپىسلىكنى تەبىئەت بىزنىڭ تائىپىگە بەرگەن، بىرىنچى بولۇپ زەربە بېرىش، بىرىنچى بولۇپ چېگرادىن چىقىش ئاياللىق ئىقلىمىغا خاس ئەمەس...

ئائىلە ــــ مۇقەددەس دەرگاھ، ئۇنىڭغا مەخسۇس تەرەددۇت كۆرمەي يېقىنلىشىش ياخشى ئەمەس. ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىدىن كۆڭلى قالدىمۇ، تامام، ئائىلىدە كۆڭۈلسىزلىك باشلىنىدۇ. بىزنى دائىم بىر غاپىللىق قول قىلىپ كەلدى: تۇرمۇش قۇرغان هامان ئەر ئايالنى، ئايال ئەرنى ئەمدى ئۆزۈمنىڭكى بولدى، دەپ قاراپ خاتىرجەملىككە بۆلىنىمىز. ئەسلىدە بولسا شۇ كۈندىن باشلاپ خاۋاتىرلىنىش باشلىنىشى كېرەك. چۈنكى، كىشى كىشىگە يېقىن بولغانسېرى كۆرۈنمىگەن كەمچىلىكلىرى سېزىلىشكە باشلايدۇ. بىر-بىرىدىن سوۋۇش سادىر بولماسلىقى ئۈچۈن دانا ئەر-خوتۇنلار پۈتۈن ئۆمرى داۋامىدا ئۆز كەم-كۇستلىرىنى تۈزىتىش ۋە جۈپتىگە يېقىش ئۈچۈن تىنىمسىز هەرىكەت قىلىپ ياشايدۇ.

ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئاياللۇ ئارمانلىرىنى كۆكسىگە كۆمۈپ، تۈگۈلۈپ قالغان «پالانچى زادىلەر»نى دەپ چىشىنى چىشىغا بېسىپ، تاشتەك ئۈندىمەي ياشاپ بېرىۋېرىدۇ. ئەمما جۈپتىدىن كۆڭلى قالغان ئەرنىڭ هالى بولسا خەتەرلىك! ئۇ سىرتقان قەدەم تاشلاشقا هەمىشە پۇرسەت ۋە قولايلىق كۈتۈپ ياشايدۇ.

ئەر تۇتۇش ۋە ئايال ئاسراشمۇ ئوخشاشلا سەنئەتتۇر. كىم بۇ سەنئەتتىن بىخەۋەر بولسا ۋە خەۋەردار بولۇشنى خالىمىسا، بۇ ئائىلىدە يورۇق كۈن بولماس.

«ياش ۋە گۈزەل ئاشنا» تاپقان ئەركەكلەر خۇسۇسىدا بولسا، مەن ئاساسلىق ئەيىبنى ئەركەككە ئەمەس، ئاشۇ، «ئاشنىلار»غا قويغان بولاتتىم. ئەركەك هەرقانچە سۈيۈق بولسۇن، ئىشتىياقى كۈچلۈك بولسۇن، ئايال كىشى ئىزنى بەرمىسە، ئەركەك نىيىتىگە يېتەلمەيدۇ!

بىراۋلارنىڭ ئەرلىرىنى يولدىن ئازدۇرغانلارنى هەرگىز

قارغاشنىڭ ۋە قەست قىلىپ باپلاپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار ھەقنى تونىمىسىمۇ، شۇ ئىشنىڭ ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئازغۇنلۇق قىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ نامىلىرى خىيانەت ئىكەنلىكىنى ھەر دەقىقىدە يادلاپ تۇرىدۇ! شۇ ئەھۋالدا ئۇلارنى يايرايدۇ، دەمسىز! سىرتتىن يالتىراپ كۆرۈنۈشكە ئورۇنىدۇ، خالاس. ئۇ ئادەم قىياپىتىنىمۇ ئىجراغا ئالغان مەخلۇق، شورلۇقىنىڭ نە ئۇ دۇنيالىقى بولسۇن، نە بۇ دۇنيالىقى! بىراۋنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇپ، بەختلىك بولغانلار بۇ دۇنيادا يوق!

ئەركەك نېمىشقا باشقا چارباغقا ئىنتىلىپ قالدى؟ غەزەپ ئېتىشتا مىنىشتىن ئاۋۋال بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ كۆرۈش لازىم، مېھنەتكەش ئايال بولۇش، پەزىلەتلىك ياكى چىرايلىق بولۇش كۇپايە ئەمەس، ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىگە بېرىدىغان كەيپىياتى، كوچىدىن تېپىپ بولمايدىغان گېپى، كۆڭۈلپەرۋەرلىكى بولۇشى كېرەك.

«بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەيدىغان رايىش، كېرىكىدىن ئارتۇق كەچۈرۈملۈك ئايال ۋە شۇ خىلدىكى ئەر بىلەن ياشاشنىڭ قىزىقى يوق، ئۇرنى كەلگەندە ئار-نومۇسنى ھىمايە قىلىشنى، خاپا بولۇشنىمۇ بىلىش كېرەك.

ئەر-ئايال مۇئامىلىسىدە ھەمىشە ھېساب-كىتاب زۆرۈر. كوچىدا، ئىشتا، جامائەت ئىچىدە ئانچە-مۇنچە ئېھتىياتسىزلىققا يول قويۇش مۇمكىندۇر. ئەمما ئەڭ نازۇك مۇئامىلە ئۆيدە بولۇشى شەرت! مىللەتنىڭ كېلەچىكى كوچىدا ئەمەس، ئاساسەن، ئائىلىدە شەكىللىنىدۇ. ئىنسان ھوقۇقلىرىنى پايمال قىلىشمۇ، قەدرىنى تىكلەشمۇ دەسلەپ ئائىلىدە سادىر بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ھەر ئىشتا ئاۋۋال مىللەت بالىسىنى ئائىلە ئۈچۈن تەييارلاش كېرەك.

سەۋر ئايالغا خاس، كەچۈرۈش ئايالغا خاس، پەرزەنت بېرىش ئايالغا خاس، تەربىيە ئايالغا خاس، ئائىلە ئىشى ئايالغا خاس؛ مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئايالغا باغلىق دەپ ئىككى قولىنى باراۋەر سوزۇپ تۇرغان ئەر، پەرزەنت، جامائەت ۋە دەۋر ئازراق بولسىمۇ خىجالەت بولمىقى لازىم. ئايالدىن ئىلىۋاتقىنىنى ئۆلچىمىكى ۋە ئىستىھزا بىلەن ئۆزىنى ئۆزى سوتلاپ كۆرمىكى لازىم، مەن ئۆز ئانامغا، سىڭلىمغا، ئايالىمغا، مىللەتنىڭ ئانىسىغا نېمە بەردىم دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆرمىكى، ئايالنىڭ ئاياللىق قۇۋۋىتى، مېغىزى دەريا ئەمەسقۇ، دەپ ئويغا چۆممىكى لازىم.

ئايال بارنى ئاناردەك سىقىپ، بالىسىنىڭ تومۇرىغا قۇيۇپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ يىگىلەپ بېرىۋاتقان يېلىكىنى كىم تولدۇرىدۇ؟ ئايال جەمئىيەتكە ۋۇجۇدىدا بارنى بېرىدۇ، يوقنى بېرەلمەيدىغۇ! پولونىڭ ياخشىسىنى يەپ، بەقۇۋۋەت بولۇشنى خالىساق، كېتەرلىك نەرسىلەرنى تەييار قىلىشىمىز شەرتقۇ، ئاخىر. ئادەم ۋە ئالەم ئايالنىڭ مېھىر-مۇرۇۋۋىتى بىلەن كۆكىرەر ئىكەن، نېمىشقا دەسلەپ ئۇنى يېتەرلىك نەرسە ـــ ئارام، ئوزۇق، ئىلىم ۋە مېھىر بىلەن تەمىنلەپ قويمايمىز؟ نېمىشقا بەر، بەر دەۋېرىمىز؟ ئايالى ئورۇق يۇرتنىڭ مىللىتى ئۇرۇق، ئايالى ئۆكسۈگەك يۇرتنىڭ مىللىتى يېرىمدۇر. مەن ئانامدىن ئالىدىغىنىمنى ئېلىپ، تېنىنى قۇرۇتۇپ بولدۇم، دەيلى، ئەمدى ئۇنى چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، باشقا بەقۇۋۋەت ئايالغا تومۇرۇمنى ئۇلاپ قويۇشنىڭ ئىلاجى يوققۇ؟ ياكى مېنىڭ ئايالىمنى مۇھاپىزەت قىلىپ بەر دەپ چەتتىن نىجاتكار ياللىمايدىغۇ؟

ئايال سۆيۈپتىدە كۆيۈنۈپ ئېيتىمەنكى، مىللەتدىشىم، سەپدىشىم، ئوغلانىم، ئاسرىۋېلىڭ بىزنى، ئۆتۈنىمسەكمۇ سىيلاڭ، بىز كۆتمىگەن ياخشىلىقلارنى تارتۇق قىلىڭ. ھەرگىز بىزنى خورسەن

قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىڭىز پۈتۈن بولۇشىڭىز ئۈچۈن، ئەقىللىق قىزلىق، ساغلام ئوغۇللۇق بولۇشىڭىز ئۈچۈن!

ئائىلىقتا مەنەن ۋە جىسمانەن تەييار بولمىغانلارنىڭ ئاتا بولۇۋاتقىنى، ئائىلە بىلىمنى بىلمەي ئائىلىگە قەدەم قويۇشىنىڭ كۆپىيىۋاتقىنى مىللەت ئوغلانلىرىنى ھوشيارلاشتۇرۇشى كېرەك.

ھۆرمەتلىك ئەركەك، ئايالىڭىز سىزنىڭ قولىڭىز بولۇپ جىمغىنە ئۆتۈپ بېرىۋاتقىنىدىن، سىزدىن شىكايەت قىلمىغىنىدىن قورقۇڭ. سىزنى غەپلەت باسمىسۇنكى، ئايالىڭىز بىرغىنا جېنىنى قىرىققا پارچىلىۋېتىپتۇ — ئۇ قانداق پۈتۈن ھامىلە بەرسۇن؟ خاۋاتىرگە چۈشۈڭ، بۇرادەر.

بىز ھەممىمىز ئانا. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئىنتايىن خالايمىز، ھازىر قىزلارنى بەك كىچىك ئۇزىتىش كۆپىيىپ قالدى...

بۈگۈنكى قىرىق ياشلىق ئايالغا بىز قانداق ئىلىم بېرەلىدۇق؟ ئەر تۇتۇش، ئۆي تۇتۇش، قېينانا بولۇشنىمۇ سەنئەت ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتۇقمۇ؟ بىراۋغا يېقىش، بىراۋنى ياقتۇرۇش سىرلىرىنى ئۆگەنمىگۈچە ئائىلىنىڭ ھالقىسىنى تۇتماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدىمۇ ئۇلار؟ ئۆزىدىن ئۆتكىنىنى ئۆزى ھەم تەگرى بىلىپ تۇرۇپتىيۇ، 16 ـ 17 ياشلىق غورا قىزدىن نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟

ئائىلە قۇرۇش بوسۇغىسىدا تۇرغان سىڭىللىرىم، شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭكى، ئائىلە ئەر بىلەن خوتۇننىڭ داۋاملىق ئىنتىپاقىدۇر. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە نىيىتى تەگمىسە، روھەن تىرەكلىكى، كېرەكلىكى بولمىسا، تۇرمۇشنىڭ چىرىغى يانارمىدى؟ ياخشىلىقنى، مۇرۇۋۋەتنى ئاۋۋال بىر ئۆمۈر بىرگە ياشايدىغان كىشىگە قىلىسەن. شۇنداق ئىكەن، ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە «پالان ۋاقىتتا ساڭا ئۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغانمەن، پالان چاغدا ساڭا بۇنى ئېلىپ بەرگەنمەن» دېيىشى، ھەر قېتىم جىمى ياخشىلىقلىرىنى بىرمۇبىر ساناپ كۆرسىتىشى ئۆز يۈزىگە قارا سۈۋاش بىلەن تەڭدۇر. بۇ ئائىلىدىكى ئەڭ نازۇك تارلارنىڭ ئۈزۈلۈشىدۇر. ئەمدى بۇلار ئەر-خوتۇن ئەمەس، دۈشمەنلەردۇر. چۈنكى ئۇلار بىر-بىرىگە مىننەت قىلدى. مىننەت ــــ زەھەر. زەھەرنى بولسا پەقەت دۈشمەنلەرلا بىر-بىرىگە راۋا كۆرىدۇ! بىز ئانا بولۇشنىڭ بۈيۈكلۈك، پىدائىيلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان ئاياللاربىز. گاھى ئەركەكلىرىمىز ئادىشىپ، شۇ قۇسۇرغا يول قويغان تەقدىردىمۇ، بىز مىننەتكە تىل ئۇرمايلى. قىلغان ياخشىلىقلىرىمىز جۈپتىمىزگە تېتىسۇن.

ئائىلە ــــ ئىككى كىشىنىڭ قولى، ئىككى كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن توقۇلىدىغان زەنجىردۇر. بىر مەسىلە ھەققىدە ئىككى خىل پىكىر بولغاندىن كېيىن، بەس-مۇنازىرىنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپتۇر. بۇنداق پەيتلەردە كىمنىڭ كىمدىن ئۈستۈن كېلىشى ئەمەس، ئائىلىدىكى ئىشنىڭ تېزراق پۈتۈشى ئەھمىيەتلىكتۇر. ئىشنىڭ پۈتكىنىنى تەن ئېلىپ تۇرۇپ، «نېمىشقا بۇ ئىش مېنىڭ پىكرىم بىلەن ئەمەس، سېنىڭ پىكرىڭ بىلەن پۈتىدۇ؟» دەپ ئايالپ تونىنى تەتۈر كىيىپ يۈرىدىغانلار بار. ئەر-خوتۇنلۇق ئىككى يىرىمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدۇر! بىرىمىز تۆگۈننىڭ ئۇچىنى تاپالمايۋاتقان پەيتتە جۈپتىمىز جانغا ئەسقاتسا، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ شۈكۈر ئېيتىش كېرەككۇ!

ئىنسان ئۆمرى بىر تۇتام ئەسلي! بېرىپ-بېرىپ پەرزەنتلىرىمۇ ئۆز يوللىرىغا تارقايدۇ. قېرىنداشلارنىڭ قايناپدىغان ئۆز قازىنى بار. ئاتىلار ئۆتتى، مىلك ئاھ، ئانىلار ئۆتتى! يېنىڭدا ئاخىرقى مەنزىلگىچە ھەمراھ بولغۇچۇڭ ــــ شۇ ئۆمۈر يولدىشىڭ!

شۇنداق ئىكەن، يۈرىكىمىزدىكى جىمى مېھرىمىزنى جۇپتىمىزگە ئىزھار قىلىپ ئۆلگۈرەيلى. ئىلاھىم، «سەندىن ئالدىن مەن كېتەي» دەپ جۇپتىدىن ئايرىلىشتىن كۆرە، دۇنيادىن ئالدىنراق كېتىشنى ئەۋزەل كۆرگەن چال - كەمپىرلەرنىڭ شېرىن تارتىشلىرى ئۆزىمىزدىن ئېشىپ، باللىرىمىزغىمۇ نېسىپ بولسۇن...

ئائىلىنى پۈتۈن ساقلايدىغان ئامىللاردىن بىرى — كەچۈرۈملۈك بولۇشتۇر. كەچۈرۈش — پۈتۈنلۈكنى تۇتۇپ قىلىشتۇر. دەيلى، ئائىلىدە مېنى قاتتىق رەنجىتىشتى. دېمەك، بىر ئىنسان قاتتىق ئازار يېدى. شۇنىڭ ئۆزى قانچىلىك ناخۇش ھالەت! ئەمدى مېنى رەنجىتكەن ھامانلا مەنمۇ ئاشۇ كۆڭۈلنى سۇندۇرۇشۇم شەرتمۇ؟ بىر قۇربان يەتمەيۋېتىپتۇمۇ؟ كەچۈرۈش بىزدىن، ئاياللاردىن باشلانغىنى لايىق. بايىقى دېيىلگەن «قىرىق تۆگىگە يۈك بولىدىغان ئەقلىمىز» بىلەن جايىنى تېپىپ رەنجىگىنىمىزنى ئىزھار قىلىپ ئۆلگۈرىمىز...

ئەمما «كەچۈرۈش» دېگەنلىك «پەرۋاسىزلىق» دېگەن سۆزمۇ ئەمەس. شۇنداق ئائىلىلەر باركى، ئۇلارنىڭكىدىن ئائىلىنىۋاتقان شاۋقۇن - سۈرەندىن ھەر قېتىم مانا ئەمدى ئاجرىشىپ كېتىدۇ، دەپ تەشۋىشلىنىپ قالىسىز. ئېغىزىدىن چىققان گەپلەرگە يىلان پوستىنى تاشلايدۇ. بىر - بىرىنى دۇنيادىكى جىمىكى خۇنۇكناملار بىلەن تىللىشىدۇ. ئۇستەللەر مۇشتلىنىپ، ئىرغىتىلىدۇ، ئىدىش - تاۋاقلار سۇنىدۇ. باللار زار قاقشاپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارىسىدا يىغلاپ يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ. ئەتىسى... ئەتىسى كۆرىسىزكى، ئەر - خوتۇن ھېچنېمە بولمىغاندەك بازاردىن قايتىۋاتقان بولۇشىدۇ! بۇ قانداق گەپ؟ ئەر - خوتۇنلۇق بالا چوڭ قىلىپ، بىر ئىشكتىن كىرىپ - چىقىش دېگەنلىكمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنى«ئەر - خوتۇننىڭ ئۇرۇشىشى — داكا

رومالنىڭ قۇرۇشى» دەپ ئاۋۇتسا كېرەك. ياق، ئەسلا! بۇ ئار-نۇمۇسنىڭ، غۇرۇرنىڭ، ئەندىشىنىڭ قۇرۇشىدۇر! بۇ ئىنسانىي پىكىر قىلىشتىن توختاپ، تەبىئەتتە ئۆملەپ يۈرگەن جانىۋارلار كەبى ياشاشقا ئۆتۈشتۇر!

ناۋائىينىڭ شۇنداق بىر گېپى بار: «كىشىنىڭ ئالدىدا قول ئۇرۇش ئۇيات بولغان ئىشلارنى، ئېيتىش ناجائىز بولغان گەپلەرنى كىشى يوق يەردىمۇ قىلمىسا، دېمىسە، ئاشۇ ئادەم دانادۇر!» مەدەنىيەت دەسلەپ ئائىلىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئائىلىدە ئۆزىنى ھېلىقىدەك تۇتۇپ، كوچىدا نازاكەت بىلەن يۈرۈش — قاباھەتنىڭ ئۆزىدۇر!

...بەزى ئاچچىق ئاربلاش غەيرىي خىتابلار قۇلاققا ئاڭلىنىپ قالىدۇ: «ھۆكۈمەت بىزگە يار-يۆلەك بولغاچقا، ئەركەكلەر بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇقمىز!» سىزنىڭچە تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇش دېگەن نىمە زادى؟ ئەركەك بىلەن ئاياللىڭ تەڭ ئېيتىشىشىمۇ؟ يا ئاياللارنىڭ ئېغىر تاغارلاردا بازاردىن چامغۇر، پىياز توشۇشىمۇ؟ سىڭلىم، «تەڭ ھوقۇق» ھەرگىزمۇ ئەركەكنىڭ ئايالغا، ئاياللىڭ ئەركەككە ئايلىنىشى ئەمەس! ھەممە نەرسە ئۆز رەڭگى، ئۆز شەكلى، ئۆز تەبىئىتى بىلەن بولغىنى لايىق. ئېرىڭنىڭ بىلىدىكى پەرتۇقنى يېشىپ، قولىدىن سۈپۈرگىنى ئال. جۈپتىڭغۇ ياردەمگە كۆنۈپتۇ، رەھمەت! ئەمما ئەر كىشى قانچىلىك ئۇرۇنسۇن، ئاياللىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ! ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئىشلەپ كېلىمىز، كېلىپلا ئاشخانىغا يۈگۈرەيمىز. جۈپتىمىز مېھرىبان بولسا، دەررۇ يېنىمىزغا كىرىدۇ، ئۇ يۈرەكتىن ساڭا ياردەم بېرىشكە تەييار. ئەمما نە خېمىرغا قولى كەلسۇن، نە ئىدىش-تاۋاققا! بۇ بىرى. ئەمدى ئىككىنچىسى. مېھمان كەلدى، ھېچقانداق ۋاقىتتا سەن گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئەركەك كىشى تاماق

قىلماسلىقى كېرەك.بۇ ئەدەپتىن ئەمەس! يەنە ئۆزۈڭ بــالاگەردانمۇ؟ نەق يېرىم تۈندە بالاڭ ئويغىنىپ يىغلىدى ياكى ئۇ بىتاپ. ئاتــسى ھەرقانچە ئالداپ پەپىلىسۇن، بالا ئۇنىڭغا بارمايــدۇ. پەقەت سـەن بىلەن ئاۋۇنىدۇ. يەنە سەن بىدار، ۋەھاكازا...

كونىلاردا «ئايال كىشى ئەركەكتىن بىرئاز پەســرەك تۇرۇشــى كېرەك» دېگەن گەپ بار. بۇنىمۇ مەن ئەجايىپ چۈشىنىمەن. نەپىس ئاۋازىمىز، نازۇك قەددىمىز، مەيىن تەبىئىتىمىز بىلەن ئائىلىگە سەردار بولغاندىن كۆرە، بۇ ئىش كۈچلۈك، قەتئىي، كەســكىن تەبىئەتلىــك يىگىتلەرگە يارىشىملىقتۇر. بۇ بىرىنچىسى. ئىككىنچىــسى، ئەردىــن پەس تۇرۇش دېگىنى خار-زەبۇنلۇقتا بولۇش، قۇللۇقتــا ئۆتــۈش دېگەنلىك ئەمەس. بۇ شەرىقانە ئەدەپ! ئۈچىنچىدىن، بالا تەربىيىسى نۇقتىئىينەزەرىدىنمۇ جۈپلىرىمىزنى ئائىلە سەردارلىقى مەۋقەسىگە ئىگە قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك. ئايــانكى، ئايالنىــڭ پىكــرى، يــۈرەك سوقۇشى قوشۇلمىغۇچە، ئائىلىنىڭ ھارۋىسى ئورنىدىن ســىلجىمايدۇ. ئادەتتە، ئەركەكلەر ئاشكارا، كەسكىن، ئاياللار بولسا ســەزدۈرمەي، سىلىقلىق بىلەن باشــچىلىق قىلىــدۇ. ئەممــا شــۇنىڭغا ئېــشىنىش كېرەككى، بالىلىرىمىز ھەل قىلغۇچى ئاۋاز ئاتىمىزدا، دەپ بىلسۇن. ھەربىر ئىشتا ئاتىنىڭ رۇخستى بولــسۇن. توغرىــسىنى ئېيتقانــدا، ئاتىلارنىڭ ئامان بولغىنىغا، بالىلىرىغا باش بولۇپ يۈرگىنىگە نېــمە يەتسۇن!

... ئەركەكلەرنى ئۆيدىن بەزدۈرىــدىغىنى ئاساســەن ئىككــى نەرســـــدۇر. بىرى،تىلىمىــــز. ئىككىنچىـــــسى،ئۆي تۇتۇشـــــنى بىلمەسلىكىمىز. بۇنداق ئاياللار بار ئائىلىنىڭ ھالاۋىتى بولمايــدۇ. تىلى يامان ئايال ــــ قاتىلدۇر. بۇ مەزكۇر ئۆيدىن ئەمدى پۈتــۈن ئادەم چىقمايدۇ دېگەنلىكتۇر!

ئەسلي تەبئىتى ساپ ئايال بولسا ياش بولسىمۇ، ساقلىقى ناچار بولسىمۇ پاكىز بولۇۋېرىدۇ. شارائىت قىسمەن مالاللىق بېرىشى مۇمكىن. ئەمما ئەسلي پاكىز ئايالنى مۇتلەق پاكىزلىقنى بىلمەيدىغان ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ.

مەرھابا ئىسمىلىك قوشنا كېلىن بار ئىدى. ھازىر ئۇلار تاشكەنتتە ياشايدۇ. ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا باھارغا يولۇققاندەك بولاتتىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئۇنى دائىم تەبەسسۇم چاراقلىغان ھالەتتە كۆرەركەنمەن. قولۇم-قوشنىلارمۇ ئۇنى ھەر دائىم ئىخلاس بىلەن ئەسلەيدۇ. «بەرىكەت تاپقۇر، بىباھا ئىدى-دە!» دېيىشىدۇ. ئۇ ئارتۇقچە گۈزەل ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئادەمنى ئاجايىپ مەپتۇن قىلىدىغان يېرى بار ئىدى: چاچلىرى ھەمىشە رەتلىك، ئۆيىدىمۇ ئاخشام كەلگەن كېلىندەك پارقىراپ-يالتىراپ يۈرەتتى. قاچان قارىساق، كىر يايغان، قولىدا سۈپۈرگە. بىر ئەمەس، ئىككى شوخ بالىسىنىڭ ئۈستىبېشىغا چاڭمۇ يۇقمايتتى. ئۆيىگە كىرىپ قالساڭ، پاكىزلىقتىن، داستىخاندىكى ئۆزى پىشۇرغان پىشۇرۇقلاردىن، ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك قوۋناق ئاۋازىدىن كۆڭلۈڭ يايرايدۇ. ئۇنىڭ تىككەن زەر دوپپىلىرى، چىرايلىق كەشتىلىرىگە قاراپ كۆزىڭىز راھەتلىنىدۇ...

ئەرنى ھۆرمەت قىلىشنى شۇ ياش كېلىنچەكتەك ئۇخشىتالماي، گاھىدا بىز ياشلىقلارنىڭمۇ تازا ئىزا تارتقان پەيتلىرىمىز بولغان...

ئۇ ئىككى بالىسى بىلەن تىببىي ئىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىردى ۋە ئۇنى ئىمتىيازلىق دىپلوم بىلەن پۈتتۈردى. مانا، شۇتاپ ئۇنى ئەسلەۋېتىپ، تېنىم راھەتلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. شىرىن خىيال سۈرىمەن: كۆنلەر كېلىپ كېلىن ئالسام، مەرھاباغا ئوخشىسا، قانداق ياخشى بولاتتى...

خۇلاسە قىلغاندا، ئائىلە تۇتۇش بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر سەنئەتتۇر. ئۇنى ئۇقماي تۇرۇپ، ئېگىز - پەسلىكى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلماي تۇرۇپ، تۇرمۇشقا چىقىش تالاي ئىشلاردا كەتكۈزۈپ قويۇش، دېمەكتۇر.

قوشنا ئائىلىدە توي تەرەددۇتى. كېلىن بولىدىغان قىزنىڭ قۇلىقىغا ئاستا ئېيتىمەن:

— سىڭلىم! ئېسىڭدە تۇت، ھويلا سۈپۈرەر بولساڭ، كېلىنلىكىڭ ئۆيى تەرىپىدىن باشلاپ سۈپۈر، بۇ سىزنى ھۆرمەت قىلمەن دېگىنىڭ بولىدۇ...

ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنىدۇر دەيمەنۇ، ئۆزۈم بولسام يىراقتا قالغان كېلىنلىكىم ھارپىسىدا قوشنا مومايىنىڭ ماڭا قاراپ، ئۇرغۇ بىلەن ئېيتقان ئۈگۈتلىرىنى ئەسلەيمەن:

— جان بالام، بىراۋنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتىسەن. ئاشۇ يەردە كۆكلەي دېسەڭ، ئاغزىڭغا تاش سال. كۈيئوغۇلنىڭ ئائىلىسىنمۇ ھۆرمەتلەپ ئۆتكىن. بارغان جايىڭنىڭ بىرىنى ئىككى قىلمىساڭ، قېيىناتاڭنىمۇ، ئاناڭنىمۇ مېھنىتى زايە، بالام...

بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆمۈر بويى يېشىپ بېرىۋاتىمەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېتى

# قىزىڭىزنىڭ قەدىر-قىممىتى ھەممىدىن مۇھىم

سىز ئانا بولغان ئىكەنسىز پەرزەنت تەربىيىسىدە، بولۇپمۇ قىز پەرزەنتىڭىزنىڭ تەربىيىسىدە كۆپ قىسىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئالغان بولىسىز. قىزىڭىزنىڭ ئەدەپلىك، ئەقىدىلىك، ئىرادىلىك، ئىستىپداتلىق... بولۇشىدا سىز مۇھىم رول ئوينايسىز. ئىستىدادلىق يازغۇچى مەرزىيە تۇرسۇننىڭ قىزلارغا قىلغان مۇنۇ تەۋسىيەلىرى سىزنىڭمۇ ئويلاپ بېقىشىڭىزغا ئەرزىيدىغان دۇردانىلەردۇر.

بىر قىز بار بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىنلا نامراتلىقتا ئۆسكەن، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ناچار، تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئەقىدە-ئىخلاسى كۈچلۈك، مۇھەببىتى زىيادە، قىزىغا بولغان مېھرى دەريادىن چوڭقۇرراق ئىدى. قويۇق ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق، نومۇس ۋە ھايا مۇھىتىدا ياشايتتى، بۇ ھال قىزىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ كونا كىيىم كىيسىمۇ ياراشتۇرۇپ كىيىدىغان بولدى، گەپ-سۆزدە مۇلايىم، قائىدە-يوسۇنلۇق چوڭ بولدى. بۇ قىز ئائىلىسىنىڭ تولىمۇ نامراتلىقىنى، بۇ نامراتلىقنى پەقەت بىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ۋە ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا

ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. كۆڭلەرنى تۈگۈلەرگە ئۇلاپ ئۆگىنەتتى، بىلىمى چوڭقۇرلاشقانسېرى يەنە بىلىم ئىگىلەشكە تىرىشاتتى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ماگىسترلىق ۋە ئەڭ ئاخىرىدا دوكتورلۇقنى تاماملاپ، تەتقىقات تېمىسى بويىچە جەمئىيەتكە ھەسسە قوشۇشقا باشلىدى. ئۇ نامرات ئىدى، ئۇ تەتقىق قىلىپ ياسىغان بىر نەچچە خىل دورا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇ مىليونېرغا ئايلاندى، بەختلىك ئائىلىسى بولدى. ئۇ پەرزەنتىنى ئۆزى كىچىكىدە قانداق تەربىيىلەنگەن بولسا، شۇنداق ئەتراپلىق تەربىيىلەپ، ھەتتا تەربىيە ئۇسۇلىغا ھەم زامانىۋى ھەم ئىجادىي مەزمۇنلارنى قوشۇپ، ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

يەنە بىر قىز بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى ئەكسىچە ناھايىتى ياخشى، تەربىيىلىنىشمۇ ئەتراپلىق ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى باياشات تۇرمۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى قاندۇرۇپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنى كىچىكىدە ئاساۋ ئاتنى يايلاققا قويۇۋەتكەندەك ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى دائىم ئۇنىڭغا: «بالام، ھەرقانداق قىلىپ ياخشى نەتىجە ئال، شۇنداق قىلساڭ كەلگۈسىدە كادىر بولىسەن، كۆڭلۈڭ ياخشى، بۇ ئۆمرۈڭدە باشقىلارغا خار بولمايسەن» دەپ تەربىيە بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياخشى ئوقۇساملا بولىدۇ دەپ ئويلاتتى، ياخشى نەتىجە ئالساملا باشقا ھەرقانداق ئىشلار ماڭا بەربىر دەپ ئويلايتتى، شۇڭا ياخشى نەتىجە ئېلىش ئۈچۈن توختىماي پۇرسەتپەرەسلىك قىلاتتى. ئۇ باللار بىلەن ئويناپ يۈرۈپ، بەزى قىلىقسىز ئوغۇللارنىڭ سەت گەپلىرىنى، سەت قىلىقلىرىنى دورايتتى، ئانىسى ئۇنىڭغا تەربىيە بەرسە، ئانىسى توسۇپ: «بالىمىز تېخى كىچىك، چوڭ بولۇپ ئاق ـ قارىنى

ئۇقۇقۇدەك بولغاندا تەربىيە بەرسەكمۇ كىچىككەيمىز» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز شۇ بويىچە تەربىيەسىز قېلىۋەردى. لېكىن قىزغانچۇق، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈپ كېتىشىگە چىدىيالمايدىغان، پۇرسەتپەرەس بولغاچقا، يەنىلا تىرىشىپ ئۇقۇيتتى، ھەرخىل يوللار بىلەن مۇكاپاتلارنى ئالاتتى. ئۇمۇ يوقىرى ئۆرلەپ ئوقۇپ ئۇنىۋېرستېتنى پۈتتۈردى، ئەمما ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى پەقەت قىزغىنىش، كۆرەلمەسلىك، پۇرسەتپەرەسلىك ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، ئۇنىڭدا مۇستەقىل بىر ئىلمىي لىنىيە شەكىللەنمىگەنىدى، ھەرقانداق نەتىجىگە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ئېرىشكەنىدى. ئەمدى ياخشى بىر خىزمەت ئورنى تېپىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ئۆسسەم، پۇلۇم كۆپەيسە، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسەم .... دەپ شېرىن خىياللارغا بېرىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قائىدە-يوسۇن بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيتتى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنە دېگەنلەردىنغۇ ئەسلا خەۋىرى يوق ئىدى، سورۇنغا قاراپ گەپ قىلىشمۇ ئۇنىڭ ھاياتلىق مەنتىقىسىدە يوق ئىدى، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدىغان جايلاردا ئۇنىڭ قىلغان گەپ-سۆزلىرىنى، قىلىقلىرىنى شەيتانمۇ دوراپ بېرەلمەيتتى. لېكىن تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كەمچىل، مىجەزى تۈز ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەنلىرى ئاز بولغاچقا، ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇمۇ چوڭ بولدى، بەزى يىگىتلەر ئۇنى قاپقانغا دەسسەتمەكچى بولۇپ سىناپ كۆردى، قوپاللىقىدىن، قائىدىسىزلىكىدىن زېرىكىپ قاچقانلارمۇ بولدى، بەزىلەر بۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى پەقەتلا بىلمەيدىغانلىقىنى تۇيۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى، تۇزاققا چۈشۈردى، بۇگۈن تۇزاققا چۈشۈرگەن بولسا، ئەتىسىلا قارىماي

قويدى.

مانا بۇلار پەقەت بىر ئاددىي سېلىشتۇرما، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، كۆزەتكەن ئىككى خىل تەربىيە مۇھىتىدا ئۆسكەن ئىككى قىزنىڭ كېيىنكى بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان تەقدىرى، ئەمما ئۇنىڭ تېگىگە چوڭقۇر مەنالار يوشۇرۇنغان. بۇ قىزلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بىرىكى بولغان قىزلىق قەدىر-قىممەتنى ساقلاش-ساقلىماسلىق، ساقلىغاندىمۇ قانداق ساقلاش مەسىلىلىرىگە بېرىپ تاقىشىدۇ. ئۇنداقتا قىزلىق قەدىر-قىممەت دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق ساقلاش كېرەك؟

قىز بالا بولغانىكەن، ئۆزىگە خاس نازاكەت، خۇلق، ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك، مېھرىبانلىقنى بەلگە قىلغان قىزلىق قەدىر قىممىتىنى يارىتىشى، مۇشۇ قەدىر-قىممىتى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتكە ئاز-تولا تۆھپە قوشۇشى، ھايات ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشى ئىنسانى مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەلۋەتتە، پاكلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان، قىزلارغا خاس نازاكەت، قىزلىق شەرمى-ھايا تۆكۈلۈپ تۇرغان قىزلارغا ھەممە كىشىنىڭ ئىچى كۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ، ئابرۇيىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەكسىچە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلىماي، تەييار دەسمايىسىگە تايىنىپ يۇقىرىغا يامىشىشنى كۆزلىگەنلەر، مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن ئۆزىنى بۇلغىغۇچىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئۇلارنىڭ «مەقسىتىگە يەتكەن» چاغدىكى خۇشاللىقىغا ناھايىتى چوڭقۇر ئازاب ۋە يىغا سىڭگەن. ئۇلار مەلۇم ۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئۇسۇپ قالغاندەك، ئۆزى سۈرۈۋاتقان ھۇزۇر-ھالاۋەتنى ھېچكىم سۈرۈپ باقمىغاندەك تۇيغۇدا ئۆزلىرىنى

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئالداپ يۈرۈشىدۇ، ئەمما قەدىر ـ قىممىتىنىڭ پۈچەك يارماقچىمۇ ئەرزىمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدۇ. خىيالغا كەلتۈرگەندە بولسا، ئالللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ.

مېنىڭ بىر يېقىن دوستۇم ئۆزى گۇۋاھ بولغان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

مەن بىر قىزنى تونۇيتتىم، ئۇ بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم بۇرۇن بىر ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەنىدى. سەھرا چىراي، مىجەزى تۈز، ئۈستى ـ بېشىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇيالغىنىدىن قىزىرىپ ـ تاتىرىپ گەپمۇ ئۇقالاپ قىلالمايتتى. ئۇ سىڭلىم بىلەن بىر سىنىپتا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىزنىڭ ئائىلىسى بەك نامرات بولغاچقا، ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۆيىمىزگە كېلەتتى. ھەر قېتىمدا ئاشۇ يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق، ئۇيالغىنىدىن گەپمۇ قىلالمايدىغان قىزنى كۆرەتتىم. شۇ تەرىقىدە بىر يىل ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئۆتۈپ كەتتى. مەنمۇ خىزمىتىمنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا بىر نەچچە ھەپتە ئۆيگە كېلەلمىدىم. بىر كۈنى ئۆيگە كەلسەم سىڭلىم ئۆي ئىشلىرىنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۆيدە ماڭا بىرسى كەمدەكلا تۇيۇلدى، ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى سىڭلىمنىڭ ھېلىقى ساۋاقدىشىنىڭ يوقلۇقى ئېسىمگە كېلىپ، سىڭلىمدىن:

—— دوستۇڭ كەلمەيتىغۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

—— كىمنى دەيسەن، ئايپاشانىمۇ؟ ـ دېدى سىڭلىم.

—— ھەئە.

—— ئۇنىڭ گېپىنى قىلما، ئۇ يازلىق تەتىلنى تۈگىتىپ كېلىپلا ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىپ كەتتى، ھازىر كۆرسەڭمۇ تونۇيالمايسەن جۇمۇ. ـ دېدى سىڭلىم.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، - دېدىم مەن قەتئىي ئىشەنمەي، - ئۇ قىزنىڭ ئۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن.

كۆز ئالدىمدىن ھېلىقى يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق قىزنىڭ سىماسى كەتمەيتتى.

— راست ئاچا، - دېدى سىڭلىم، - مەنمۇ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، ئۇ ئاجايىپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ مودا ياسىنىشلىرىنى كۆرىدىغان بولساڭ..... ھازىر ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ھەيران.

يەنىلا ئىشەنمىگەندىم، ئەمما ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قىزنى كوچىدا تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قېلىپ (ئۇ قىز تونۇشلۇق بەرمىگەن بولسا تونۇيالمايدىكەنمەن)، ئاندىن سىڭلىمنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندىم. كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ مودا ياسانغان بىر قىز ساختا ھىجىيىپ تۇراتتى، كۈلكىسى، گەپ - سۆزلىرى، قىلىقلىرى ھەممىسى ساختا ئىدى. مەن ھېلىقى يۈزى تۆۋەن قىز بىلەن بۇ قىزنىڭ ئەسلىدە بىر قىز ئىكەنلىكىنى زادىلا ئەقلىمگە سىغدۇرالمايۋاتاتتىم. كۆز ئالدىمدا يەنە ئاشۇ ئۇيالغىنىدىن گەپمۇ قىلالمايدىغان يۈزى تۆۋەن قىز....

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مودا قىزنىڭ سىرى ئاشكارىلاندى. ئۇ باشقا ئوت قۇيرۇقلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن پۇلدار شەھۋەتپەرەسلەرنىڭ توزىقىغا دەسسەپ، ئۇلار بەرگەن تۇتام - تۇتام پۇللارغا كۆزى قىزىرىپ، «مانتا كۆرمىگەن دىۋانە قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن. بۇ مودا قىز ئۇقۇشنى پۈتتۈرگۈچىلىك خېلى داڭقىنى چىقىرىۋالدى، ئالىي مەكتەپتىكى نەچچە ئون مىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپى ئۇنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ بىر تىيىنغا

ئەرزىگۈدەكمۇ قەدىر ـ قىممىتى قالمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوقۇشنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلدى. مەكتەپتىن چېكىنگەندىن كېيىنمۇ ھەممە ئۈمىدنى ئاشۇ «شەپقەتچىلىرى»، قوينى كەڭ ئۇرۇمچىگە باغلاپ تۇرۇۋەردى. ئۇلارنىڭ ساۋاقداشلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ئۇ ھەتتا قىرىق نەچچە ياشلىق بىرىدىن بىر بالىلىقمۇ بولغانىدى. ئارىدىن يەنە ئىككى يىل ئۆتكەندە مەن سىڭلىمدىن تۇيۇقسىز:

— ھېلىقى ساۋاقدىشىڭ ئۇرۇمچىدە بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

سىڭلىم بىر ئاز قايغۇرغان ھالدا:

— ئۆلۈپ كەتتى، ـ دېدى.

— نېمە؟ نېمە بولۇپ؟

— مەنمۇ بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر ساۋاقدىشىمدىن ئاڭلىدىم، ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋاپتۇ، ـ دېدى سىڭلىم.

ئەسلىدە بۇ قىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئون كۈندىن ئاشقانىدى. بىچارە ئاتا ـ ئانىسى كۆز يېشى قىلغان پېتى يۇرتىدىن كېلىپ ئۇنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

— بىچارە ئىلگىرى تولىمۇ يۈزى تۆۋەن قىز ئىدى.... ـ دېدىم مەن ئېچىنىپ.

— بىچارە .... كىچىكىدە ياخشى تەربىيە كۆرەلمىگەنىكەن، ـ دېدى ئاپام پىشقەدەم مائارىپچىغا خاس يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن، ـ ئەگەر ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈزۈپ، ئەتراپلىق تەربىيىلىگەن بولسا، بۇ قىز ھەرگىز خاتا يولغا كىرىپ كەتمەيتتى، ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم ئەنە شۇنداق روھىي جەھەتتىن ئاجىز بولۇپ قالىدۇ.

مانا ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھاياتىمدا نۇرغۇن

ئىشلار ئۆتتۆلدى، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ئەمما ئاپامنىڭ شۇ بىر ئېغىز گېپى ھېلىغىچە قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ.

مەن مانا شۇ ئىشلاردىن كېيىن قىزلارغا بولغان ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسى بېرىشنىڭ، بۇنداق تەربىيىلەرنى بەرگەندىمۇ يۈرىكىگە سىڭدۈرۈپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم، تەربىيە ئەتراپلىق بولماي قالسا، قىزلار ئۆز قەدىر-قىممىتىنى تولۇق تونۇپ يەتمىسە، كۆڭۈللەرنىڭ بىردە چوقۇم چاتاق چىقىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تېپىلماي قالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. قىزلىق قەدىر-قىممەت بولۇپلا قالماي، يەنە قىزلارغا خاس بولغان ئىززەت ۋە ئابرۇيىنى بەلگە قىلغان قەدىر-قىممەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇكى، بۇنداق قەدىر-قىممەتنى ساقلىغان قىزلار پاكلىق ۋە يورۇقلۇقتا ئاي ۋە كۈنگە سېلىشتۇرغۇسىزدۇر. شۇڭا، قىزلىق قەدىر-قىممەت تەربىيىسى (قىزلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىزلارغا ياخشى خۇلق، نازاكەت ۋە ئىپتىخار بېغىشلايدۇكى، قىزلار ئۆز قەدىر-قىممىتىنى ساقلىشى، ئۆز قەدىر-قىممىتىنى يارىتىشى، ئۆز قەدىر قىممىتىنى ئاشۇرۇشى تولىمۇ مۇھىمدۇر.

ئادەمگە ساغلام تەن ۋە ساپ ھاۋا قانچىلىك كېرەك بولسا، ئۇنىڭغا يەنە ئاڭلىق ئادەملەر توپى ئارىسىدا، مەدەنىي دۇنيا ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك-تۈمەن ئىشلاردا ئىنسانىي قەدىر-قىممەت ۋە ئابرۇيىمۇ شۇنچىلىك مۇھىم. شۇنداق ئىكەن، قىزلار ئۈچۈن قىزلىق قەدىر-قىممەت تېخىمۇ مۇھىمدۇر. قىممىتىنى ساقلىغان، ئىززەت-ئابرويى جايىدا بولغان قىزلار ناھايىتى ئاسانلا ئۆزى نىشانلىغان غايە مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ، پارلاق كەلگۈسىنى يارىتالايدۇ.

دەرۋەقە، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ۋە ئىلىم نۇرى بىلەن

خۇلقىنى ياخشىلىغان قىزلار ھەر يەردە ئىززەت تاپىدۇ، ئابرۇي قازىنىدۇ. ئىلىم قىزلار ئۈچۈن ئەڭ يارىشىدىغان زىننەت. ئەقلىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ھەر بىر قىز نومۇس، ئىززەت، قىزلىق قەدرىنى چۈشىنىپ يەتسە، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ، ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. بۇنداق ھايا نىشانىسى ئېنىق قىزلار ھېچقانداق ئىشتا ئادىشىپ قالمايدۇ. ئىلىمسىز قىز بولسا تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىشتا تۈرلۈك كەمچىلىكلەرگە يول قويىدۇ. قىزلار ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە نومۇس، ئىززەت، ھايا قاتارلىق پەزىلەتلەر ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ.

قىزلىق قەدىر-قىممەتنىڭ ئېنىق شەپىسى بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتماقتا، نۇرغۇن قىزلار پۇل ۋە ساختا ئابرۇيىنىڭ قۇربانى بولۇپ، ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇپ، قىزلىق قەدىر-قىممىتىنى يەرگە ئۇرماقتا، ئىچىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇشنىڭ ئورنىغا ئۈنى قۇپقۇرۇق قالدۇرماقتا ياكى ناشايان ئىشلار بىلەن تولدۇرماقتا. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا قىزلىق قەدىر-قىممەتنى قانداق ساقلاشنى، قانداق يارىتىشنى بىلمەسلىك، قىزلىق قەدىر-قىممەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ دۇردانىلىرى ۋە ئەخلاق جاۋاھىراتلىرى بىلەن قوراللانماسلىقمۇ قىزلار ئۈچۈن تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان ئېغىر تالاپەتتۇر. بۇ تالاپەتلەرگە بويۇن ئېگىش، يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەرنىڭ يىلتىزىنى بىلىپ تۇرۇپ كەسمەسلىك، كىشىلىك ئەخلاق مىزانلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلماسلىق ۋە قىزلارغا خاس گۈزەل ئەخلاق نەمۇنىلىرىنى ياراتماسلىقمۇ ۋىجدانلىق، ئەقىدە-ئېتىقادلىق قىزلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بۇنداق ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش نومۇس.

خۇددى ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىغان جەسۇر

قەھرىمانلارغا ئوخشاش، ئەخلاقسىزلىقلار ۋە يامان قىلىقلارغا ئۆز قۇربىنىڭ يېتىشىچە تاقابىل تۇرۇشىمۇ قىزلىق ئالىي قەدىر-قىممىتىنىڭ نىشانىسىدۇر.

ئەي قىز! قىزلىق قەدىر-قىممىتىنىڭ ئېنىق شەپىسى تۇيۇقسىز يەنە پەيدا بولۇپ قالدى ۋە بارغانچە روشەنلەشمەكتە. بۇ بەلكىم سىزگە ئوخشاش پەزىلەت غۇنچىلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ بىر دەلىلى بولسا كېرەك. بۇ شەپە يەنىمۇ روشەنلىشىدۇ ۋە ۋىجدانلىق، ھايالىق قىزلارنىڭ بەخت يۇلتۇزى بولمىش چولپانغا ئوخشاش كۆكتە پارلايدۇ، ئىزتىراپ چەككۈچىلەرنىڭ غەم-قايغۇسىنى قاياقلارغىدۇر سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ، دەپ بىلگەيسىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىزىڭىز ئۆي ئىشلىرىغا پىشسۇن

قىزلار كىچىكىدىن باشلاپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ئۆگەنسە، ئۇلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق بولۇشىغا، ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە، ياخشى-يامانىنى ۋاقتىدا پەرق ئېتىپ، تۇرمۇش جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشىدە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينايلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ راۋان، بەختلىك بولۇشىغىمۇ ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇش كىشىنى ھەرخىل قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەتلىرى بىلەن سىناپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۆي ئىشلىرىغا پىشمىغان، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل، قولىدىن تاماق ئېتىشمۇ كەلمەي، كوچىدىن تاماق يېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان تەييار تاپ قىزلار تۇرمۇشتا تەمتىرىمەي، دادىللىق بىلەن ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ، ھاياتىي كۈچى سىلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە تۆۋەن بولىدۇ. ھالبۇكى، قىزلىرىنى ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچە قازان بېشىغا يېقىن يولاتمايدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى قىلغۇزماي ئۆگىتىپ قويۇپ، كېيىن قىلغۇزىمەن دەپمۇ قىلغۇزالمايدىغان ئاتا-ئانىلار مۇشۇ كۈنلەردە خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. مۇشۇنداق ئۆيىنى قانداق تۇتۇشنىمۇ بىلمەيدىغان ئەركە، مودا قىزلىرىمىزنىڭ ئالدى

تۇرمۇشلۇق بولدى، ئۆيىگە ئىككى مېھمان كېلىپ قالسا، ئىككى قېتىم قازان قاينىتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىشنى ئۇقمايدىغان، كۆندە نەچچە ۋاق سىرتتىن تاماق يەپ ئالغان مائاشىنى يەتكۈزەلمەي، يا قانداق قىلىشنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ئۆيى مۇشۇ سەۋەبتىن بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتتى. شۇڭا، قىزلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا پىششى، تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇلارنى بىلمىگەن قىزلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل دەپ كېسىپ ئېيتىش تامامەن مۇمكىن.

بىر يېقىن دوستۇمنىڭ كىچىك سىڭلىسى بەكمۇ ئەركە ئىدى، ئاتا - ئانىسى، ئاچا - ئاكىلىرىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ ئۇنى «كىچىك» دەپ نېمىنى دېسە قىلىپ بېرەتتى، ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايتتى، قازان بېشىغا يېقىنمۇ يولاتمايتتى، بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا: «كىچىك ئەمەسمۇ، ئۇ دېگەن كىچىك تۇرسا....» دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىمۇ ئاشۇ «كىچىك» پېتى تۇرۇۋەردى. بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ قىزنىڭ مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە كېيىن تۇرمۇشلۇق بولغاندا قىينىلىپ قالىدىغانلىقىنى، ھازىر ياخشىلىق قىلغاندەك قىلغانلىرى بىلەن ئەمەلىيەتتە يامانلىق قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلىشمىدى. كېيىن بۇ قىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن توي قىلدى. بىر - ئىككى ئاي كۆڭۈللۈك ئۆتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۈركىلىش كۆچەيگىلى تۇردى، بۇ سۈركىلىش ئاخىرى بېرىپ ئۇرۇش - تالاشقا ئۆزگەردى. بۇ قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېلىشى كۆپەيگىلى تۇردى. بىر كۈنلەرگە بارغاندا بۇلار ئاجرىشىپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. دوستۇمدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. دوستۇم بېشىنى چايقىغان

ھالدا ھەسرەتلىك تىنىپ مۇنداق دېدى: «ھەممە سەۋەنلىك سىڭلىمدىن، تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە بىزدىنمۇ كېتىپتۇ. ئايدەك سىڭلىمىزنى ئەركە ئۆگىتىپ، قازان بېشىغا يېقىن يولاتماي ياكى ئۆي ئىشلىرىغا سالماي بەك خاتا قىلغان ئىكەنمىز. سىڭلىم تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئالتە ياشلىق قىزلارچىلىكمۇ بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ. ئەسلى ئۇنىڭ تۇرمۇشلۇق بولۇشقا يېشى توشقان بىلەن تۇرمۇش تەجرىبىسى قەتئىي توشمايدىكەن، ئۆيدە بىر نەچچە يىل تاماق ئېتىشنى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇشنى ئۆگىتىپ ئاندىن تۇرمۇشقا چىقىرىدىغان ئىشكەندۇق». مەن نېمىشقا بۇنداق دەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. دوستۇم تېخىمۇ ئېغىر تىنىپ مۇنداق دېدى: «ئويلاپ باقمامسەن، سىڭلىم توي قىلىپ ئىككى يىلغىچىمۇ تاماق ئېتىشنى ئۆگىنەلمىگەن تۇرسا، كۈندە ئەر-خوتۇن سىرتتا تاماق يەۋەرگەن بىلەن تاغمۇ توشمايدۇ-دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەركىمنىڭ ئۆي تامىقىنى سېغىنىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ قولىدىن چىققان تاماقنى يېگۈسى كېلىپ قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا سىڭلىم تاققىدە بىر قاچا تاماقنى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويالمايدۇ-دە. بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن سىڭلىمنىڭ ئېرى ئۆي تامىقىنى ئوخشىتىپ ئېتەلەيدىغان بىرسى بىلەن تېپىشىۋاپتۇ». دوستۇم يىغلامسىراپ يەنە مۇنۇلارنى دەپ بەردى: «ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئۇلار ئىككىسى نەچچە يىل مۇھەببەتلىشىپ ئاندىن توي قىلغان ئىدى، بىر-بىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمما، تۇرمۇش يولىدا بىر-بىرىنىڭ ئەيىبى ئېچىلىپ قالدى، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، ئەيىبلىرىنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ياپالمىدى. سىڭلىم ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى، بىر كۈنى بارسام شۇنداق

چىرايلىق يېقى ئۆي شۇنچىلىك مالىمان تۇرۇپتۇ، مەن يىغىشتۇرۇپ بەردىم، مېنىڭمۇ ئۆيۈم، باللىرىم بار تۇرسا ئۆزى قىلالمىسا، ھەر كۈنى بېرىپ يىغىشتۇرۇپ بېرىشكە مېنىڭمۇ چولام تەگمەيدۇ ـــ دە. ئېرىنىڭ ئائىلىسى بىر نەچچە قېتىم ئۇنى ئۆيى قالايمىقان ۋە مەينەت تۇرغانلىقىدىن مەسخىرە قىلغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جېدىلى ئۈزۈلمىدى، ئۆزىمىز شۇنداق تەربىيىلەپ قويغاندىكىن بۇ ئائىلىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالىمىز بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا مۇشۇنداق ئىش يۈز بەردى. توۋا، يۈزمىڭ توۋا، يەنە مۇشۇنداق ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ بەش ياشلىق قىزىمنى ھازىردىن باشلاپ كۆچى يېتىدىغان ئىشلارغا سېلىشقا، تاماق ئېتەلمىسىمۇ مۇشۇ ئىشقا مايىل قىلىشقا باشلىدىم، دوستۇم. قىز بالا دېگەن تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلىسە، ئۆينى چىنىدەك تۇتۇشنى بىلەلىسە، ئاندىن ئۇ قىز بالا ئىكەن، بولمىسا سەن دەپ باقە، ئۇنىڭ ئوغۇل بالىدىن نېمە پەرقى بار؟ نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇ نوقتىنى چۈشەنمەي، قىزلىرىنى قازان بېشىغا يېقىن يولاتمايۋاتىدۇ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلغۇزمايۋاتىدۇ، ئاخىر سىڭلىمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ كەلسە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، ئەمما ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەڭ ياخشىسى، ئىشنى قىزلىرىمىزنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلىغىنىمىز تۈزۈككەن».

دوستۇمنىڭ «قىز بالا دېگەن تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلىسە، ئۆينى چىنىدەك تۇتۇشنى بىلسە ئاندىن ئۇ قىز بالىكەن، بولمىسا، سەن دەپ باقە، ئۇنىڭ ئوغۇل بالىدىن نېمە پەرقى بار؟» دېگەن سۆزى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇرۇمچىنى مىسالغا ئېلىپ ئېيتساق، مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى تېز تاماقخانىلار مىسلىسىز كۆپىيىپ كەتتى ھەم ياخشىلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز خېرىدارى

ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، بۇ شەھەردە ئاھالىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلى بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆيدە تاماق ئېتىدىغان قىز-ئاياللارنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۆيدە تاماق ئېتەلمەيدىغانلارنىڭ بولسا كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاشخانا تائاملىرىنىڭ ئۆي تائاملىرىنىڭكىگە قارىغاندا تەييار خۇرۇچلارنى كۆپ ئىشلىتىشى ۋە قورۇغان، ئاچچىق-چۈچۈك يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن كىشىلەردە كېسەللىكلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇمۇ تاماق ئېتىشنى بىلمەيدىغان قىزلىرىمىزنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئەسلىدە تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان قىزلىرىمىزنىڭ تاماق ئەتمەي بىكار يۈرۈشى، ئاشخانىدىن تەييار تاماق يېيىشى، ئىلگىركى ئەنئەنىۋى تۇرمۇشنىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا كىشىلىك مۇناسىۋەت، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بولۇپ، بۇ بۇزۇلۇش نۇرغۇن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان چىگىش، يېڭى مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە چېتىلىپ، ئاخىرىسىنى يىغىشتۇرىۋالغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قازاقىستاندا ئوقۇپ كەلگەن بىر دوكتورنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئالمۇتادىكى بىر ئۇيغۇر مەكتىپىگە بارغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى بىۋاسىتە كۆزەتكەن. ئۇ يەردىكى مەكتەپلەردە دەرس نۇقتىلىق بەس-مۇنازىلەر ئىچىدە داۋاملاشقاندىن سىرت، چوشلۇكى باللار مۇئەللىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرى قول سېلىپ تاماق ئېتىدىكەن. خېمىرنى قانداق يۇغۇرۇش، تۈزنى، ياغنى قانچىلىك

ئىشلىتىش، تاماق خورۇچلىرىنى قانداق تەييارلاش ۋە تەقسىملەشنى مۇشۇ جەرياندا ئۆگىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھەتتا كىر يۇيۇشنىمۇ مۇئەللىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەتراپلىق ئۆگىنىپ چىقىدىكەن. يەنە قىزلارغا رېشلىيە ئىشلەش، ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلىق قىلىش، كىيىم پىچىش، تىكىش، ئائىلىدە قىزلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىدىكەن. ئوغۇللارغا بولسا ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، ئائىلىنىڭ ئوغۇللار قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قىلىشتەك ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىدىكەن. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىنمۇ بۇ تۇرمۇش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىكەن، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەمگەك دەرسى ئىكەن. بۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان قىزلارنىڭ تۇرمۇشلۇق بولغاندا تاماق ئېتەلمەيدىغانلىرى، كىر يۇيالمايدىغانلىرى ۋە ئۆي سەرەمجانلاشتۇرالمايدىغانلىرى يوق ئىكەن. ھازىر بەزى ياش ئانىلار قىزلىرىغا تاماق ئېتىشنى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگەتمىگەچكە، بىر تۈركۈم «سىرتتىن تاماق يەيدىغان قىزلار» مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ.

قىزلارنىڭ تاماق ئېتىشنى بىلىشىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزى بىلىپ-بىلمەي تائام مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزى قول سېلىپ يارىتالايدۇ؛ قولى چېۋەرلىكىدىن باشقىلارنىڭ (بولۇپمۇ تائام تېتىغۇچىلارنىڭ) ماختىشى ئارقىلىق ئۆز ئەمگىكىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز شادلىققا چۆمىدۇ، بۇ سالامەتلىككە بىۋاسىتە پايدىلىق. تاماق ئېتىش جەريانىدىكى ھەرىكەت ۋە مېڭىنى چاقماق تېزلىكىدە ئىشلىتىش قىزلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ھەرىكەت پائالىيىتى بولۇپ، بۇ ئادەم ئورگانىزمىنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا

ئىنتايىن ئەپچىل ئۇسۇلدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى قىزلار تاماق ئېتىشنى بىلىپ ئۆيدە تاماق ئەتكەندە ئىقتىساچچانلىق قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېكمەتلىرىنى سۆزلىمىسەممۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئاياندۇر. ئىشقىلىپ، ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، قولى چېۋەر، تاماق ئېتىشكە ئۇستا قىزنىڭ قىزلارغا خاس جۇلا، ئەدەپ ۋە سىپايىلىكتە يېتىلگەن قىز بولىدىغانلىقىغا ئىمانىم بىلەن كاپالەت بېرەلەيمەن.

# ھەشەمەتخورلۇق ئەڭ يامان ئىللەت

«ھەشەمەتخورلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، سۆلەتۋازلىق، مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ھادىسىلىرىگە مەنبە ۋە نىشان ھېسابلىنىدۇ. ھەشەمەتخورلار ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ نەپرىتىدە، ئەمگەك ئەھلىنىڭ مەسخىرىسىدە بولىدۇ. ئەل ـ يۇرت، مەھەللە ـ كويلىرىدىن چەتنەيدۇ، غېدىيىپ قالىدۇ. تەنتەك كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى ئويغىتىپ، تەييارتاپلار، مەنمەنچىلەر، ئاق نانچى خۇشامەتكويلار چوقۇنىدىغان ئادەملەرگە ۋە ئۆز ئوي ـ خىياللىرىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.»

—— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دىن

ھەشەمەتخورلۇق ئىنسانىنى مەنىۋى چۈشكۈنلۈككە، روھىي گادايلىققا، مەنمەنچىلىككە قاراپ يۈزلەندۈرىدىغان ناچار روھىي ئىللەت بولۇپ، بۇ خىل ئىللەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان ئىنسان مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە يامراپ كېتىدىكەن، بۇ مىللەت ناھايىتى تېزلا غۇلاپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، جۈملىدىن مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر پۈتۈن جەمئىيىتىمىزگە

تارقالغان «ۋابا» ھەشەمەتخورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاكتىپ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىمىز زۆرۈر. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدىكى يەنە بىر ناچار ئىللەت ھەشەمەتخورلۇق ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ھەشەمەتخورلۇق سورۇنى (مەيدانى) نىڭ توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغ ئىكەنلىكىنى يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتى.

«ھەشەمەتچىلەر ئەڭ بۇرۇن ئۆز نام-شۆھرىتىنى، ئاندىن يارانقان تەڭرىسىنى ئەسلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە ئەل-يۇرت يوق. دۇنيا ۋەسۋەسىسىلا بار. گاداي-نامرات قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇغان. ئەمگەك ئەھلىنى نەزەرگە ئىلمايدۇ. ئەلگە بايلىقنى بايراق قىلىدۇ. پۇل-ۋەج ۋەسۋەسىسىنى جەمئىيەتكە يايىدۇ. پۇل، بايلىقنى ياشاشنىڭ مىزان-ئۆلچىمى قىلىدۇ. كىشىلەرنى قاتلام، تەبىقىلەرگە بۆلۈۋېتىدۇ. ھەشەمەتخورلار باش كۆتۈرگەن جەمئىيەت ئادەم-ئادەمگە يات (ئادەم ئادەمگە دۈشمەن) جەمئىيەتكە قاراپ يۈزلىنىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1994-يىل 4-، 5-(قوشما) سان، 143-بەت). ھەشەمەتخورلار ئۆزلىرىنىڭ تاپقان بارلىق مال-دۇنيالىرىنى «ھەشەمەتچىلىك سورۇنى» غا تاشلاپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مال-دۇنياسىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا قويۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. توي-تۆكۈن بولسا ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ «بەيگە» مەيدانىدۇر. بۇ مەيدان ئىگىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما پۈتكۈل دۇنيا خەلقى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ مەغرۇر قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرىدە بىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىمىزغا خارلىق تامغىلىرى بېسىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەب بىزنىڭ

روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىمىزدىن ئىبارەت ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئەجدادلىرىمىز ياراتقان كۆپلىگەن مەدەنىيەتلەر بىز ئەۋلادلار تەرىپىدىن خارابلىشىش كرىزىسىگە دۇچ كەلدى. ئەسلىدە ئەۋلادلار ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، شۇ ئاساستا تېخىمۇ ئىختىرا قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. ئەكسىچە باشقىلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشنىلا بىلدۇق (ئايرىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا، لېكىن بۇ بىر زەررىچە ئىش، خالاس).

«تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شۆھرەتپەرەس جاللات خان ئاپاق خوجا ئۆز دەۋرىدە غۇرۇرى ھەشەمكارلىقى تۇتۇپ، بۇ زېمىندا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ توي سورۇنى تۈزۈلمىگەي دەپ شەرت قىلىپ، 30 مىڭ قوي، 30 مىڭ كالا ئۆلتۈرۈپ، 30 مىڭ ئات سوۋغا قىلىپ (دۇنيانىڭ خوپلۇقى كەيمەك، يېمەك، چاچماق) دەپ لەۋزى شوئار قىلىپ، 40 يەردە 100 كۈن توي قىلىپ ئۆزىنىڭ ئۆزىنىڭ نام شۆھرىتىنى خەلقئالەمگە نامايان قىلىپ ئۆتكەن بولسا، ھازىرقى چاغلاردىمۇ‹تونۇشۇش چېيى›، ‹ئۇچرىشىش چېيى›، ‹يىگىت مەسلىھەت چېيى›، ‹قىز مەسلىھەت چېيى›، ‹ئاتا-ئانىلار مەسلىھەت چېيى›،‹توي چېيى›، ‹چىللاق چېيى›، ‹ۋىچىركا›، ‹ھاردۇق چېيى›، ‹خوشلىشىش چېيى›، ‹رەھمەت چېيى›، ‹چاقىرىش› لارغا 10-20 لەپ كالا، قوي سويۇپ، 20-30 لاپ ماشىنا، پىكاپ ئىشلىتىپ، قىممەت باھالىق ھاراق-تاماكىلارنى يەشىك-يەشىكلەپ سېتىۋېلىپ دۆۋىلەپ، سەنئەتچىلەرنى، ئاپپاراتچىلارنى، ناغرا-سۇنايچىلارنى، ئوپېراتورلارنى چاقىرىپ يىغىپ، ئۇستا ئاشپەز، مۇلازىملارنى كۆپەيتىپ، ھەشەمەتلىك چوڭ مەرىكە زاللىرىنى ئىشلىتىپ، قىسقىسى پۇلنى ساماندەك خەجلەپ، 1000 ھەتتاكى 2000 باغاقلىق مېھمان

چاقىرىپ تۇرۇۋاتقانلار يوق ئەمەس». (يۇقىرىقى زۇرنالغا قاراڭ.)

ئەمما ئۇ 1000 ـ 2000 باغاقلىق چاقىرىلغان مېھمانلارنىڭ ئارىسىغا هال ـ كۈنى ئاران ئۆتۈۋاتقان نامرات كەمبەغەل دېھقانلاردىن بىرەرسىمۇ قوشۇلۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئۆي ئىگىسىنى رازى قىلغۇدەك ماددىي بايلىق پۇل يوق. تويغا شۇنچە كۆپ ئادەمنى چاقىرىشتىن مەقسەت كۆپلەپ پايدىغا ئېرىشىش بولغاچقا، ئادەم قانچە كۆپ كەلسە ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى نامايان قىلىش مەيدانى، پۇل ـ مال دۇنيا توپلاشتىكى «بازار» غا ئايلاندۇرالايدۇ. «بەزىلەر توي ـ تۆكۈننى غەيرىي سودا ـ تىجارەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشقان. ئۇلار تويىنىڭ چىقىمىدىن كىرىمى كۆپ، قانچە ھەشەمەتلىك بولسا، شۇنچە ساندۇق تولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. توي كىرىمى تويدىن ئىلگىرىكى «چاي» لاردا، توي ۋاقتىدا قۇدىلارغا بىر نۆۋەت، مېھمانلارغا بىر نۆۋەت تەنزە ئېچىش بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. كىرىمنىڭ قانداقلىقى يۈرەك سوقۇشى، تەبەسسۇم ۋە دەرد يۇتۇۋېلىش بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزى جايلاردا يىگىت«قىممەت» بولسا، بەزى جايلاردا قىز «قىممەت» بولىدۇ. ئورنى چوڭ، خىزمىتى ياخشى، پۇلى كۆپ، تۇغقانلىرى جىق ئائىلىگە قۇدا بولماق ‹قىممەت›مال دۇكىنىغا ئاياغ باسقاندەك مۇشكۈل، بۇ سودا تولىمۇ رەھىمسىز بولۇپ، «مال» غا ھەق تۆلەشتىن تاشقىرى ‹سۈت ھەققى»، «مېھىر ھەققى»، «قېرىنداشلىق ھەققى»، «تۇغقانلىق ھەققى»، «چاي ھەققى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ھەق تۆلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ «قول سودىسى»دىن بەتتەر. «قول سودىسى»دا بىرلا «جانلىق بۇيۇم» ئۆستىدە بولىدۇ. «چارۋامال»سودىسىمۇ بىرلا شۇ مال نەرقى ئۈستىدىلا بولىدۇ. بۇ غېرىب ـ غۇرۋالىنىڭ ھەشەمەتچىلىك نىقابىدىكى«قاقتى ـ سوقتى›،

«تىلەپ تېرىپ»، «بۇلاپ ـ تالاپ» جان بېقىش پەلسەپىسىنىڭ نەق ئۆزى» (ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھىنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 ـ يىل 4 ـ سان، 35 ـ بەت)ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنىڭ يۈرەك باغرىنى يېرىپ چىققان جان ـ جىگەر پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى (پەرزەنتلەر توي قىلغاندىن كېيىن خاتىرجەم، جېدەلسىز تۇرمۇشقا ئىگە بولالمىسا، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ پۇلنى ئالدىنقى شەرت قىلغان توي ـ تۆكۈندە قىز ـ يىگىتنىڭ ئىناقلىقى مەڭگۈ كاپالەتكە ئىگە بولامدۇ؟)نى ئويلاشمايدىغان بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ رايىغا باقماستىن مەجبۇرلاش ۋاستىسى بىلەن توي قىلىشىدۇ. نەتىجىدە ھەپتە ئۆتمەستىن، بۇ يېڭى ئائىلىدە جېدەل ـ ماجىرا باشلىنىدۇ. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئاجرىشىشنى ئىلتىماس قىلغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن توي قىلغانلار بولماستىن، بەلكى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن نىكاھلانغانلار ئىكەن.

«ئۇيغۇرلاردا قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن، تەڭتۇشلۇق، ئىختىيارىيلىق ئۆلچەم قىلىنغان، قۇدىلاشقۇچىلار رازىلىق بېرىشكەن، ئەلگە ياققان نىكاھ تويى ھەقىقىي ھەم مەڭگۈلۈك توي ھېسابلىنىدۇكى، پۇل، مال ـ دۇنيا، يۈز ـ ئابرۇي، نەسىل ـ نەسەبى، مەنسەپ ـ ئىمتىيازغا يۈزلەنگەن قىز ـ يىگىت تويى ئەزەلدىن توي ـ تۆكۈن ئەنئەنىسى سانالغان ئەمەس. ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن توي ـ تۆكۈن قائىدە ـ مىزانلىرىمىزدا، جۈملىدىن ‹نىكاھ›، ‹توي ›، ‹رىسالە› مىزدە بىزنىڭ بۇ قارىشىمىز مۇنداق دەلىللەنگەن:

« نىكاھتىن مۇددىئا: نىكاھى قىلىنغان ئىككى ئەھلى مۆمىن (قىز ـ يىگىت) نىڭ پاك، خالىس خۇدايى بەندىچىلىكى ئۈچۈن، ئەبەدىلئەبەد جۈپتى ھەمدەملىكى ئۈچۈن، خۇدالىق پەرزەنت ئۈچۈندۇر. نىكاھى قىلىنغان مەزكۇر مۆمىنلەرنىڭ نىكاھ ـ توي مۇراسىملىرى ئاشكارا ۋە خۇپىيانە تەممەدىن، زورلۇق، ناشايان ئەلەمدىن، كۇپىرانە ھەشەم ـ مالامەتلەردىن، دەپىن ـ دۇنيا ساراسىملىرىدىن، نەھى ھارام (قويۇق ـ سۇيۇق، قاتتىق ـ يۇمشاق مەست ۋە بىھوش قىلغۇچى نەھى بۇيۇملار) دىن، قەرزدىن، بىچارىلىق ئەلىمدىن، شەرھى ھاياسىزلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي ھەم بەندىچىلىكتە ساۋابلىقى روشەن ئادەت ـ يوسۇنلار بىلەن تامام بولمىقى شەرتتۇر».

توي مۇراسىملىرىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ يوسۇنلار توغرىسىدا رىسالىدە يەنە تۆۋەندىكى زۆرۈرىيەتلەر قەيت قىلىنغان: «نىكاھى قىلىنغان مەزكۇر ئىككى مۆمىننىڭ ھەقدار ھامىيلىرى (ئاتا ـ ئانا، بىۋاستە قېرىنداشلىرى) نىڭ خۇدالىق خالىس شەپقەت ـ شاپائىتى، مۇراد ـ مەقسەت بىرلىكى، ھەمدەملىك ئېتىبارى مەزكۇر ئىككى مۆمىننىڭ مەڭگۈلۈك ئىقبال ۋە تەقدىرىگە مەنبەدۇر. نىكاھى قىلىنغان مەزكۇرلەرنىڭ نىكاھ ـ توي سورۇنلىرى بىلەن مەسۇمە (قىز) نىڭ تويلۇق ھەققى مېھرى، تويلۇق بوغچىلىرى، باراتلىرى قۇدىلار ھەم نىكاھى قىلىنغان ئىككى مۆمىننىڭ نەقتانە مال ـ دۇنيا مادارىغا بىنائەن ھەم شۇلارنىڭ قۇربىتى، رازىلىقى بىلەن زەخمىسىز، زورلۇقسىز ئۆتمىكى خۇدالىق دالالەتتۇر. نىكاھ ـ توي ئىنسان ئۈچۈندۇر. مال ـ دۇنيا مەئىشەت ئۈچۈن بولمىقى ھارام ۋە دىنىمىزغا مۇخالىپتۇر».

بۇ رىسالىدە يەنە: « مەسۇمە قىز تەرىپىدىن ئۈچ ھامىيە

(قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، چوڭ ئاتا، چوڭ ئانىسى، بىۋاستە ھامىيلىك يەتكۈزگەن چوڭ قېرىنداشلىرى)، يىگىتتىن بىر ھامىيە (ئاتا ـ ئانىسى) تويدىن خالىس نېسۋە ئالماق جايىزدۇر. غەيرىيلەرنىڭ نەپ ئالمىقى ھارامدۇر. رەئىيە ـ پۇقرانىڭ قىزلىق توي بوغچا ـ بوغۇنچىلىرى قوش قاتتىن لىباس (جۈپ ـ جۈپتىن باش ـ ئاياغ، ئېغىزمان كىيىملىرى)، قوش ـ قوشتىن ئەۋرەت كىيىملىرى (ئىچ كىيىملىرى كۆزدە تۇتۇلغان)، ئېرىغ مالدىن زىبۇزىننەت (ئالتۇن، كۈمۈشتىن زىرە، بىلەيزۈك، ئۈزۈك كۆزدە تۇتۇلغان) لەر بىلەن تەللەنمىكى ئەزەلدىن ئادەتتۇر، مەسۇمە قىزنىڭ توي لىباسلىرى (توي كىيىملىرى) ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن ھەم لايىق تەل قىلىنمىقى، قەرز ئېلىپ تۇرغان بولماسلىقى تەلەپتۇر. مەھبۇبىنى رازى ۋە مەمنۇن قىلماق، ئەلەمسىز خەۋەر ئالماق، كېيىندۇرمەك ئەرگە ئۆمرىۋى شەرت ھېسابلانغاي. مېھرى پاكلىقنى ئېرىدىن غەيرىيگە بۇزماقتىن، ئەر ئۆمرىگە خىيانەت قىلماقتىن خالىي ۋە يىراق بولماق، ئائىلە، پەرزەنت ۋە خۇدايى تىرىكچىلىكتە ئەرگە ھەمياران بولماق، مېھرىنى بەرمەك خاتۇنغا خۇدالىق ئەمەل مەجبۇرىيەتتۇر».

«توي رىسالىسى» دە يەنە: نىكاھى چۈشكەن ئىككى مۆمىننىڭ تەگرى ئالدىدىكى ئىنسانلىق تەڭ باراۋەرلىكى، ۋابال، ساۋابىنىڭ ئورتاقلىقى، رىزقى تەقدىرىنىڭ ھەم دىيانەت ـ ساداقىتىنىڭ بىرلىكى مەزكۇر مۆمىنلەرنىڭ ئىرادە ـ ئىختىيارىغىلا خاستۇر، دەخلىسىزدۇر، دەپ تەكىتلەنگەن.

بۇ رىسالىدە يەنە: «توي ـ نىكاھ جارىستانلىرى» (توي ـ نىكاھ سورۇن، مۇراسىملىرى كۆزدە تۇتۇلغان) نى بىر چاي، بىر توي، بىر مەشرەپ، بىر سالام، بىر چاقىرماق، بىر يۈز ئاچقۇ ۋە بىر

خاتىمە داستىخنى بىلەن ئاخىرلاشتۇرماق لازىمدۇر. تـوي ـ پـاتىمە سورۇنلىرىدا بەتخەجلىك كۆرسەتمەك، بۇزۇپ چاچماق، زايا قىلماق، داستىخان تائاملىرىنى تۆكمەك، مەئـىـشەت ئـىسراپچىلىقىنى پەيـدا قىلماق قاتتىق يامان ئىشتۇر. ئىنسان خىسلىتىگە يـات قىلمـىشتۇر، دېيىلگەن.

تويلاشقان قـىـز يىگىتنـىـڭ تويـىـدىن كېيىنكـى ئۆمۈرلـۈك مۇناسىۋەت، مەجبۇرىيەتلىرى بۇ رىـسالىدە يەنە مۇنـداق قەيـت قىلىنغان: يىگىتكە تەلەپ: ئەي يىگىت بىر ئۆمۈر ئاگاھ ۋە ۋاقىـت بولۇڭكى، مەھبۇبىڭىزدىن بىر رۇخسەت نېرىسى ئۈچ ئايلىق، يېقىنى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە تاشلاپ كەتمىگەيسىز، ئۈچ مەرتىۋە قەسـتەن گۇناھ سادىر قىلمىغۇنچە بىر زەررە (تاك ئېتىـپ) چەكمىگەيـىسىز. ئۆمۈرۋايەت خارلىق ـ خۇۋاھلىقتا، پەقىرچىلىكتە، يوغـان ـ ئەلەمـدە قالدۇرمىغايسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى خارلىق ـ خۇۋاھلىقتا يامـان كۈن، ناشايان تـىرىكچىلىكتە قالدۇرمىغايـسىز. سـەۋدايى غەزەپ، ناشايان گۇمان بىلەن ۋە ياكى مەست، بىھوشلۇقتا نـىيەت بـۇزۇپ گۇناھى پاكىتسىز ‹تالاق، تۆھمەت قىلمىغايسىز›.

قىزغا تەلەپ: ئەي مەزلۇمە! ئاگاھ ۋە ۋاقىـپ بولغايـسىزكى، ئېرىڭىزنىڭ ئىككىلا ئالەملىك ھەققـى ـ نەسىۋىـسىگە،مېھرىگە قـارا سانىمىغايسىز. نامەھرەمگە قارىمىغايسىز. ئەرنىـڭ ھـالال ئەمـرى، لەۋزى، ئەرلـىـك ھـۆرمىتىگە مۇخالـىـپ ھەۋەسـكە، شـەيتان ۋەسۋەسسىگە بېرىلمىگەيسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى ئۆز ئەجـدادى ئىزىدىن تايمايـدىغان، ۋاپـادار، تەن دۇرۇس، ئەھلـى ۋەتەن، ھالالچى، ئىشچان، ئەدەپلىك ئادەم قىلـىـپ ئەۋلادى خىلىلىقـنى ۋە ئەۋلادى پاكلىقنى ئادا قىلغايسىز.

ئىسلامىيەتنىڭ توي ـ تۆكۈن قائـىـدە ـ پرىنـسىپلىرى بـىـلەن

ئۇيغۇر خەلق ئەنئەنىۋى نىكاھ ـ توي قائىدە ـ يوسۇنلىرى زىچ بىرىكتۈرۈلگەن ۋە ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بۇ خىل يەرلىك «توي نىكاھ رىسالە» سى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى توي ـ تۆكۈنچىلىك تارىخىمىزدىن قىممەتلىك بىر يازما نەمۇنىدۇر.

ئەجداد ئەدىبلىرىمىز تەرىپىدىن ئەنئەنىۋى توي ـ تۆكۈن قائىدە ـ مىزانلىرى سۆپىتىدە يېزىپ قالدۇرغان يەنە باشقا بەزىبىر يازما خاتىرىلەردىمۇ قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن، تەڭتۇشلۇق، جىسمانىي سالاھىيەت، ئىختىيارلىق ئۆلچەم قىلىنغان، قۇدىلار رازىلىق بېرىشكەن، ئەل ـ يۇرت لايىق بىلگەن، مادارى يەتكەن خىراجەت مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىپ سورۇن ئاچقان، داستىخان يايغان، ئادەت، قائىدە ئورۇنلىغان، ئاقىۋەت تەقدىرىگە قەرز، دەرد قالمىغان توينىڭ دىنىمىزدا «سۈننەت» ھېسابلانغان خۇدالىق پاك توي ھېسابلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1995 ـ يىل 2 ـ سان، 61 ـ، 63 ـ بەت). ھەرگىزمۇ ھازىرقى دەۋرىمىزدىكىدەك توي ھەشەمەتچىلىكنى بەيگە مەيدانى تاللاپ « قىزنىڭ تويلۇق كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەت چىقىمى 19 مىڭ 750 يۈەن، قۇدىلار سورۇنى داستىخانلىرى 10 مىڭ 200 يۈەن، توي ھەم ھەرخىل چايلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك چىقىمى 9900 يۈەن، توي ۋېچىركا چىقىمى 7500 يۈەن، توي مەرىكىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ماشىنا ـ پىكاپلار، سازەندىلەر، ناغرىچىلار، سۈرەتچىلەر، سىن ئالغۇچىلار، ئاشپەزلەر، خىزمەت قىلغانلار چىقىمى، زال ئىجارىسى، سۇنغان قاچا ـ قومۇچ، بۇزۇلغان مۈلۈك ـ جاھازىلار ئۈچۈن كەتكەن چىقىم جەمئىي 11 مىڭ 400 يۈەن، قىز ـ يىگىت ئۆيىنى جابدۇش ئۆلارنى رازى قىلىش چىقىمى 22 مىڭ 140 يۈەن ھەم باشقا قوشۇمچە چىقىملار 1100 يۈەن، جەمئىي 81 مىڭ 980

يۈەن» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1995 ـ يىل 2 ـ سان، 16 ـ، 36 ـ بەت) سەرپ قىلىپ نۇرغۇن پۇلنى ھەشەمەتخورلۇق سەۋەبىدىن بۇزۇپ ـ چاچقانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرمىغان، چۈنكى ئۇ دەۋر كىشىلىرى ھەشەمەتچىلىكنى بىر خىل يامان ئىللەت دەپ قارىغاچقا، بۇ ئىللەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمىگەن.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئاياللار ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئانىلار ئارىسىدا قىزلىرىنىڭ تويىنى قانچە ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزسە ئۆزىنى شۇنچە بەختلىك ھېسابلاپ، توي ھەشەمەتچىلىكىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى توي ئادىتىمىزنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى «كونىغا ئېسىلغۇالغانلىق» دەپ ھېسابلايدىغان بولدى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن توغرا ئېيتىدۇ: «نادانلىق ئىلكىدە ياتقان كىشىلەردىكى زىددىيەتچان يەنە بىر روھىي كېسەللىك ھەشەمەتچىلىك بىلەن غېرىب ـ غۇرۋالىقنىڭ بىللىلىكىدىن ئىبارەت ھەشەمەتچىلىك ئومۇمەن نامرات جەمئىيەتنىڭ ساختا دەبدەبىسى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. توي ـ تۆكۈننى بەيگە مەيدانى قىلىۋالغان ھەشەمەتچىلىكنىڭ كاساپىتىنى ئون جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن: 1) ئۇ شۆھرەت ئەمەس، بەلكى نومۇس. 2) ئۇ ئامەتتىن ھوسۇل يىغقانلىق ئەمەس، ئاپەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغانلىق. 3) ئۇ ئەركىن مۇھەببەتنىڭ كۆشەندىسى. 4) ئۇ قۇدىچىلىق ئالىي ھېسسىياتلىرىنى ساختىپەزلىك ئۆچمەنلىكىگە ئېلىپ بارىدۇ. 5) ئۇ سۆز ـ چۆچەككە دەسمايە بولىدۇ. 6) جامائەت نورمال ۋە زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. 7) ئۇ دۆلەت، پارتىيە كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىغا، جەمئىيەت كەيپىياتىغا، روھىي

ھەمدەملىككە سەلبىي تەسىر كەلتۈرىدۇ. 8) ئۇ ياش ئەۋلادلارغا، ياش-ئۆسمۈرلەرگە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. 9) مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. 10) باشقا مىللەت ۋە باشقا دۆلەت كىشىلىرىنىڭ مەسخىرىسىنى قوزغايدۇ. شۇڭا توي-تۆكۈننى ھەشەمەتچىلىك سورۇنى قىلىۋالىدىغان ناچار ئىللەتنى مىللەتنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان زىيالىيلار تۈزىتىشكە كىرىشىشى، ئاتا-ئانا ۋە باشقا يار-بۇرادەرلەر ئۇلارغا ماسلىشىشى «ئىللەت تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەس» دېگەن ھېكمەتنىڭ تېگى ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپ ئۆزىنى ۋە ئۆز مىللىتىنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشتە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ھەشەمەتچىلىكنىڭ يەنە بىر بەيگە مەيدانى نەزىر-چىراغ پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

ھەممە ئادەم ئاخىرى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. دۇنيادا مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن ھېچقانداق ئىنسان مەۋجۇت ئەمەس. ئىنسان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ نەزىرىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھازىر بىر قىسىم ھەشەمەتخورلىرىمىز ئۆلگەن مەرھۇمنى ئۇزىتىدىغان قائىدىمىزنى «ئۆزگەرتىپ» خۇددى توي-تۆكۈنگە ئوخشاش پۇل، مال-دۇنيا يىغىۋېلىش، ھەيۋە كۆرسىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالدى. ئۇلار مېيىتنى ئۇزاتقاندا 20 مىڭ يۈەنگە ھەرخىل سورۇنلارنى تۈزۈپ ئاتاقتىكى «يەتتە نەزىرىسى»نى بېرىۋاتىدۇ. پىشقەدەم بىر ئاپتور ئۆزىنىڭ مېيىت چىقىرىشمۇ؟ ياكى ھەشەمەتچىلىك قىلىشمۇ؟» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «1989-يىلى بىزنىڭ يېقىن بىر بۇرادىرىمىز قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن تۇغقانلىرى يەركەن

ۋە ئۈرۈمچىدە بولۇپ 17 جايدا بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭ ‹يەتتە نەزىرىسى› نى بەرگەن. نەزىرگە سويۇلغان چوڭ ـ كىچىك مال 30 نەچچىگە، چىقىم قىلىنغان گۈرۈچ 900 كىلوگرامغا، ياغ 200 كىلوگرامغا، كەتكەن چىقىملارنىڭ قىممىتى 20 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1990 ـ يىلى ھەج قىلغىلى بىرىپ ھەرەمدە قازا قىلىپ كەتكەن ھاجىمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۆچ ئىغىز ئۆيلۈك ھويلىسى ئۇنىڭ يىللىق نەزىر ـ چىراغلىرى ئۈچۈن سېتىۋېتىلىپ، مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى زېمىنسىز بولۇپ قالغان». دەۋرىمىزدە بۇنىڭدەك مىساللار ناھايىتى كۆپ تېپىلىدۇ.

ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، قەبرە زىننەتلەش ھازىر ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسىنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن بىرەر ئىز ـ نىشان قالدۇرساق كۇپايىلىنەتتى، ئەمما بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. «1984 ـ يىلدىن بۇيان (1994 ـ يىلغىچە ئا) گۇلساي زەرەتگاھلىقىدا ئالاھىدە قاتۇرۇلغان ۋە زىننەتلەنگەن قەبرىدىن104ئى ياسلىپتۇ. قەبرىنىڭ پەقەت ئۇستا ئىش ھەققى چىقىملا 4 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. قەبرە قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغان ماتېرىيال، ترانسپورت، ئەمگەك چىقىمىمۇ 13 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولمىغان»(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1994 ـ يىل 4 ـ، 5 ـ سان، 194 ـ بەت). «غۇلجا شەھرىنىڭ شەرقىدىكى تۆپىلىكنگە جايلاشقان، شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقلارنىڭ بىرى بولغان قارا دۆڭ قەبرىستانلىقىدا ئادەتتىكىدەك ياسالغان قەبرىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كاتتا قەبرىلەردىن ئوتتۇزى بار بولۇپ، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىساق ھەربىر قەبرىنىڭ تەننەرخى ئەڭ ئاز بولغاندا 10 مىڭ يۈەندىن

ئېشىپ كېتىدۇ. دېمەك، 30 قەبرىگە 300 مىڭ يۈەن كەتتى دېگەن گەپ»(ئابدۇرۇسۇل سىيىت: «قارا دۆڭ قەبرىستانلىقىدىن ئۆزىمىزگە بىر نەزەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1996 ـ يىل 6 ـ سان، 87 ـ بەت). ئەگەر ئۇلار ئاشۇ قەبرىلەرنى قاتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن پۇللارنى نامرات، كەمبەغەللەرگە ئىئانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھال ـ كۈنىنى ياخشىلىشىغا ياردەم قىلسا ۋە ياكى ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنى ئوقۇشقا كىرگۈزسە، ئۇلار ئۆمۈرلۈك ساۋاب تاپماسمىدى؟! تەڭرى ئۇلارنىڭ شۇ قىلغىنى ئۈچۈن مەرھۇمنى تىرىلدۈرۈپ بېرەرمۇ؟ ياق. ئۇنداق ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئائىلە ۋە ئايال

ئەر بىلەن ئايالنىڭ قانۇنىي يوسۇندا بىرگە قوشۇلۇشىدىن ۋە بىر تەن، بىر ۋۇجۇد بولۇشىدىن ئائىلە تەشكىل تاپىدۇ. ئەر ئۆزى ئۈچۈن بىر ئايال تاللاپ، دۇنيادىكى تىرىكچىلىكىدە، شادلىق-قايغۇسىدا، ھەر بىر ياخشى-يامان كۈنىدە تايانچ بولىدىغان، جىنىغا راھەت بەخش ئېتىدىغان بىر سىرداش قىلىدۇ. ئايال ئادەم بالىسىدا بولغان خۇلقلارنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ قاتتىق كۆڭۈللەرنى يۇمشاتقۇچى، ئىنسانلارنى جانىۋار ئەمەس، ئىنسان قىلغۇچى بىر ئامەت بولغانلىقىدا. چۈنكى دوستلۇق ۋە يېقىنلىق كەبى نەرسىلەر ھەر قانچە مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئائىلە بەرپا قىلىشقا ئۇنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ.

ئايال — خادىم ئەمەس، بەلكى ئائىلىدۇر. چۈنكى، ئەرلەر ئائىلىنىڭ رەئىسلىرى بولسا، ئاياللار ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان ئائىلە — ئۆيىنىڭ ئىگىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى ئائىلە دېيىش توغرىدۇر. بۈيۈك بىر زاتنىڭ ئېيتقىنىغا قارىغاندا، ئايالنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولمىغان بىر ئۆيدە تۇرغۇچىلار ئائىلە سانالمايدۇ. ئايال ياخشى بولۇش شەرتى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى ۋە ھەر تۈرلۈك راھەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

ياخشى ئايال ئېرىنىڭ مېلىــنى ســاقلار، ئــېرىگە كېلىــدىغان بالالارنىڭ ئالدىنى ئالار، غەيرەتلىك بىر ئەسكەر كەبى بارلىق كــۈچ ـ قۇدرەتنى سەرپ قىلار، ھەر ۋاقــت بەزى نەرســلەرنى ئىقتىــساد قىلىپ، ئازدۇر ـ كۆپتۇر مال يىغار ۋە زۆرۈر بولغاندا ئۇنى ئــېرىگە بېرىپ، ئۇنى شادلاندۇرار.

ئەگەر ئائىلە كېمىگە ئوخشىتىلــسا، ئايــال كېمىنىــڭ رولــى ئورنىدىدۇر. كۈچلۈك كېمە دەريادا رولنىڭ ھەرىكىتــگە ئەگــىشىپ يۈرگەندەك، مەملىكەتكە ئوخشايدىغان ئائىلــدە ئــائىلە ئايالنىــڭ ھەرىكىتىگە ئەگــشەر. ئايــاللىرى تەربىــيە كــۆرمىگەن خەلقنىــڭ تەربىيىسىز بولۇشى، ئاياللىرى تىرىشچان، تەدبىرلىــك، ئىرادىلىــك بولغان خەلقنىڭ روناق تېپىشى، ئاياللىرى بولۇمسىز ياكى ئىسراپخور بولغان خەلقنىڭ كەمبەغەل بولۇشى ئېنىقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurbook.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# ئايال ۋە تەربىيە

ئائىلىنىڭ ھەقىقىي تۈۋرۈكى ئايالدۇر، چۈنكى ئەرلەر مىجەز ـ خۇلق ۋە تەربىيە جەھەتتە ئاياللاردىن باشقا ھېچكىمگە بويسۇنمايدۇ، ھەتتا يۇقىرى مەكتەپلەردە، ئالىي پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىلىم ئالغۇچىلارمۇ ئانىلىرىدىن ئالغان تەربىيە بىلەن ياشايدۇ ۋە بۇ تەربىيىنى ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر ئېسىدە ساقلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەيلاسوپلاردىن بىرى «ئىنسانلار ھەر ۋاقىت ئاياللارنىڭ ئىستىكى بويىچە بولغۇسى، ئەگەر بۈيۈك ۋە پەزىلەتلىك ئادەملەرگە ئېھتىياجىڭىز بولسا، ئاياللارغا بۈيۈكلۈك ۋە پەزىلەت ئۆگىتىڭ» دېگەن.

تەربىيىلىك ئايال ئاتا ـ ئانىسىنى، ئېرىنى ۋە بالىسىنى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ تەرتىپىنى، ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دوست ـ بۇرادەر، قولۇم ـ قوشنىلىرىنى، بارلىق خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىسى، ھۆسن ـ خۇلقى بىلەن مەمنۇن قىلىدۇ، ئۆزىمۇ بەختلىك ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. ئەمما، تەربىيىسىز ئايال بۇنىڭ ئەكسىنى قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى، ئېرى ھەم بالىسىنى ئەلنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇرىدۇ. ئۆزىمۇ بەختسىز ياشاپ، بالىلىرىنى تەربىيىسىز قالدۇرۇپ، ئۆمرىنى بەربات قىلىدۇ. نەتىجىدە، قىزلىق ۋە ئانىلىقتىنمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

بىر ئىنسان نەقەدەر بۈيۈك ۋە نەقەدەر مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئائىلى بولمىسا، ئۇ بەختلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بەخت ئائىلىدە راھەتلىك ئۆمۈر كۆرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئائىلىدە راھەت كۆرمىگەن ئىنسان ئائىلىنىڭ سىرتىدىمۇ راھەت كۆرمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاياللارنىڭ تەربىيىلىك بولۇشى زۆرۈر ۋە بۇنىڭ پايدىسى پۈتۈن مىللەتكە مەنسۇپ بولۇر. ئاياللار ئۈچۈن لازىم بولغان ئىلىم ۋە زۆرۈر بولغان تەربىيە قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئاياللار ئۈچۈن لازىم بولغان ئىلىم ۋە تەربىيە ئاياللارنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى بىلىشى، پەزىلەت ئۆگىنىشى، كېيىن ئۇلارغا تولۇق يوسۇندا ئەمەل قىلىشى لازىم، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانلارنى بەختلىك قىلىدىغان نەرسە ئىلىملا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىشلارنى ئىلىم بىلەن ئادا قىلماقتۇر. پەزىلەت ۋە ھۆسن-خۇلق بولمىغاندا ئىلىم دەرىخى مېۋە بەرمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ سائادەتلىرى تەربىيىگە باغلىق بولۇپ، بۇ تەربىيە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئومۇمەن خەلقنى تەربىيىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاياللارنى تەربىيىلەش ھەمدە شۇ تەربىيىنى بالىلارغىمۇ بېرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈش لازىم.

ئەگەر ئاياللار ئارىسىدا تەربىيە بىلەن ئىلىم ئومۇملاشسا، تەربىيىمۇ، ئەخلاقمۇ بالىلارغا كۆچىدۇ ۋە ئەل-يۇرت، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ، مەھكەم ئورنىشىدۇ.

پۈتۈن ئادەم بالىسىغا بىرىنچى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدە مۇئەللىملىك قىلغۇچىلارنىڭ ئىلىم ھەم تەربىيىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىغا يول قويۇش، مىڭلارچە ئادەمنى قاچىلاپ كېتىۋاتقان كېمىنى ئەما ۋە جاھىل بىر ئادەمگە تاپشۇرۇپ سەپەرگە چىقىش بىلەن باراۋەر.

ئاياللار ئۈچۈن تەربىيە مۇشۇ دەرىجىدە لازىم بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بىزلەردە بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. ئاياللارنى

تەربىيىلەپ بۇلارنىڭ ۋاستىسىدە پۈتۈن ئەل-يۇرت ئارىسىدا ئەخلاق ۋە پەزىلەت ئۇرۇقىنى چېچىش پىكرى دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە مەيدانغا چىقىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىزلەردە، بەزى زاتلار تەرىپىدىن «ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىش بۇزۇقلۇققا سەۋەب بولىدۇ»، دېگەن ئاساسسىز قاراشلار تارقالماقتا. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ھالدۇر. ئىلىملىك ئەرلەر ئارىسىدىمۇ بەزى ھاللاردا بۇزۇقلۇق سادىر بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇلار ھەققىدە گەپ بولغاندا «بۇلار ئالىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ بۇزۇقلۇقنى قىلدى» دېگىلى بولمايدۇ. شۇ يوسۇندا، ئىلىملىك ئاياللار ئارىسىدا بۇزۇقلۇق بولغاندا «ئۇلارنىڭ بۇزۇقلۇقلىقىغا ئىلىم سەۋەب بولدى» دېيىشمۇ توغرا بولمايدۇ.

بۇزۇقلۇققا سەۋەب، مەيلى ئەردە بولسۇن ياكى ئايالدا بولسۇن، ئىلىم-پەزىلەتنىڭ زىيادە بولۇشى سەۋەبلىك بولماستىن، بەلكى ئىلىم-پەزىلەتنىڭ كەملىكىدىن بولىدۇ.

«ئايالغا ئىلىم ئۆگىتىش زىيانلىقتۇر» دېيىش ناھەق سۆز بولۇپ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ يېرىمىدىن ئىبارەت بولغان ئاياللارنى ئىلىمدىن بىبەھرە قالدۇرۇشقا، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بارلىق ئادەم باللىرىنى تەربىيىدىن مەھرۇم قىلىشقا يول قويۇش دېمەكتۇر.

باللارغا تەربىيە بېرەلمىگەن ۋە ئەخلاق ئۆگىتەلمىگەن ئايالدىن پايدىنىڭ ئورنىغا چوڭ زىيانلار كېلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق خوتۇنلار خەلق ئارىسىدا ۋابا مىكروبلىرىدىن زىيانلىق بولغان ئىنسانلارنى يېتىشتۈرىدۇ. بالىغا گۈزەل تەربىيە بېرەلمەسلىكنىڭ ئۆزى تەربىيىسىزلىكنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ھۈنەر-ئىستېداتى بولمىغان تەربىيىسىز ئاياللارنىڭ ئىشى كۆپ ھاللاردا تىببىي ئىلىمدىن بىخەۋەر ئادەمنىڭ كېسەل داۋالىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار باللىرىنى تەبىئىي تۇتماي، بەلكى تەربىيىلىمەكچى بولۇپ، ئەخلاقىنى بۇزىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. بۇنداق باللار كېيىنمۇ تۈزەلمەيدىغان دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ. تەبىئىي چوڭ بولغان باللارنى

ئەۋزەل مەكتەپلەر ۋە ئەخلاقلىق مۇئەللىملەرنىڭ ۋاستىسىدە تۈزەتمەك قولاي بولسىمۇ، تەربىيىسىز ئائىلىلەردىن تەربىيە ئالغان بالىلارنى تۈزىتىش تولىمۇ مۈشكۈلدۇر، چۈنكى بالا ئائىلىدىن ئالغان تەربىيىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايدۇ. تەربىيىسىز ئائىلىلەرنىڭ قوينىدا تەربىيىلەنگەن بالىلار، ھەتتا مەكتەپلەرگە كىرىپ ئىلىم ئۆگەنسىمۇ تەبىئىتى بۇزۇلغانلىقى سەۋەبلىك، ئۆگەنگەن ئىلىملىرىنى يامان ئىشلارغا دەستەك قىلىدۇ. بەزىلەر پۈتۈن مال - دۇنيالىرىنى سەرپ قىلىپ بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراشقا رازى بولسىمۇ، ئەمما ئۆلۈمدىن بەتتەر خەتەرلىك بولغان تەربىيىسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە تىرىشمايدۇ. بۇمۇ بىر خىل تەربىيىسىزلىكتۇر.

بىر بالىنىڭ ئېتىقادتا ئېتىبارسىز، ئاتا - ئانىسىغا نىسبەتەن قوپال مۇئامىلىدە بولۇشى، مەئىشەتنى بۇزۇقلۇقنىڭ ئاساسى قىلىشى ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم. ئۆزى ياخشى خۇلق - مىجەز بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ شەپقەتلىك سايىسىدا راھەتلىك ھايات كەچۈرۈش ئۈمىدىدە بولغان ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن، ئاتا - ئانىسىغا قوپال مۇئامىلىدە بولغان بالىلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىدىن نېمە پايدا؟ كاشكى، ئۆيلەنمىسەم بوپتىكەن، دۇنياغا كەلمىسەم بوپتىكەن، دەپ ھەسرەت چەككۈچى ئاتا - ئانىلار بۇ دۇنيادا ئازمۇ؟ ھالبۇكى، بۇنداق ھەسرەتلەرگە كۆپ ھاللاردا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى سەۋەب بولىدۇ. تەربىيە بېرىش كېرەك بولغان چاغدا بالىلارغا لازىملىق تەربىيىنى بەرمەسلىكمۇ شۇ خىل سەۋەبلەردىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىلەرگىمۇ تەربىيە بېرىش كېرەك. ئائىلىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، ئالتۇن جابدۇقلىرى زىننەت ئەمەس، بەلكى ئالغان تەربىيىسى زىننەتتۇر.

www.uyghurkitap.com

# ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى
# نىجادلىقىنىڭ ئاچقۇچى

ئانا بولۇش بۈيۈك بىر نېمەت ۋە تەڭداشسىز بىر شەرەپتۇر. بۇنداق شارائىتتا مۇناسىپ بولغۇچىلار پەقەت ئانىلىق ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئاياللىق خىزمەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىغاندىلا سازاۋەر بولالايدۇ. ئېتىقاد زۆرۈرىيەتلىرىنى بىلىپ، ئاز بولسىمۇ ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىنىش، ئاياللار ئۈچۈن لازىم ئىشلاردىن، ياخشى ۋە يامان خۇلقلاردىن خەۋەردار بولۇش ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئاياللار ئۆزلىرىگە ئامانەت قىلىنغان بالىلىرى ھەمدە ئۆزلىرىگە خاس خىزمەتلىرىنى قۇسۇرسىز ئادا قىلىشلىرى لازىم.

بالا تەربىيىسىدە ھەر تەرەپلىمە بىلىم ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلىش زۆرۈر بولغانلىقتىن، قىسقىچە بولسىمۇ بۇ ھەقتە ئاز-تولا مەلۇمات بېرىش ۋە بۇ مەلۇماتنى كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە بېيىتىپ بېرىشقا تىرىشىش — ئاياللارنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىدۇر. بالىنى نورمالنى ئۇخلىتىش، زۆرۈرىيەتكە قاراپ يۇيۇندۇرۇش، تەن ۋە كىيىملىرىنى پاك تۇتۇش، گۈزەل خۇلقلارغا ئادەتلەندۈرۈش، ماڭغاندىن تاكى تىلى چىققانغا قەدەر تەربىيىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش لازىم.

بالا تەربىيىسى غەيرىي نىيەت ۋە قوپاللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى سەۋر ـ تاقەت، مېھرىبانلىق، شەپقەت، سەزگۈرلۈك بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بالىنى ھەرگىزمۇ تىزگىنسىز ھايۋان كەبى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. زىيان بىلەن پايدىنى ئايرىيالمايدىغان گۆدەكنى نازارەتسىز تۇتۇش چوڭ خاتالىقتۇر. بالىغا قاتتىقلىق بىلەن يۇمشاقلىق ئارىسىدا ئادالەت بىلەن تەربىيە قىلىش كېرەك.

ئانىسىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا جازا ياكى تەنبىھتىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتلىك ھامىيسىغا بولغان ئىشەنچ ۋە سۆيگۈ سەۋەبىدىن ئىتائەت قىلغان بالا ئادالەت بىلەن تەربىيىلەنگەن بولىدۇ. ئادالەتلىك تەربىيىنىڭ شەرتى، ئاتا ـ ئانىغا بولغان ئىتائەتنى، ئېتىقاد بولغان ھۆرمەتنى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يىراق، ئەل ـ يۇرت، خەلقنى سۆيۈشنى، ھەر بىر چوڭ ـ كىچىك بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنى بالىلارنىڭ قېنىغا سۈت بىلەن سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ بىر قاتار ئىشلار ئاتىنىڭ، شۇنداقلا يېقىن قېرىنداشلارنىڭ زىممىسىدە ئورتاق بولسىمۇ، يەنىلا چوڭ مەسئۇلىيەت ئاياللارنىڭ زىممىسىدىدۇر.

بۈيۈك بىر زات «ھەر بىر ئايالنىڭ ئەقلىنى ئۆلچىمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بالىلىرىغا قاراڭ» دېگەنىكەن. كوچىدا يۈرگەن ياكى بەزى ئۆيلەرگە كىرگەن ۋاقتىمىزدا پەرىشتىدەك، كۆڭۈلمىزنى رام قىلغان تەربىيىلىك بالىلارغا دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە، تەربىيىسىز بالىلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇنداق تەربىيىسىز بالىلار كۆڭۈلمىزنى ئېغىر ھەسرەتكە سالىدۇ. بۇلارنىڭ بۇنداق بەختسىز بولۇشىغا ئانىسىنىڭ ناچار تەربىيىسىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى يادىمىزغا ئالغىنىمىزدا ھەسرىتىمىز يەنىمۇ ئاشىدۇ.

ھەر بىر سورىغان نەرسنى، بولۇپمۇ يىغلاپ تۇرۇپ سورىغان نەرسنى شۇ زامان بېرىش، ھەممە سۆزىگە ماقۇل دېيىش، ھەددىدىن تاشقىرى ئەركىلىتىش، مېھرىبانلىق قىلىش، ھەر بىر قىلىقنى ماختاش، ئېسىل كىيىشكە، لەززەتلىك يېيىشكە ئادەتلەندۇرۇش بالىنىڭ خۇلقىنى بۇزۇشتىكى ئەڭ تەسىرلىك سەۋەبلەردۇر.

بالىغا ئىككى يۈزلىمچىلىكنىڭ يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش، ئىنتىلىش ۋە غەيرەتنىڭ كامالەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش، ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنى، كىچىكلەرگە مەرھەمەتلىك بولۇشنى ئۆگىتىش، كۆڭۈلدىن ھەسەت، دۈشمەنلىك، تەكەببۇرلۇق، غەيۋەت، يالغان سۆزلەش كەبى بۇزۇقلۇق ئىللەتلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بۈيۈك مۇھەببەت، جەسۇرلۇق، ئېتىقاد، ئادالەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىش بالىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشىدىكى مۇھىم ئاساستۇر. ئاياللارنىڭ كۆپلىرى بالىلىرىنىڭ خۇشخۇيلۇق، تەربىيىلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسىمۇ، تەربىيە ئۇسۇلىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن كۆز نۇرلىرى بولغان بالىلىرىغا ياخشى تەربىيە بېرەلمەيدۇ. چۈنكى تەلىم بالىلارغا «ئۇنداق بولۇڭ، بۇنداق بولۇڭ»، دەپ بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ چوڭلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ياشلارغا دەرس بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش تىل بىلەن سۆزلىنىدىغان دەرسلەرگە نىسبەتەن تەسىرلىكرەك بولىدۇ.

گەرچە ئايال بالىسىغا تىلى ئارقىلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆگەتسىمۇ، لېكىن ئىش ـ ھەرىكىتى ناچار بولسا، ئۇ بالىغا يامان خۇلق ئۆگەتكۈچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ياش بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەقلىد قىلىشقا ئامراق. ئاتا ـ ئانىنىڭ خۇلقى

باللار ئۇچۇن تەبىئەت ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. باللارنىڭ ئالدىدا بۇزۇق ۋە ناچار ئىشلارنى قىلىش ئۇلارنى شۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئۆگىتىش بىلەن ئوخشاشتۇر. بىر - بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرمىگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرى ھېچكىمنى ھۆرمەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ يامان ئادەتنى ئۆز ئاتا - ئانىلىرىدىن ئۆگەنگەن.

ئەگەر بىر ئاتا بالىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسىغا قول كۆتۈرسە ياكى ئاتا - ئانىسىغا قاراپ ۋارقىرىسا، بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭمۇ ھۆرمەت، قەدرى بولمايدۇ.

مەرىپەتلىك ئانىلار، ئەقىدە، ئىنساپلىق ئائىلىلەر تەرىپىدىن تەربىيىلەنگەن باللار گۈزەل خۇلقلۇق، غەيرەتلىك، توغرا پىكىرلىك، ساق تەنلىك، ئالىي تەبىئەتلىك، تۈرلۈك خەيرلىك ئىشلارغا تەييار چوڭ بولىدۇ.

ئاتا تەربىيىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ بالىلىرى كۆپىنچە ھەر تۈرلۈك بۇزۇقلۇقلارغا مايىل، پايدىسىز ئادەم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالىملىرى چىن ئالىم بولماستىن، تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەر، رىياكار، ئالدامچى، خۇشامەتكۇي سودىگەرلىرى بولسا يالغانچى، خىيانەتكار؛ بايلىرى ئاچ كۆز، گادايلىرى تەكەببۇر، يالغانغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى؛ شاگىرتلىرى ھۇنەرسىز، ئەخلاقسىز؛ خوتۇنلىرى ئەخمەق، ئىدارە قىلغىلى بولمايدىغان، چوڭلىرى شەپقەتسىز، كىچىكلىرى ئىتائەتسىز بولىدۇ.

## ياخشى تەربىيە ۋە ناچار تەربىيە

بالا بەش - ئالتە ياشتىن ئاشقاندا سۆزلەشكە، كۆزگە كۆرۈنگەن، ئەقلى يەتكەن نەرسىلەرنى سوراشقا، ئۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە باشلايدۇ. كىچىك بالىنىڭ ھەر خىل نەرسىلەرنى

كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئەسلىنى بىلىشكە ئىنتىلىشلىرى كۆپىنچە گۈزەل ۋە كىرەكلىك نەرسىلەر ھەققىدە بولىدۇ. يېقىن قېرىنداشلىرىمىز، دوست ـ بۇرادەرلىرىمىز يىراق سەپەردىن كەلگەنىدە ھال ـ ئەھۋالىمىزنى ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن سورىغاندەك، بالىلارنىڭ ھەر خىل نەرسىلەرنى سوراشلىرىمۇ مەنىلىك بولىدۇ. نەپەسلىنىدىغان ھاۋا، ئىچىدىغان سۇنىڭ پايدىسىنى، يەيدىغان نان، كىيىدىغان كىيىممىزنىڭ قانداق ئىشلار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى، قار، مۇز، يامغۇر، قىرو، شەبنەم، ئۆسۈملۈكلەر، چاقماق ۋە ھەسەن ـ ھۈسەنلەرنىڭ نېمىلەردىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، ھايۋانلارنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىقلىرىنى، قەغەزنىڭ نېمىدىن ياسىلىدىغانلىقىنى، كىتابنىڭ قانداق بېسىلىپ دۇنياغا تارقىلىدىغانلىقىنى، كېچە ـ كۈندۈزلەرنىڭ ئۆزىراپ ـ قىسقىرايدىغانلىقىنى، كېمە ۋە پويىزلارنىڭ، باشقا ئالاقە ۋاستىلىرى ۋە تېلېگرافنىڭ قانداق قىلىپ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، شامال ۋە بولۇتلارنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھاللارنى بالىلارغا ئويۇن ئارىسىدىمۇ، ئويۇن ئويناۋاتقاندىمۇ ئۆگىتىش مۇمكىن. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى بالىلار ئۆز ئانىلىرىدىن ئۆگەنسە، پۈتۈنلەي ئېسىدە قالىدۇ ۋە شۇنداق نەرسىلەرنى بىلىشكە مۇھەببىتى كۈچىيىدۇ.

تەربىيىلەشنى بىلىدىغان ئانىلار پەزىلەتلەرگە مۇھەببەت بىلەن قاراشنى، رەزالەتلەردىن نەپرەتلىنىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بالىلارنىڭ زېھنىگە سالىدۇ. بۈيۈك ئادەملەرنىڭ كامالەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئادىل ھاكىملار، ئىمانلىق سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەرنى سۆيۈملۈك قىلىپ كۆرسىتىدۇ، خەستىلىك ۋە سالامەتلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى، مەجلىس ۋە سۆھبەتلەرنىڭ ئەدەپلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھايۋانلارنىڭ تىلىدىن سۆزلىنىدىغان ھېكايەتلەر تەربىيە

ئۇسۇلنى بىلىدىغان ئانىلار ئۇچۇن پۇتمەس - تۈگىمەس خەزىنىدۇر. ئۇلار بۇ ھېكايەتلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق شۇ ھېكايەتلەرنىڭ ۋاستىسىدە پەزىلەت ۋە رىزالەتنى بالىلارنىڭ كۆڭلىگە پۈتۈنلەي سىڭدۈرۈپ، ئالدىنقىسىغا مۇھەببەت قويۇش، كېيىنكىسىدىن نەپرەتلىنىش يوللىرىنى ئۇچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بالىسى كۆزىتىپ يۈرگەن نەرسىلەردىن ئۆزى خەۋەرسىز بولغان ئانا بالىنىڭ بۇ ئادىتىدىن بىزار بولىدۇ. ئۇنى بۇ ئىشتىن توختىتىش ئۈچۈن يالغان - ياۋىداق جاۋابلارنى تېپىپ، توغرا سۆزنىڭ ئورنىغا بالىلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالىدۇ. بۇ يالغان سۆزلەر كۆڭلىگە ئورنىشىپ قالغان بالىغا كېيىنچە تەنبىھ بەرگۈچىلەر بولسىمۇ، ئۇزاققىچە ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن تا قېرىغۇچە بۇزۇق ۋە خاتا پىكىرلەر بالىنىڭ زېھنىدىن كەتمەيدۇ. بەزى ئانىلار بالىلىرىنى شەيتان، پەرى، دىۋە، ئەجدىھا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن قورقۇتىدۇ. بەزىلىرى بولسا، موللا كېلىپ سېنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىدۇ، ئوقۇمىساڭ قۇلىقىڭنى كېسىدۇ، دېگەندەك گەپلەر بىلەن بالىلىرىنىڭ يۈرىكىنى ئالىدۇ. ئەقىلگە خىلاپ، بالىنىڭ خۇلقىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدىغان يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق تەربىيە ناچار تەربىيە بولۇپ، تەربىيىچىلەرمۇ ناچار تەربىيىچىلەردۇر. بۇ بالىلارغا ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىنى دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىشكە سەۋەب بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنسىز تەربىيە سەۋەبلىك بالىنىڭ قېنى بۇزۇلىدۇ. ئىنتىلىش ۋە غەيرەت تامامەن يوقىلىدۇ. ھەر تۈرلۈك ۋەھىمىلەرگە مۇپتىلا بولىدۇ، ئاخىرىدا پايدىسىز بىر چۈشەنچىگە ئايلىنىدۇ. چۈشەن بولسا، ئەڭ ناچار بىر جانزاتتۇر. چۈشەن خەلقى، ۋەتىنى، ئائىلىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدۇ. بالىلارنى چۈشەن بولۇشقا ئۆگىتىش

www.uyghurkitap.com

پۈتۈن ئائىلىنى، پۈتۈن مىللەتنى چۆشىنىلىك دەرياسىغا غەرق قىلىۋېتىش بىلەن باراۋەر. غەرب ئالىملىرى بىر مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىش يولىدا قىممەتلىك ھاياتىنى ھەدىيە قىلىدۇيۇ، نېچۈن بىزلەر مەسىلىلەرنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە غەيرەت قىلمايمىز؟! رۇس بايلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ھالىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نىيىتىدە پۈتۈن راھەتنى پىدا قىلىپ، يىغقان ماللىرىنى سەرپلەيدۇيۇ، بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز مىللەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مىللەتنىڭ نامىنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايدۇ؟! ئىنگلىز ئالىملىرى ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن ۋاز كېچىپ، قاشتاقلار ئارىسىغا بېرىپ ئىلىم تارقىتىدۇ-يۇ، نېچۈن بىزلەر ئۆز مەھەللىمىز، ئۆز خەلقىمىز ئارىسىدا بولسىمۇ ئەقىدە، ئەخلاق ئۆگىتىشكە غەيرەت قىلمايمىز؟! ياۋروپالىق بىر ئالىم يوقىلىپ كەتكەن تىللارنىڭ گىراماتىكىسىنى تۈرگۈزىدۇ-يۇ، نېچۈن بىزلەر ھەتتا ئۆز تىلىمىزنىڭ گىراماتىكىسىنى بىلمەيمىز؟!

بىرمارجان (ۋېنگىرىيىلىك) مۇئەللىم فرانسۇز، رۇس، ئىنگلىز، ياپون، ئەرەب، پارىس تىللىرىنى بىلگەنلىكىنى ئاز كۆرۈپ، ئۇفا ۋىلايىتى، دىم سەھرالىرىدىكى باشقىردلارنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تىل ئادەتلىرىنى ئۆگىنىش مۇشەققىتىنى ئىختىيار قىلىدۇ-يۇ، بىزلەر ھەر ۋاقىت كېرەكلىك بولغان خەنزۇتىلى، ئىنگلىزتىلىنى نېچۈن ئۆگەنمەيمىز؟!

بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋاب ھەم ئۇچۇق، ھەم قىسقا بولۇپ، «ئۇلارنىڭ تەربىيىلىشى ياخشى، بىزنىڭ تەربىيىلىشىمىز ناچار» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

# چوقۇمكى ئاياللار ئىلىملىك بولۇشى لازىم

ئاياللار ئىلىملىك بولۇشى لازىم. بۇنى ئىنكار قىلىدىغان بىرەر ئادەم بولمىسا كېرەك. يەنە ئاياللار تەربىيە كۆرگەن بولۇشى لازىم. ئەڭ تۆۋەن خىزمەت سانالمىش مال بېقىش ئۈچۈنمۇ بەزى نەرسىلەرنى بىلىش كېرەك بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ بالىلىرىمىزنى تەربىيىلىگۈچى ئانىلىرىمىز بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىلىشتىن يىراق. ئەلۋەتتە بالىلىرىمىز قەدىر-قىممەت جەھەتتە تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى-يامان ئادەتلىرىگە تەقلىد قىلغۇچى بالىلارنىڭ ئانىلىرى نادان بولسا، بالىلىرىغا بىلىمگە مۇھەببەت ۋە ئەخلاق دەرسلىرىنى، ھەر بىر مۆمىننىڭ بىلىشى لازىم بولغان نەرسىلەرنى كىم ئۆگىتىدۇ؟ ئاتىلار قانچىكى مەلۇماتلىق بولسىمۇ بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە يېتىشەلمەيدۇ. مەكتەپ مۇئەللىملىرى بالىلارغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەتسىمۇ، ئانىلار ئۆگىتىدىغان مىجەز-خۇلق توغرىسىدىكى نەرسىلەرنى ئۆگىتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا تەربىيىسى ھەققىدە بولىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئانىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

باللار خۇددى يېڭى تال نوتىسىدەك ھەر تۈرلۈك تەربىيىگە ماسلىشىشچان كېلىدۇ. ئەگەر ئايال ئىلىمسىز بولسا، بۇلارنى قانداق تەربىيىلەيدۇ؟ بىر مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تەدبىر كېرەك، ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئىشىمۇ بۇنىڭدىن يەڭگىل ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىلىملىك بولۇشى زۆرۈر. لېكىن ئىلىم كۆپ، ئۆمۈر قىسقا بولغانلىقتىن، ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىلەشكىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاياللار ئانا ھەم ئايال بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى كېرەك.

ئىنژېنېر بولىدىغان ئادەم گېئومېترىيە ئىلمىنى، سائەتچى بولىدىغان ئادەم سائەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىنى، تېلېگرافچى بولىدىغان ئادەم تېلېگراف ئىلمىنى بىلىشكە مەجبۇر بولغىنىغا ئوخشاش ئانا ھەم ئايال بولىدىغان كىشىمۇ ئۆز ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى بىلىشكە مەجبۇردۇر.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئاياللار ئۈچۈن مەنتىق، پەلسەپە ۋە چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال، ئەخلاق، ئەدەپ ـ قائىدە، ئۆي ئىچىدە بولىدىغان تەرتىپلەر، ئوقۇش، يېزىش ۋە ئۆي تۇتۇش، ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئىلىملىرىنى بىلىشى كېرەك بولىدۇ.

دۇرۇس ئېتىقاد ۋە زۆرۈر قائىدىلەر بۇزۇق خۇلقنىڭ داغلىرىنى يۇيىدۇ. بۇنىڭغا (دۇرۇس ئېتىقاد ۋە زۆرۈر قائىدىلەرگە) ئەمەل قىلغان كىشىلەر ئۇلۇغۋارلىق كۆڭلىكنى كىيىدۇ، سەۋر ئۇنچىلىرى بىلەن تىكىلگەن رازىلىق قالپىقىنى بېشىغا كىيىدۇ، قانائەت سىرغىلىرىنى قۇلاقلىرىغا ئېسىپ، پۈختىلىق بىلەن ئىتائەت ئۈزۈكلىرىنى بارماقلىرىغا تاقاپ، باللار تەربىيىسى ھەم ئۆي خىزمەتلىرىنى ئەترگۈلدەك بېزەپ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. بۇنداق

ئايالنىڭ يېنىدا رۇچىلد (چوڭ بانكىر، 18 - ئەسىردە ئۆتكەن)نىڭ بايلىقى ھەم مىسىرنىڭ پادىشاھى يىپ ئېشەلمەيدۇ.

ئەخلاق ئىلمى ئاياللار ئۈچۈن ھەممىدىن زۆرۈر. ئەگەر ئاياللار گۈزەل خۇلقلۇق بولسا، پۈتۈن ئائىلىنىڭ راھىتىدۇر. ئەگەردە ئەخلاقسىز بولسا، پۈتۈن ئائىلىنى خاراب قىلغۇچىدۇر. ئاياللار تەۋرىسە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆيلەر ۋە شەھەرلەر ۋەيران بولىدۇ. ئاياللار كۆچسە، شەھەرلەرنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

تاماق ئېتىش، كىيىم تىكىش، ئائىلە تەربىيىسى ۋە قول ھۈنەرلىرىنى بىلىش ئاياللار ئۈچۈن كامالەت ھېسابلىنىدۇ. كونىلار: «ھۈنەر بىچارىلىكتىن ساقلايدۇ» دەيدۇ. ئەگەر بىر ھۈنەرلىك ئايال ئېرىدىن تۇل قېلىپ بالىلىرى يېتىم بولسا، ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرى سايىسىدا كوچىدا قالمايدۇ.

ئائىلە باشلىقى بولغان ئايال قول ھۈنىرىنى بىلسە، ئۆيىنىڭ بايلىقى يوق يەرگە سەرپ بولمايدۇ. ئەرمۇ ئېھتىياجى بولغان نەرسىلەرنى تىكتۈرۈش ۋە يامىتىش ئۈچۈن يات كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا موھتاج بولمايدۇ. بۇ ئاياللار ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىشتۇر. قول ھۈنىرىدىن مەھرۇم بولغان ئايال ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟ ئۇخلاش ۋە بوشاڭلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش ياكى ئىشسىز قېلىش ناھايىتى مۈشكۈل - مۇشەققەتكى، بۇنداق ئازاب دۇنيادا يوق. ھالبۇكى، ئىشلەش قاننىڭ يۈرۈشۈشىگە، تەننىڭ سالامەتلىكىگە، يېيىش - ئىچىشنىڭ، ئۇيقۇنىڭ لەززەتلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ.

ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنى خۇشال قىلىدىغان ۋاقتىنىڭ قانداق ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇ شۇنداق ۋاقىتكى، ئايالنىڭ ئوچۇق چىراي بىلەن بالىلىرىغا ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان ياكى ئۇلتۇرۇپ قول ئىشى قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۆينى ئىدارە قىلىش ئىلمى ئاياللار ئۈچۈن كېرەكلىك ئىلىمدۇر.

ئۆينى ئىدارە قىلىش ئىلمىنى بىلىپ، شۇنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئايالالارنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇق پىكىرلەردىن، ئىسراپچىلىق قىلىپ ياسىنىش كەبى ئىللەتلەردىن پاكلايدۇ، ئېرىنىڭ نەزىرىدە ھۆرمىتىنى، بالىلىرىنىڭ ئالدىدا مەرتىۋىسىنى ئاشۇرىدۇ، خۇلقىنى تۈزىتىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىش ئاسان بولغانلىقتىن ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئۆگەنمەكتە. شۇنداق ئىكەن، ئائىلىدە ھۆرمەتلىك ئىشتا بولغان مۆھتەرەم ئايال ئۈچۈن بۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇش، يېزىشنى بىلگەن ئايال ئائىلىدە ھەر تۈرلۈك پايدىلىق رىسالىلەرنى ئوقۇيدۇ. تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئەدەبىياتتىن خەۋەردار بولىدۇ. ئەستە تۇتۇش لازىم بولغان ۋەقەلەرنى دەپتەرگە يېزىۋالىدۇ، ئېرى سەپەردە بولسا، ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ، ئۇنىڭدىن كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇيدۇ. ئۇششاق سۆزلەپ غەيۋەتكە بېرىلىش ئەيىبىدىن خالاس بولىدۇ. بۈيۈك ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئېرىگە ئىلىم جەھەتتە تەڭداش، دۇنيا سەپىرىدە ھەمراھ بولالايدۇ.

كىتاب خىلۋەتتە سىرداش، يالغۇزلۇقتا دوست، ھەسرەتلەرگە بەرھەم بەرگۈچىدۇر. ئۇ كۆڭۈللەرگە زىبا بەخش ئېتىدۇ. زىيانسىز دوست ۋە قائىدىسىز يولداش بولغان ئايالالار ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش ئەلۋەتتە پايدىلىق. ئوقۇش ئۈچۈن كىتاب تاللاش خۇددى دوست تاللاشتەك مەسئۇلىيەتلىك بولۇپ، بەزى كىتابلار ناچار دوستلاردىنمۇ

زىيانلىق بولىدۇ.

نۆۋەتتە كەلگەندە سالامەتلىك قائىدىلىرىدىن ۋە بىمارنى كۆتۈش ئىنىزاملىرىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولۇش ئايالار ئۈچۈن پايدىسىز بولمايدۇ. چۈنكى بىمارلارنى كۆتۈشتە ئايالارنىڭ ماھارىتى ئەرلەردىن ئارتۇق بولىدۇ. بولۇپمۇ بالىلار ئاغرىسا ئانىلارنىڭ پۈتۈن زىكرى ئۇلاردا بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ. ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك زەخمەتلەرنى چېكىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىدىن خەۋىرى بولغان ئايال بۇ ۋاقىتتا بالىلىرىغا زور ياردەم قىلالايدۇ. بىمارنى كۆتۈش قائىدىلىرىنى بىلىدىغان ھەر بىر ئايال چالا تېۋىپلاردىن ئارتۇق ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئۇنىڭ يۇمشاق سۆز ۋە مۇلايىم ھەرىكىتى بىمارنىڭ كۆڭلىگە راھەت بېغىشلايدۇ. سالامەتلىك قائىدىسىنى بىلگۈچى ئانىلار يېيىش ـ ئىچىشتە، كىيىنىشتە پايدىلىقلىرىنى زىيانلىقلىرىدىن پەرقلەندۈرەلەيدىغانلىقى سەۋەبلىك باشقىلارغا نىسبەتەن بۇلارنىڭ بالىلىرى سالامەت بولىدۇ.

www.uyghurbook.com

# چىراي ۋە ئايال

ئاياللارغا خاس بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرسى چىرايدۇر.

چىراي زاھىرى ـ سىرتقى چىراي، باتىنى ـ ئىچكى چىراي دەپ بۆلىنىدۇ. ئادەم بالىسى ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز ۋە كامالەت ھېسابلىنىدىغان نەرسە ئەقىلدۇر. قۇياش دۇنيانى نۇرلاندۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاش، ئەقىلمۇ ئادەم بالىسىنىڭ پىكرىنى نۇرلاندۇرىدۇ، زېھنىنى ئاچىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. سىرتقى چىراي ئۆتكۈنچى بولۇپ، ھەر كۈنى كېمىيىپ تۇرىدۇ. ئىچكى چىراي ھەر كۈنى ئارتىپ ـ كۆپىيىپ تۇرغۇچى مەڭگۈلۈك كامالەتتۇر.

ئەقىل ئۆز ئىگىسىنى بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ سۆھبىتى كۆڭۈللەرگە راھەت بېغىشلايدۇ، ھەسرەتلەرگە تەسكىن بېرىدۇ. ھەر كۈنى ئۇنى جان ـ تېنى ۋە ئىخلاس بىلەن سۆيسە، سۆزى قۇتلۇق زاتلارنىڭكىگە ئوخشاش نوپۇزلۇق بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، ئاياللار ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تەربىيىلەپ، ئۇنى ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىشى كېرەك. ئەقىللىق ئايال ھەر قانداق سىرتقى چىرايدىن مەھرۇم قالسىمۇ، ھۆرمىتى ھەر كىمنىڭ كۆزىدە بولۇر. چۈنكى ئەقىل ھەر قانداق ئەيىبنى ياپىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىملاردىن بولغان بىر زات ئۆيلىنىش تەرەددۇتىدا بولغاندا، دوستلىرى تەرىپىدىن ئوخشاش ياشتىكى ئىككى قىز كۆرسىتىلىپ: «بىرىنىڭ كۆزىدە كەمچىلىكى بار، لېكىن ئەقىللىق، ئىككىنچىسىنىڭ ئەقلى بىرىنچىسىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن گۈزەل، قايسىسىنى تاللايسىز»، دېگەندە، ئۇ: «ئەقىللىقىنى» دېگەنىكەن. سىرتقى چىراي بىر خىل ھەدىيە بولۇپ، بۇ ھەدىيىگە ئىگە بولغان ئايال بۇنىڭ بىلەن تەكەببۇرلىشىپ كەتمەي، بەلكى ئۇنىڭغا شۈكرى قىلىش لازىم. ئەگەر سىرتقى چىراي ئۇنىڭ دەرىجىسى سەۋەبىدىن بولسا سۈنئىي، يارىتىلىشى سەۋەبىدىن بولسا، تەبئىي چىراي دېيىلىدۇ.

سۈنئىي چىراي دېگەندە، يۈز، قول، بويۇنلىرىنى ئاق، قىزىل بوياقلاردا بوياش، چاچنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىش، قاشلارنى تېرىش ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان گۈزەللىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل نەرسىلەر ئادەمگە ھۆسن قوشالمايدۇ، بەلكى سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئەرلىرىگە گۈزەل كۆرۈنۈش ئۈچۈن بۇنداق بوياقلاردا بويالغۇچىلار ئالدىنىدۇ. چۈنكى تەربىيىلىك ئەرلەر چۈشىنىدىغان گۈزەللىك بۇنداق بوياقلار ئەمەس، بەلكى تازىلىقتۇر. دۇنيادا ئەرلەرنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغىنى پاكىز يۈرمەيدىغان ئايالدۇر. بۇنداق ئايال ئېرىنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرسىمۇ، ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال ئۆز يېقىنلىرى ۋە دوستلىرىنىڭكىگە قانداق سۈپەتتە بارسا بارسۇن، ئەمما ئېرىنىڭ ھۇزۇرىدا مۇتلەق گۈزەل سۈرەتتە ۋە پاكىز ھالەتتە بولمىقى لازىم.

تەبئىي چىراي ـــ سالامەت تەنلىك، پاك كۆكۈللۈك، ئۈستى ـ بېشى ئاددىي بولسىمۇ پاكىز، ئەقلى جايىدا، ئىتائەتلىك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىر ئايالدا مەنۋى چىرايمۇ تەبئىي چىرايمۇ بولسا، ئەلۋەتتە نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ. ئالتۇن ۋە باشقا قىممەتلىك مەدەنلەر تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقىنىدەك بىزنىڭ تەربىيە بېرىشكە تېگىشلىك ئاياللىرىمىز ئەل ئارىسىدا كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى قىزلارغا زۆرۈر دەرىجىدە تەربىيە بېرىلسە، ئۇلاردىن ئەڭ قىممەتلىك مىللەت ئانىلىرى چىقار ئىدى.

# مېھرى ـ مۇھەببەت ھەقىقەتەن قەدىرلىك

بۇ دۇنيادا ئادەم باللىرىنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلاپ، پۈتۈن جامائەت تەشكىل قىلدۇرغان نەرسە ئېھتىياجدۇر. ھاياتتا بىر ـ بىرىگە موھتاج بولۇش ئادەم زاتىنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشىغا سەۋەب بولغاندۇر. لېكىن ئەر بىلەن ئايالنى بىر ـ بىرىگە باغلاشقا قانداق نەرسە سەۋەب بولىدۇ؟

ئەر بىلەن ئايالنى بىر ـ بىرىگە باغلىغۇچى نەرسە مۇھەببەتتۇر. ئەگەر ئۆيلىنىش بىر كۆۋرۈككە ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت كۆۋرۈكنى مەھكەملىگۈچى مىخلارغا، ئەگەر ئۆيلىنىش بىر بىنا قۇرۇلۇشىغا ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت ئۇنى مۇستەھكەملىگۈچى ھاكقا ئوخشىتىلىدۇ. مۇھەببەت بولغان يەرگە پاراۋان تۇرمۇش ھەم مەدەنىيەت، مۇھەببەت بولمىغان يەرگە خارابلىق كېلۇر.

پۈتۈن دۇنيانىڭ نىزامى مۇھەببەت بىلەن بىرگىدۇر. ئادەم بالىسىغا پەزىلەت كەلتۈرمەكچى، خۇلقىنى كۆركەم قىلىپ، ئەقلىنى تەربىيە قىلغۇچى نەرسىمۇ مۇھەببەتتۇر. مۇھەببەت ئادەم بالىسىنى ھەر تۈرلۈك زىلالەتلەردىن پاك قىلىدۇ.

ئەڭ يېقىملىق ۋە زۆرۈر بولغان مۇھەببەت ئەر بىلەن ئايال

ئارىسىدا بولغان مۇھەببەتتۇر، چۈنكى بىر-بىرلىرىگە مۇھەببەتلىرى بولغان ئەر بىلەن ئايال دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا مېھنەتلىرىدىمۇ ئۆمۈرلىرىنى سائادەتلىك ئۆتكۈزىدۇ. مۇھەببەت پاك ۋە ساپ بولۇش شەرتى بىلەن ئەر-ئايالنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇلقىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئەقىللىرىنى تەربىيىلەيدۇ. بىر-بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئەر بىلەن ئايال ئائىلىسىنى، ھەتتا قوشنىلىرىنىمۇ نارازى قىلمايدۇ. لېكىن مۇھەببەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ شەخسەن بىر مۇنچە ئۆلۈشلىرى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئىككى يۈرەك بىر-بىرىگە ئىنتىلىدىغان بولسا يوق مۇھەببەتنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئەسلىدىن بار بولسا، مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر-بىرىگە ئىنتىلمىگەن ھالدا «ئارىمىزدا مۇھەببەت يوق» دەپ شىكايەت قىلغۇچى ئەر بىلەن ئايال ھەقلىق ئەمەس. بۇنداق ھال يۈز بەرگەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئەسلىي سەۋەبنى بىلىپ، ئائىلىنى تىكلەشكە ئىنتىلىشلىرى لازىم. سەۋەب ھەققىدە يېزىشتىن مەقسىتىمىز تومار يېزىپ ئېلىپ يۈرۈش ئەمەس، بۇنداق نەرسىلەردىن ھېچقانداق پايدا يوقتۇر. بىزنىڭ مۇرادىمىز ئەخلاق ئالىملىرى تەرىپىدىن مۇھەببەتنىڭ سەۋەبلىرى دەپ كۆرسىتىلگەن نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش كېرەك دېمەكتۇر.

ئەخلاق ئالىملىرىنىڭ نەسىھەتلىرى مۇنداق: ئەر ئەگەردە ئايالىنىڭ مۇھەببىتىنى ئارزۇ قىلسا، ئۇنىڭ خۇلقىنى تەربىيىلىسۇن، چۈنكى مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ تەربىيىگە موھتاج بولغىنىدەك، ئاياللارمۇ تەربىيىگە موھتاجدۇر. ئايالمۇ بىر مېۋىلىك دەرەختۇر. ياخشى مېۋە بەرمىگەندە دەرەخنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تەنبىھ بەرگەن كەبى ئايالمۇ ناچار بالا تەربىيىلىسە، ئېرىگە تەنبىھ

بېرىلىدۇ.

ئەر ئايالنىڭ تەبىئىتىنى ياخشى بىلىپ شۇنىڭغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ ئاچچىقى تېز ھەم كېلىدۇ، ئېچىمۇ تارراق بولىدۇ. كۆپىنچە ئۆيۈنى چىن دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، كەمچىلىكلىرىدىن كۆز يۇمۇشقا، ئۇلار بىلەن دە تالاش قىلماسلىققا، ئاچچىق سۆز ئىشلەتمەسلىككە، تەبىئىتى ئېغىر، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇشقا مايىل بولۇش، ئورۇنسىز كۆڭۈلەمچىلىك قىلماسلىق، ھەممىلا نەرسىنى سۈرۈشتۈرۈۋەرمەسلىك، ئەپۇچان بولۇش كېرەك، چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئەرنىڭ ئايال ئالدىدىكى ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ، ئۆينىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىنى بۇزىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى جەلپ قىلغۇچى نەرسە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن شەپقەتتۇر. ئەر ئىچىملىك ئىچمىسۇن، قىمار ئويىنىمىسۇن، قورقۇنچاق، يۈرەكسىز بولمىسۇن، يوق ئىشلارنى بار قىلىپ خوتۇن، باللىرىنى تاشلاپ يۈرمىسۇن، ئايالى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن مۇھەببەتكە بىلمىگەندەك مۇئامىلە قىلماي، ياخشى جاۋاب قايتۇرسۇن.

ئەر ئايالىنى كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك توغرىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى نەرسىلەرگە، ئىسراپچىلىقلارغا ئادەتلەندۈرمىسۇن، ئاز خىراجەت ۋە ئاز نەرسىلەرگە ئۆگەتسۇن، چۈنكى زىننەت، لەززەت ۋە ئىچىملىككە بېرىلگەن كىشى ھەمىشە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەبلەغ تويلاش نىيىتىدە بولىدۇ. (نەتىجىدە يامان يولغا كىرىپ قالىدۇ — تەييارلىغۇچىدىن).

ئايالنىڭ خۇلقى ھەر ۋاقىتتا ئەرنىڭ خۇلقىغا تەۋە بولغانلىقتىن، ئايالىنى تەربىيىلەشكە كىرىشكەن ئەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆز خۇلقىنى

تەربىيلىسۇن. ئايال ئەگەر ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئارزۇ قىلسا، ئۆزىنىڭ تەشرى يارانقان مەۋجۇدات ئىچىدە ئەڭ گۈزىلى ئىكەنلىكىنى ئىسىمدە چىڭ تۇتۇپ، ھەر ۋاقىت پاك بولۇشنى ئادەت قىلسۇن. چۈنكى، ناپاك ئايال مۇھەببەتكە سازاۋەر ئەمەس. پاكلىقنى ئادەت قىلمىغان ئايال ئېرىگە گويا «مېنى سۆيمە، چۈنكى مەن سۆيۈملۈك شاراپەتتىن مەھرۇممەن» دېگەندەكتۇر.

ئېرى يوق ۋاقىتتا ياكى باشقا جايغا بارغاندا ئاددىي كىيىملەر بىلەن بولۇپ، ئېرىنىڭ ھۇزۇرىدا گۈزەل كىيىملەر بىلەن زىننەتلىنىپ يۈرسۇن. ھۆسن ۋە زىننەت ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەر بىلەن ئايال بۇلارغا رىئايە قىلسا، مۇھەببەتلىك بولىدۇ.

# تەربىيىلىك ئايال مۇنداق بولىدۇ

ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇھەببەت نىكاھى يالغۇز نەپسى مۇرادى ئۈچۈن بولماي، بەلكى تەڭرى تەرىپىدىن ئېھسان ئېتىلگەن مۇبارەك بىر ئالىي ھەدىيىدۇر. چۈنكى نەپسىنىڭ پادىشاھلىقى قالمىغان قېرىلىق چاغلىرى ياكى خەستىلىك ۋاقىتلىرىدىمۇ ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى مۇھەببەت ھەمىشە داۋاملىقتۇر. دۇنيا سىرىپ قىلىپ تاپالمىغان خاتىرىلەر، ئەسكەر چېقىرىپ ئېرىشەلمەيدىغان مۇراد-مەقسەتلەر گۈزەل خۇلق-مىجەز بىلەن قولغا كېلىدۇ. بۇ خىل پەزىلەت ئىنسان بالىسىغا ھەر ۋاقىتتا لازىمدۇر. ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى بۇ خىل مۇئامىلىنىڭ بەكمۇ كېرەكلىكىنى سۆزلەشكە ھاجەت يوقتۇر.

ئەگەر ھاجەت دەپ بىلىنسە، تەڭرى تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان نىكاھ نېئمىتىنى كۆپ ئېتىبار بىلەن ساقلاپ، بىرەر قېتىم ئازراق بولسىمۇ خاتاغا يول قويماسلىققا ئىنتىلىش — ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەر ئىككىسىگە زۆرۈر بولغان شەرتتۇر. ئەر-ئاياللىق ئەدىپى ھەر ئىشتا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈش دېمەكتۇر. يەر ۋە كۆكمۇ ئادالەت بىلەن ئۆز ئورنىدا تۇرۇرلەر. ئەر-ئايال ئارىسىدا ئەدەپ-ھايا بولغاندا، نىكاھ نېئمىتىمۇ بەركاماللىق بىلەن ياشايدۇ ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەر-ئاياللار ئۈچۈن شەرىئەت، ئەقىل

تەربىيەدىن بەلگىلەنگەن مەلۇم ۋەزىپىلەر باركى، ھەر بىر
بىر ئائىلىنىڭ بۇ ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشلىرى قەرز ھەم پەرز
زۆرۈر بولغان ئەدەپ- ھايا بولمىغاندا، بىر- بىرىگە رىئايە
بولمايدۇ- دە، مۇھەببەتلىرى بۇزۇلىدۇ. مۇھەببىتى بولمىغان ئادەم
ھەر ۋاقىتتا قارشى تەرەپنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ، ئەرزىمەس ئىشنىمۇ
يۈزىگە سالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئارىدا زاھىر بولغان دەۋا غوۋغاغا
ئايلىنىپ، باش- ئاخىرى چىقمايدۇ. بۇ رەۋىشتە ئۆتكەن ھاياتتا
قىلچىمۇ لەززەت بولمايدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئەقىللىق، تەربىيە كۆرگەن ئەرلەر ۋە ئاياللار ئەدەپ- ھايالىق تۇرمۇشنى ئۇلۇغ بىر نېمەت بىلىشسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن بولمىغۇر- يامان ئىشلاردىن ھەر ۋاقىتتا يىراق يۈرسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار ئارىسىدىكى ئەر- ئاياللىق تۇرمۇش كۈندىن- كۈنگە مۇستەھكەملىنىپ، بارغانسېرى لەززەتلىك بولىدۇ.

بىز، بۇ يەردە تەربىيىلىك ئاياللارنى تەرىپلەپ يازماقچىمىز. يازغانلىرىمىزدا ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقچىمىز. ئەگەردە، ئاياللار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان ئۇشبۇ ۋەزىپىلەرنى كەمچىلىكسىز ئادا قىلىدىغانلا بولسا، شەك- شۈبھىسىز ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بولىدۇ. بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق بىلەن ساۋابقا مۇۋەپپەق بولۇپ، مۇكاپات ئالۇرلەر. تەربىيىلىك ئاياللار تەربىيىسىز (پەزىلەتسىز) ئاياللارغا نىسبەتەن بەختلىك ياشايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئۇلۇغلۇق ۋە مەڭگۈلۈك مەرتىۋىسىگە ئېرىشۇرلەر. تەنلىرى تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلسىمۇ، ئىسىم- شەرىپى ھەر قاچان سورۇنلاردا ھۆرمەت بىلەن سۆزلىنۇر. ھەتتا كىتابلارغا يېزىلىپ، كەلگۈسىدىكىلەرگە ئۆرنەك قىلىپ كۆرسىتىلۇر. ئەمما، تەربىيىسىز ئاياللار بولسا، تەربىيىسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن قانچىلىغان جەبىرى-

جاپالارنى تارتىپلا قالماي، يەنە يامان نامىلىرىنى قالدۇرۇپ ئاخىرەتنىڭ جەھەننىمىگە كېتىدۇ. بۇنداق پەزىلەتسىزلەر ئۇ دۇنيادىمۇ راھەت كۆرەلمەس، كەينىدىنمۇ ياخشى نامىلىرى ئاڭلانماس. تۇرمۇشتىكى ئەدەپلەر توغرىسىدا ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بىز تۆۋەندە ئەڭ مۇھىملىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئىشەنچ

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىنى بۇزۇق تۇتماي كامىل ئېتىبار بىلەن ساقلايدۇ. ئۇلار ئەخلاق ئىچىدە ياشاپ ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، ئەخلاق مەنئى قىلغان نەرسىلەرگە ھەرگىز ئېتىقاد قىلماس. سېھىرگەر، پالچى، كىشىلەر ئارىسىنى مەنىۋى سەۋەبلەر بىلەن بۇزىدىغان ياكى تۈزىتىدىغان جىن، پەرىلەرنى خىزمىتىگە سېلىشنى داۋا قىلغۇچى كىشىلەرگە ئەسلا ئىشەنمەس. بۇنداق كىشىلەر پەقەت ئالدامچى، كۆز بويامچى بولغانلىقى ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللارغا يورۇق يۈز كۆرسەتمەس، ئەرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلماس. سېھىرگەرگە، پالچىغا بىر ئايال ئىشەنسە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئېرىمۇ ئاستا - ئاستا ئىشىنىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئاياللارنىڭ يامان ئېتىقادى بالىلىرىغىمۇ مىراس بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا يۇرت ئىچىدىمۇ ئىمان، ئېتىقاد قالمايدۇ، كىشىلەر ھەممە نەرسىدىن شەك - شۈبھىگە چۈشۈپ، پۈتۈنلەي قورقۇنچلۇق خىيال ئىچىدە قالىدۇ. بۇنداق يۇرتنىڭ ھالى ئاق قۇرت چۈشكەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايدۇ.

# ئىتائەت

تەربىيىلىك ئاياللار ئەخلاق ۋە ئۆز ئەقلىگە خىلاپلىق قىلمىغان هالدا ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ ئۈستىدە ئەرلىرىنىڭ كۆپ ۋە شۇ نىسبەتتە ئۇلۇغ بولغان هەقلىرى باردۇر. بۇ دۇنيادىن شادلىق كۆتكەن ئايال كىشى ئۇچۇن ئىرى بىلەن گۈزەل مەئىشەت قىلماق، سۆزلىرىنى جان-دىل بىلەن ئاڭلاپ، ئىتائەتتە بولماق لازىمدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئايال هاياتىدا هامان ئۆكۈنىدۇ. ئاخىرەتلىكىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. رەسۇل ئەكرەمنىڭ: «ئېرىنى رازى قىلغان هالدا ۋاپات بولغان ئايال جەننەتتىدۇر» دېگەن كەلىمىلىرىدىن ئەرلەرگە ئىتائەت قىلىش ئاياللار ئۈچۈن بۇرچ بولۇپلا قالماي، كېلەچىكىنىڭ بەختلىك بولۇشىدىنمۇ بېشارەتتۇر.

تەربىيە كۆرگەن ئاياللار پەزىلەتسىزلىك قىلىپ ئەرلىرىنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ۋاقىتسىز ئاقارتىشتىن، بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن كەيپىياتىنى بۇزۇشتىن، ئۈمىد-ئارزۇلىرىغا كاشىلا قىلىشتىن ئىلاجىنىڭ بارىچە ساقلىنىدۇ. بىر ئەر نەقەدەر ناچار، جاهىل بولسىمۇ، ئايالى تەربىيىلىك بولسا، ئۆز ۋەزىپىسىگە رىئايە قىلىپ، ئەرنىڭ هالىنى تۈزەپ، كۆڭلىنى ئېلىپ، بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئېرىشەلەيدۇ. يۈزلەرچە ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان بەختلىك بىر هاياتنى، گۈزەل خۇلق-مىجەز بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مال-دۇنيا بىرىپمۇ سېتىۋالغىلى بولمىغان نەرسىنى ياخشى خۇلق-مىجەز بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. گۈزەل تۇرمۇش دېگىنىمىز ئەنە شۇدۇر.

# ئەرنىڭ يېقىنلىرىنى ھۆرمەتلەش

تەربىيىلىك ئاياللار قېيناتا، قېينانىلىرى، ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى، ئېرىنىڭ ئەل ـ ئاغىنە، دوست ـ يارانلىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىكى، دوست بىلەن دۈشمەنگە نەپرىتى ئېنىق بولۇشى لازىم. دۈشمەننى دوست، دوستنى دۈشمەن ھېسابلاش تولىمۇ ئەقىلسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

بىر ياخشى ئەر ئايالنى دەپ ھېچقاچان ئاتا ـ ئانىلىرىغا ۋە ئۆز يېقىنلىرىغا قىلىنغۇسى ھۆرمەت ـ ئىكرامنى يەرگە ئۇرماس. شۇنداقلا تەربىيە كۆرمىگەنلىكى تۈپەيلى پەزىلەتسىزلىكى، ئادەمگەرچىلىكىنىڭ يوقلۇقى، يېقىنلىرىنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر نادان ئەرنىڭ، ئايالى بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەن بولسا، ھۆرمەت ـ ئىكرامغا رىئايە قىلىشتىن باشقا بەتخۇي ئېرىنىمۇ ئەدەپ قائىدىلىرىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئامال قىلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەر بىر ـ بىرىگە قوشۇلغان، بىنالار بىر ـ بىرىگە ياندىش بولغاندەك، بىر جان، بىر تەن بولغان يېقىنلارنىڭ ھۆرمەتلىرى، قوشنىلارنىڭ ھەققىلىرى بولىدۇ. بۇنى ھەر قانداق بىر كىشى بىلسۇن ۋە پىكىر قىلسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلىرىنىڭ يېتىم باللىرى بولغاندىمۇ، ئۇلارنى ئۆز باللىسىدەك ياخشى كۆرۈپ تەربىيىلەش ـ ئۆستۈرۈش ئاياللار ئۈچۈن مۇھىم ئىشتۇر. بۇنىڭ بەدىلىگە كىشىلەرنىڭ رەھمىتىنى ئېلىپلا قالماي، ئېرىنىڭمۇ رازىلىقىغا نائىل بولغاي.

ئادەمنىڭ كۆڭلى نەقەدەر قاتتىق، ئاچچىقى يامان بولسىمۇ، ئۆز باللىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن خورلىنىشىغا چىدىمايدۇ. بەزىبىر ئۆگەي ئانىلار تەرىپىدىن زۇلۇم قىلىنغان باللىرىغا قاراپ، ئاتىلىرىنىڭ ئېغىز ئاچماي جىم تۇرۇشلىرى رازىلىقىغا ياكى باللىسىنى

سۆيمىگەنلىككە ۋە ئايالنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈشكە ئالامەت بولماس. بەلكى ئۇنىڭ باشقا بىر تەرىپىمۇ باردۇر. پەرەز قىلىڭكى، بىر ئاتا ئۆزىنىڭ يېتىم بالىسىغا قاراش بىلەن بىرگە ئايالنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەن بولسۇن. ئايالنىڭ ئاچچىق سۆزلىرى، زەھەرلىك كۆزلىرى، زەخمەتلىك مۇشتلىرى ئاستىدىكى بالىسىنىڭ ئېزىلىشىگە قايغۇرمىسۇنمۇ دەيلى، بىراق يېتىم بالىنىڭ ئاھ ـ زارىنى باشقا ئاڭلىغۇچى يوقمىدۇ؟ ئەلۋەتتە بار. شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، بۇنداق ئاياللار ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرىپلا قالماي، بەلكى باشقىلارغا قىلغانلىرىنىڭ ئىككى باراۋەر جاجىسىنى تارتىدۇ. يېتىمنىڭ ھەققى سۇ ئەمەس سىڭىپ كېتىدىغان، شامال ئەمەس تاراپ كېتىدىغان.

ئۆگەي بالىلارغا شەپقەتسىز بولغان ئاياللار ئايال ئەمەس، يىرتقۇچتۇر. ئۇ ئۆز بالىسىنىڭ باشقا بىر باغرى قاتتىق ئايال تەرىپىدىن خورلىنىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قارىغاندا، ئاندىن بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ چىنلىقىغا ئىشىنەر. يېتىملارغا شەپقەتسىزلىك قىلىش ئېغىر گۇناھ بولۇپ، يالغۇز ئۆگەي ئانىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆگەي ئاتىلار ۋە شەپقەت بابىدىكى يېقىنلارغا، ھەممىشىرىلەرگىمۇ تېگىشلىكتۇر. دېمەك، ئۆگەي بالىلارنى ياخشى ئۆستۈرۈپ تەربىيىلىگەن ئاياللارنىڭ ھۆرمىتى، مۇھەببىتى باشقىچە بەختىياردۇر. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە مەجەسسەملەشتۈرۈشنى ئويلىغان بىر تەربىيە ئانىسى يېتىم ـ يېتىمە بالىلارغا، قېيناتا، قېينانا ۋە ئەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنە، يار ـ بۇرادەرلىرىگە ھۆرمەت ۋە قەدىرلەش نىيىتىدە بولسۇن. تەربىيىلىك ھەم ئەقىللىق ئاياللار بۇ ھەقىقەتنى ئوبدان چۈشىنىپ، قائىدە بىلەن يول تۇتسا، بۇ ئەمەللىرى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا راھەت، ئاخىرەتتە ئۆزلىرى ئويلىمىغان ئىنئاملارغا ئېرىشىدۇ. دەرۋەقە، بۇ

دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاسماندىكى بولۇتقا ئوخشاش تارقىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ھاياتلىق ئۆمرىدە ئىگىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا خىزمەت قىلغان بالىنىڭ، ۋاقتى كەلگەندە بالىسىمۇ ئۆزىگە خىزمەت كۆرسىتىدۇ. قېيناتا بىلەن قېينانىغا خىزمەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئېرىنى چەتكە قاققان كېلىننىڭ كەلگۈسىدىكى كېلىنىمۇ شۇنداق قىلۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا «يەرگە نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن» دېگەن گەپ باردۇر.

## ھەمسۆھبەت

تەربىيىلىك ئائىلىلەر ياخشى، پەزىلەتلىك ئائىلىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، بۇزۇق، يامان تەبىئەتلىك ئائىلىلەر سۆھبىتىدىن يىراق تۇرۇشى، ئۇلارغا نەپرەتلىنىشى لازىمدۇر. چۈنكى ياخشىلار بىلەن بولغان سۆھبەت، دوستلۇق ـ ياخشىلىققا سەۋەب بولسا، يامانلار بىلەن بولغان سۆھبەت ۋە يېقىنلىق يامانلىققا، بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولىدۇ. يامان ئائىلە، ئائىلە ئەمەس بەجايىكى بىشەم شەيتاندۇر. بۇ خىل ئائىلىلەرگە ئوچۇق چىراي ئاچماسلىق، ئۆيىگىمۇ يولاتماسلىق كېرەكتۇر. «ئۆزۈم ياخشى بولغاندىكىن، ئۇنىڭ يامانلىقىنىڭ ماڭا نېمە زىيىنى» دېيىلمىسۇن، شەيتان بىلەن بولغان دوستلۇقنىڭ قىلچىمۇ پايدىسى چىقماس، بەلكى زىيىنى چىقۇر. بۇنىڭغا ھەربىر ياخشى نىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن ئائىلە گۇمان قىلمىسۇن.

ئادەم بالىسىنى بىلىش كېرەك بولغاندا، ئەڭ ئاۋۋال «دوستلىرى كىملەر؟» دەپ سورىشىدۇ. ئارىلاشقان دوستلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ.

بۇنداق ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ بىزدە: «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ ئالىسى» دېگەن گەپ بار. يامان ئاياللاردىكى ھىيلە-مىكىرگە شەيتانمۇ ھەيران قالغانىكەن. بۇنداق ئاياللار كىرگەن ئۆيدىن بەرىكەت كېتىشكە ئالدىرايدۇ. بىچارە ئادەم بالىسى نەقەدەر ئەقىللىق بولسىمۇ، گەپ-سۆزلەرگە ئىشىنىدۇ. چېقىمچى-پىتنىخور ئاياللارنىڭ مەقسەتلىك توشۇغان پىتنە-پاساتلىرىغا قۇلاق سالىدۇ. گەرچە ئىشەنمىسىمۇ، رەت قىلماستىن ئاڭلايدۇ. ئاڭلىغانسېرى گەپ يىپلىرى چۇۋۇلىدۇ... بىر مۇنچە ۋاقىتنى زايە قىلىدۇ. ئىشىكتىن كىرىپلا ساختىپەزلىك بىلەن ئۆزىنى يېقىن قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەر بىلەن ئايال ياكى ياخشى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئۆسەك تارقىتىش، قەسەم قىلىپ ساپ كۆڭۈللەرنى سۇۋۇتۇش — يامان، لولا، بىشەم، ئازازۇل ئاياللارنىڭ ئادەتلەنگەن مىجەزىدۇر.

## سىر ساقلاش ھەققىدە

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆز ئەرلىرىنىڭ مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن ساقلاشقا تېگىشلىك سىرلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەشتىن، پاش قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. سىرى پاش بولغان كىشى مۇراد-مەقسىتىگە كۆپ مۇشەققەت تارتىش يولى بىلەن ئېرىشۇر ياكى ئېرىشەلمەس. شۇڭا، سىرنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش زىيانلىقتۇر. سىرنىڭ ساندۇقى كۆڭۈل، ئاچقۇچى تىلدۇر. ساندۇق ئاچقۇچىنى ياخشى ساقلىمىغان، كۆڭۈل ئاچقۇچى بولغان تىلىنىڭ تىزگىنىنى ياخشى تۇتمىغان كىشى شۈبھىسىزكى ئەخمەقتۇر.

دېمەك، ئەرنىڭ سىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ياخشى ساقلىمىغان،

باشقىلارغا پاش قىلغان ئايال ئېرىگە خىيانەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئۆز سىرىنى ساقلىماي ئىككىنچى بىر ئادەمگە: «ساڭىلا دېدىم، زىنھار ھېچكىمگە دېمە» دېگەن ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمەقنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى ئۆز سىرىنى ئۆزى ساقلىيالمىغان ئەھۋالدا، باشقىلارنىڭ ئۇ سىرنى ساقلاشقا قانداقمۇ قۇربىتى يەتسۇن؟! بۇ تولىمۇ ئەقىلسىزلىقتۇر. باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغان ئالتۇنلىرىنى ساقلاش، كىچىككىنە سىرنى ساقلاشتىن ئاسان، دېگەنىكەن بىر ئاقىل. سىر ساقلىيالمىغان ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدە ئېتىبارىمۇ قالمايدۇ. ئېرىنىڭ سىرىنى باشقىلارغا ئاشكارىلىغۇچى ئايال، ئاياللىققا لايىق ئەمەستۇر.

سىر ساقلىيالايدىغان ئاياللارغا ئەرلىرى ئىختىيارسىز ئامراق كېلىدۇ. ئەرلىرىنىڭ سىرلىرىنى ساقلاش قاچانغىچە، ھەتتا ئۆلگۈچە شەرت قىلىنغان بولسا، تاكى شۇنىڭغىچە ساقلاش، تەربىيىلىك ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچلىرىدىندۇر. بەزىبىر سىرلار ئىنسان يۈرىكى بىلەن بىللە كېتىدىغان بولسۇن.

## قانائەت ۋە شۈكرى قىلىش

تەربىيىلىك ئاياللار ھەر قانداق ۋاقىتتا قانائەتلىك بولۇر. قانائەت ـ قولىدا بارىغا ياكى تېپىلغىنىغا رازى بولۇش دېمەكتۇر. بۇ، ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن بىر سۈپەت ۋە سىناقتۇر. قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ئاسانلىقچە كېمەيمەس. نورمال ھاياتتىن رازى بولمىغان ئادەمگە تاغدەك بايلىقنى تاشلاپ بەرسىمۇ قانائەت قىلمايدۇ. قانائەتسىزلىك — ئادەم بالىسىدىكى بىر خىل ئاچ كۆزلۈك ۋە كېسەللىكتۇر.

ئاچ كۆزلۈك ۋە قانائەتسىزلىككە مۇپتىلا بولغان كىشى تۇرمۇشتا كۆپ مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولۇپلا قالماي، ئاخىرەتنىڭمۇ توغرا يولىدىن ئادىشىپ قالارمىش. قانائەتسىز كىشىنىڭ ھاجىتىمەن بولىدىغان نەرسىلىرى كۆپ، ئاچ كۆزلۈكى چەكسىز بولغانلىقتىن، نەپسى مۇرادىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ھەر دائىم يالغان سۆزلەيدۇ.

مۇبادا، ئىنسان ئۆزىدىن بىچارە ھالدىكى كىشىلەرنى دائىما كۆرۈپ، ھازىرقى ھالىدىن تېخىمۇ يامان بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئەقلىنى يىغىپ بارىغا قانائەت قىلغان، ئىشلەپ تاپقان ئىقتىسادىنى ئېتىبار بىلەن تېگىشلىك جايغا سەرپ قىلغان، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن رازى بولغان ھەم شۈكرى قىلغان بولاتتى.

## ئۆزىنى تۇتۇش ھەققىدە

ئۆي ئىچىگە قاراش، يېمەك-ئىچمەك جەھەتلەردە تەدبىر كۆرۈش — ئاياللارنىڭ زىممىسىدىكى ئىشلادۇر. تەربىيىلىك ئايااللار ھەر بىر ئىشتا ئويلىنىپ، تەرتىپ بىلەن ئۆلچەپ ئىش قىلىدۇ. ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى دۇنيادا ياشىماق، بالىلارنى باشقىلارغا موھتاجسىز بىر ھالەتتە قالدۇرۇش مال ۋە بايلىققا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۆلگەن كىشى كېيەنگە موھتاج بولغاندەك، تىرىكلەرنىڭمۇ مال-دۇنياغا موھتاج بولۇشى شۈبھىسىزدۇر.

خۇسۇسەن، بىزلەر شۇنداق بىر زامانىدىمىزكى، ئادەمنىڭ ئېتىبارى ئۇنىڭ بايلىقىدا، خار بولۇشى كەمبەغەللىكىدىندۇر. ھالبۇكى، بايلىقنى تېپىش ئاسان ئەمەس. تاپقان بايلىقنى تۇتۇپ تۇرۇش قانداق ئىشلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۆي ئىچىدە بولىدىغان خىراجەتلەر ۋە خىزمەتلەر ئايالالار قولىدىن ئۆتۈپ



www.uyghurkitap.com

تۇرغىنى ئۈچۈن، ئەرلەردىنمۇ بەكرەك ئېتىبار بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشى لازىمدۇر.

مەردلىك — ئەرلەر ئۈچۈن ياراشىمۇ، ئاياللار ئۈچۈن ئەيىب سانىلىدۇ. مال ـ دۇنيانىڭ قەدرىگە يەتكەن ئايال نان ئۇۋاقلىرىغىچە دىققەت قىلىپ زايە قىلمايدۇ، ناننىمۇ ھاجەتتىن ئارتۇق سۇندۇرمايدۇ، نان پارچىلىرىنى خالىغان يەرگە تاشلىمايدۇ. نەزەرىمىزگە ئىلمىغان نان پارچىلىرى ئۈچۈن قانچىلىك ئەمگەك سەرپ قىلىنغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بىر بۇردا نان ئۈچۈن دۇنيادا بەزەن كىشىلەر جان بەرمەكتە. يەر يۈزىدە بىر پىيالە سۇ بىلەن بىر بۇردا نان ئۈچۈن پۈتۈن مۈلكىنى بېرىشكە تەييار تۇرغانلارنىڭ تېخى ھازىرمۇ بارلىقىنى كۆز يۇمۇپ ئىنكار قىلىش، ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىق ياكى ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ!

تەربىيە كۆرگەن قىز ـ ئاياللار كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت ئېلىشنى ئويلىغاندا «يوتقانىغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن تەمسىلنى ئۆزلىرىگە بىر قائىدە بىلىپ ئەمەل قىلسۇن ۋە ئۇنى ھەر قاچان ئېسىدە ساقلىسۇن. دۇنيانىڭ ئۇچى ئۇزۇن بولۇپ، ئاخىرىسى يوق. پۇل تېپىش ئاسان ئەمەس. ئاياللارغا نىسبەتەن كۆرگەنلا نەرسىنى ئېلىش، بايۋەتچىلەرنى دوراش، ئىسراپچىلىق ئىشىكىنى ئاچقانلىقتۇر. ئىسراپخور ئائىلىدە بايلىق ئۇزاق تۇرمايدىغانلىقى، بىر مەرتىۋە كېلىپ كەتكەن دۆلەتنىڭ قايتا يېنىپ كەلمەيدىغانلىقى بەرھەقتۇر. دۆلەت تۇتۇشنى بىلمىگەن ئايالنىڭ ئېرى كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ پۇل تاپسىمۇ، يەنىلا موھتاجلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ ـ دە، مىڭ ئىشلىسەممۇ بولۇشۇم شۇ تۇرسا، دەپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ بىچارە ئەر خارلىق ـ زەبۇنلۇقتا ھالاك بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۈرۈنقى زامانىمىزنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئايال ـ قىزلىرى ئۆز ئەرلىرىنى بۇ خىل يامان ئاقىۋەتتىن ساقلاش ئۈچۈن قانائەتلىك بولۇشقانىدى. ئەرلىرى ئەتىگەن تۇرۇپ ئىشقا ماڭغاندا، ئىشتىن

نىرى تۇرۇك، ئاچ قالساق سەۋر قىلالىلىكى، ناتوغرا ئىش تۇپەيلى دوزاخ ئوتىدا كۆيمەيلى، دەپ تىلەك تىلەشكەن. بۇ ئۇلۇغ زېمىندا ئاشۇ خىل ئائىلە-قىزلىرىمىز ھازىرمۇ باردۇر، بەلكىم كۆڭۈل كۆزى كۆرگەن ئادەم ئۇچۇن بۇ خىل ئالىيجاناب ئائىلىنىڭ ئىبرى بولۇش — بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى بولۇشتىنمۇ ياخشىراقتۇر. ئەگەر ئائىلە كىشى ئاچ-يالىڭاچ قالمىغىنىغا شۈكرى قىلىشنىڭ ئورنىغا ئېرىنىڭ تەرلەپ-تەپچىرەپ تاپقان پۇلىنى تۇتۇشنى بىلمەي، ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۇزۇپ-چېچىپ تۈگەتسە ياكى بىر كۈنلەر ئۇچۇن ساقلاپ قويغان پۇللىرىنى كېرەك بولمىغان زىننەتلەر، زامانە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سەرپ قىلىپ زايە قىلىۋەتسە، بۇ بىچارە ئەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئۆز ھالىنى بىلمىگەن، بېرىلگەن نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالمىغان بۇنداق تەربىيە كۆرمىگەن ئائىلە بىلەن بىللە ياشىماق، جەننەت بىلەن جەھەننەم ئوتتۇرىسىدا توساق تام بولمىغانلىق بىلەن باراۋەردۇر.

شۇڭا، ئائىلە-قىزلىرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ساۋاتلارنى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىقتىساد باشقۇرۇش ۋە ئائىلە باشقۇرۇشتەك تىرىكچىلىك يوللىرىنى بىلىملەرنى ئۆگىتىش كېرەكتۇر. ئەقىللىق ھەم تەربىيىلىك بىر ئائىلە بار بولغان ھەر قانداق بىر ئۆي ھېچقاچان بىراۋغا موھتاج ياكى خار بولماس.

## پاكىزلىق — زىننەت دېمەكتۇر

تەربىيىلىك ئائىلىلار ئۆزىنىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى دائىم پاكىز تۇتۇپ يۈرگىنىگە ئوخشاش، ئۆي ئىچىنىمۇ پاكىز رەتلىك تۇتىدۇ. چۈنكى، پاكىز يۈرۈش ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇرچىدۇر.

تەربىيىلىك ئاياللار ھەر ۋاقىت ئەرلىرىگە ھۆسن ـ كامالەتلىك كۆرۈنگىنىدەك، ئۆي ئىچىنىمۇ پاكىز، رەتلىك تۇتۇش ئۇلارنىڭ يەنە بىر زىننىتىدۇر. «ئۆي ئىچىنىڭ مەينەت، قالايمىقان تۇرۇشى خاراب بولۇشنىڭ بىر ئالامىتىدۇر». ئۆي ئىچىدە تەربىيىلىك بىر ئايالنىڭ بارلىقىغا ئۆينىڭ پاكىزلىقى، يوقلۇقىغا بولسا ئۆينىڭ پاسكىنىلىقى دەلىل بولىدۇ. ئەرلىرىگە قىزغىن كۆرۈنۈش ئۈچۈن پاكىز بولۇش، ئەھۋالغا قاراپ كىيىنىش، خۇش بۇي نەرسىلەرنى مۇۋاپىق سۈرۈش راۋا بولۇپ، پاكلىققا خىلاپلىق ئەمەستۇر. شۇڭا، تەربىيىلىك ئاياللار ئەرلىرى خالىغان رەۋىشتە پاكىزلىقنى ئادەت قىلىپ، ساپ قەلبى بىلەن ئىتائەتلىك كىلۇر. ئەرلىرى يېنىدا خۇشال ھالەتتە ، مۇلايىم سۆيەتتە تۇرۇپ، يامان پۇراق، بولمىغۇر قىياپەتتە كۆرۈنۈشتىن ساقلىنۇر. ئاياللارنىڭ تەربىيىلىك بولۇشلىرى پۈتۈن ئائىلە ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر ئىش بولغىنىدەك، كىيىنىش ـ زىننەتلىنىشمۇ يالغۇز ئەرلىرى ئۈچۈن بولۇشى كېرەكتۇر. ئەكسىچە، توي، باغچە، كۆڭۈل ئېچىشتەك سەيلە ـ تاماشىلارغا بېزىنىپ ـ ياسىنىپ بېرىپ، ئۆيلىرىگە ــــ ئەرلىرى قېشىغا رىغبەتسىز قىياپەتتە كونا كىيىملىرىنى كىيىپ كىرگۈچى ئاياللار تەربىيىسىز ئاياللاردۇر.

ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پاكىزلىق كېرەك، دېدۇق. پاكىزلىق دېگەن نېمە؟ پاكىزلىق دېگىنىمىز ــــ سائەتلەپ سوپۇنلاپ يۇيۇنۇش، ھەر كۈنى كىر يۇيۇش ئەمەس، بەلكى ھاجەت ۋاقىتلىرىدا كىچىكتۇرمەي يۇيۇنۇش، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن نەرسىلەرنى، ئەزالارنى پاكىز ھالىچە تۇتۇش دېمەكتۇر. ئەكسىچە، ئۆردەكتەك بىر تەرەپتىن سۇغا چۆشۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن پاتقاققا چۆمۈلۈش ھەرگىز پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئەمەس. بۇنداق قىلىش نىجىسلىقتىنمۇ يامان بىر سۆيەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر تەرەپتىن تازىلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلغىنىش، سۇ، سوپۇن، ۋاقىتنى زايە قىلىش دېمەكتۇر. گۈزەل كۆرۈنۈش ئۈچۈن كىيىنىش

ۋە ياسننش راۋا ھېسابلانسمۇ، لېكن لايىقدا بولۇش كېرەك.
بەزەن نەرسلەر بىلەن ياسننش مۇناسىپ ئەمەس، مەسىلەن:

1. ئۆز چېچىغا باشقا كىشىلەرنىڭ چېچىنى ئۇلىماق. دۇكانلاردىكى چاچلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئۆلگەن ئاياللاردىن كېسىپ ئېلىنغاچقا، كېسەل يۇقتۇرىشى مۇمكىن. بۇ، تىبابەتتىمۇ ئېنىق چەكلەنگەندۇر. شۇڭا، باشقىلارنىڭ چېچىنى تاقاش توغۇل يېقىن كەلتۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ.

2. يۈز-قوللارنى بويىماق. بوياقلارغا زەھەرلىك ماددىلار قوشۇلغانلىقتىن، ياش ئاياللارنىڭ يۈز تېرىسىنى زەھەرلەپ، موماياللارنىڭ يۈزلىرىگە ئوخشاش قورۇق پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە زىننەتلەش (بوياق) مەقسىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل بوياقلارنىڭ بەزىلىرى كۆز بىلەن ئەقلىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. مەسىلەن: تېرىمىزدىكى ھۇجەيرىلەر ئارقىلىق ئىچكى ئەزالارغا ھاۋا كىرىپ تۇرىدۇ. تەر شۇ تۆشۈكچىلەردىن چىقىدۇ. سالامەتلىك ئۈچۈن بۇ تۆشۈكچىلەرنى تازا تۇتماق لازىم. بىراق، ئۇپا، بوياق قاتارلىق نەرسىلەرنى يۈز-قوللارغا سۈركىگەندە، تۆشۈكچىلەر ئېتىلىپ قالىدۇ-دە، سالامەتلىككە زىيان بولىدۇ.

3. بوينىغا كۈمۈش، ئالتۇن تەڭگىلەرنى ئېسىش زىيانلىق بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ئېغىر بولغاچقا، باش ۋە بويۇنلارغا زىيانلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ نەرسىلەر ساپ پۇل بولغاچقا، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ، نىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## ھايا ۋە ئىپپەت

ھايا ۋە ئىپپەت تەربىيىلىك ئاياللارغا ئادەتتۇر، ئەرلەرگە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈشنىڭ ئاساسىدۇر. ئەدەپسىز ئاياللارغا ۋە

ئۇلارنىڭ ھاياسىز يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىغا ئار ـ نومۇسلۇق ھەر بىر ئەر كىشى نەپرەت قىلىدۇ. ئايالى ھەر قانچە تېپىلمايدىغان پەرىزات بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نومۇسسىز بولسا، ئەرنىڭ شۇ سائەتتىن باشلاپ ئىخلاسى قايتىپ، مۇھەببىتى سوۋۇپ، نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. چۈنكى نومۇسسىزلىق بىلەن ھاياسىزلىق خەلق ئالدىدا ھېچقاچان ئەپۇ قىلىنمايدۇ. شۇڭا، تەربىيىلىك ئاياللار خەلقنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ خىل ھاياسىزلىقتىن يىراق تۇرىدۇ. ھايالىق، نومۇسچان كىشى نەقەدەر كەمبەغەل بولسىمۇ، كىشىلەر ئالدىدا ھۆرمەتلىنىدۇ. لېكىن، ھاياسىز، نومۇسسىز كىشىلەر قانچىلىك باي، قانچىلىك مەرتىۋىلىك بولغان بىلەنمۇ ئېتىبارى يوقتۇر.

شەرم ـ ھايا ئەخلاق دەرىخىنىڭ بىر شېخى بولۇپ، شاخلىرى دۇنيادا بولسىمۇ، يىلتىزى جەننەتتىدۇر. بۇ شاخلارغا يېپىشقان زات ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تومۇرلىرىغىمۇ تۇتىشىدۇ. تەربىيىلىك ئاياللارنىڭ يۈزلىرىدە ئەكس ئەتكەن قىزىللىق ھايانىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ئەرلەرنىڭ كۆڭلىگە چاقماقتەك تەسىر قىلىپ، مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. غەيۋەت ـ شىكايەت، چېقىمچىلىق، ئۆسەك تېرىش ۋە يالغان سۆزلەشتەك بۇزۇق مىجەزلەر ھاياسىزلىقتۇر. تەربىيىلىك ئاياللار بۇ خىل يامان ئىللەتتىن خالىيدۇر. ئەگەر پەزىلەتلىك ئاياللار بۇ خىل ئىللەتكە ئۆز تەبىئىتىدىن ئورۇن بېرىدىكەن، گۇناھى ئىككى ھەسسە ئاشىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا، ئېرىگە، يېقىنلىرىغا يالغان ئېيتقان ئايال ئەڭ ئۇچىغا چىققان بۇزۇق ھەم تەربىيىسىز ئايال ھېسابلىنىدۇ. پەزىلەتلىك كىشىلەر يالغانچىنى ئايال قىلىپ تۇتۇش تۇگۇل، ھەتتا خىزمەتچى قىلىپمۇ ئىشلەتمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تەرتىپلىك بولۇش ھەققىدە

تەربىيىلىك ئائىلىلەر ئۆي ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. تەرتىپ ـ ئىنتىزام ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆز جايىدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەئىشەت ئىلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان بابىدۇر. ئۆي لازىمەتلىكلىرى ئۆزىگە يارىشا جايىدا تۇرغاندا ئۇبدان ساقلىنىپلا قالماي، لازىم بولغاندا ئاسان تاپقىلى بولىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ تەربىيىلىك، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەت نېمە؟ ئاشخانىسى پاكىز، يېمەك ـ ئىچمەك سايمانلىرى ساپ ۋە تازا، قاچا ـ قومۇچلىرى خۇددى دۇكاندىكىدەك تىگىشلىك ئورۇنلىرىدا بولۇشى، شۇ ئائىلىنىڭ ئىش بىلەرمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئائىل كىشى تەربىيىلىك بولسا، ئۆيمۇ تەرتىپلىك، تەربىيىسىز بولسا، ئۆيمۇ تەرتىپسىز ھالەتتە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قانچىلىك باي، قانچىلىك مەرتىۋىلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولسىمۇ، ئۆي ئىچىنى كۆزەتمەك، ھەر بىر نەرسىنى نازارەت قىلماق تەربىيىلىك ئائىلىلەرنىڭ ئاڭلىق ۋەزىپىسىدۇر.

ئەگەر ئۆي ئىچىدە بۇ رەۋىشتە بىر كۆز بولمىسا، ھاجەتلىك نەرسىلەرگە مەخسۇس بىر نىزام بولمايدۇ ـ دە، جىددىي پەيتتە ئاددىي بىر نەرسىنى ئىزدەش ئۈچۈن بىر مۇنچە ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ھەر بىر ئۆيدە ھەر بىر سائەتتە پات ـ پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاشخانا ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەر توغرىسىدا نىزام تۈزۈپ، قائىدە بىلەن ئىش كۆرگەن ئائىل ساماۋار قويغۇدەك بولسا، بەش مىنۇتتا داستىخان ھازىرلىنىدۇ. بۇنىڭ

ئەكسىچە بولغاندا، بەش مىنۇتتا ئەمەس، بەش سائەتتىمۇ ساماۋاردىن تاۋۇش چىقمايدۇ. كۈتۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ تاقىتى تۈگەپ كېتىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا بىر قەپەس جېدەل چىقىدۇ. ئۆينى ۋە ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تەرتىپكە سالمىغان ئايالنىڭ قىلغان ئىشى، شەيتاننىڭ بويىنىغا مىنىۋېلىپ ناخشا ئېيتقان ئادەم بالىسىنىڭ تۈگمەس ناخشىسىغا ئوخشاش قىزىقى يوق، ئاخىرى چىقماستۇر. بۇخىل تەرتىپسىز رەۋىشتە مېھمان كۈتكەن ئايالنىڭ ئۆزىمۇ ئورۇنسىز چاپىچەككەچكە، ئېرىدىنمۇ رەھمەت ئالالماي، ئاخىر ھاياتلىق لەززىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئايال كىشى دېمەك — بىر ئۆينى قائىدە ـ تەرتىپ بىلەن تۈتقۇچى دېمەكتۇر. ئۇنداق قىلماي، ئىشلەيدىغان ئادەملىرىم بار، دەپ كۆرپىدە ئولتۇرۇپ سېغىز چاينىسا، قوشنا ئاياللارنى يىغىپ گەپ ساتسا، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ھەققىدە سۆز تاراتسا ۋە ئەل ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تېتىقسىز ئايالدىن نېمە پەرقى؟!

## سالامەتلىكنى ئاسراش ھەققىدە

سالامەتلىك بىر چوڭ بايلىقكى، ئۇنىڭ ھەققى ھېچقاچان ئادا بولماس. پۈتۈن دۇنياغا پادىشاھ بولغان بىلەنمۇ، تەن ساق بولمىسا، ئۇنىڭ نېمىگە كېرىكى؟!

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار سالامەتلىككە زىيان قىلىدىغان نەرسىلەردىن ئالاھىدە ساقلىنىدۇ. بەزى ئاغرىقلارنى

داۋالاشنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، شەپقەتلىك بولغاچقا، كېسەلنى ئوبدان، مۇلايىملىق بىلەن كۈتۈشنى بىلىدۇ.

سالامەتلىكتە زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغانلىرى، بەدەن قىزىغاندا ۋە مۇزلىغاندا سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك، كۆمۈر ئىسىدىن ساقلىنىش، ئۆي ۋە ئورۇننى نەملىكتىن ساقلاش، مايلىق تائاملارنى كۆپ يېمەسلىك، كەيپ قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچمەسلىك، قىمار ئوينىماسلىق، زىنا قىلماسلىق، چېكىملىك چەكمەسلىكتۇر. سالامەت بولۇش ئاساسلىقى بەدەن، كىيىم ـ كېچەك، تۇرغان ئورۇننى پاكىز تۇتۇش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، ھەرىكەت قىلىپ بېرىش بىلەن ھاسىل بولۇر.

## ئوسال خوتۇنلار

ئوسال ۋە بىشەم خوتۇنلارنىڭ ئادەتلىرى يۇقىرىدا ئېيتقان ياخشى نىيەتلىك خوتۇنلارنىڭ ئادەتلىرىدىن تامامەن باشقىچە بولىدۇ. بىشەم خوتۇنلار يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئەرلىرى بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىدۇ. ئەرلىرى بىرەر ئىشنى بىجىرەلمىسە، ئۇزاققىچە جېدەل قىلىپ ئارام بەرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە كۈچەيدۇ. ئەرلىرى گەپتىن قالمىغۇچە ياكى ئۆيدىن چىقىپ كەتمىگۈچە، قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ ساراڭ قىلىۋېتىدۇ. ھە دېسە قىلغان ئىشلىرىنى پەش قىلىپ، ئۆلگۈچە مىننەت قىلىدۇ. ئەرلىرىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلارنى ئىنكار قىلىدۇ، ھەتتا ئۇيالماي نومۇسسىزلارچە: «مەن سېنىڭدىن ھېچبىر

ياخشىلىق كۆرمىدىم، ئىسسىت، سەن بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈمگە» دەپ ئاجراشماقچى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق خوتۇنلار ئۆزلىرىنى بەختسىز قىلغىنىنى ئاز دەپ، ئەرلىرىنىمۇ ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ. باللىرىنى يېتىم قىلىدۇ. ئەپسۇس، ئۇلار بۇ خىل ئۇساللىقتىن كۆرە، ئەرلىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەي، سىلىق-سىپايىلىق بىلەن ئۆز مەقسىتىنى چىرايلىقچە دېسە، ئەرلىرىنىڭ ئىخلاس ۋە مۇھەببىتىنىڭ ئېشىشىغا سەۋەب بولۇر ئىدى.

## ئەرلەر

تۇرمۇش ۋە مەئىشەت ئەرلەر بىلەن خوتۇنلار ئارىسىدا ئورتاق بىر ئىش بولغىنى ئۈچۈن، خوتۇنلار توغرىسىدا يازغىنىمىزدەك، ئەرلەر توغرىسىدىمۇ ئاز-تولا گەپ قىلماق لازىمدۇر. شۇڭا، بۇ ماۋزۇدا ئەرلىرىمىز ھەققىدە مۇنازىرە قىلىمىز.

ئەرلەرنىڭ ئەقلى، جىسمانىي قۇۋۋىتى خوتۇنلاردىن ئارتۇقلۇقىدا شۈبھە يوقتۇر. شۇنداق ئىكەن، دۇنيا ۋە تىرىكچىلىكنىڭ ئەڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىگە نىسبەتەن زەئىپ بولغان خوتۇنلار سەۋر قىلغان ۋە تۇرمۇش قۇرغان ئەھۋالدا ئەقىللىق ھەم قۇۋۋەتلىك بولغان ئەرلەر ھەر ئىشتا ئادىل بولمىغاندا بەكمۇ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. خوتۇنلارغا شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن ئۆتكەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىش لازىمدۇر. ئۇلۇغلاردىن «سىزنىڭ ياخشى نىيەتتە بولغىنىڭىز — خوتۇنىڭىزغا ياخشى بولغىنىڭىزدۇر» دېگەن سۆز قالغان.

ئەرلەر ئۆز ئائىلە-جەمەتلىرىگە نىسبەتەن پادىچىغا ئوخشايدۇ.

ئوتلاقتا يۈرگەن هايۋانلارغا پادىچى مەسئۇل بولغىنىغا ئوخشاش، ئائىلە ـ جەمەت ئىشلىرىدا بولىدىغان ئىشلارنى ئەرلەردىن سوراش، پىكىر ئېلىش زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەر خوتۇنلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى تەرەپلىرىنى يەنى كۆڭۈل ـ خاراكتېرىنى تەربىيلىمەك، قائىدىگە چۈشۈرمەك، ئوچۇق چىراي ۋە ئوچۇق سۆز بولماق كېرەك.

تۇرمۇش بەختلىك بولسۇن دەپ نىيەت قىلغان ھەر بىر كىشى ئۆز خوتۇنىنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئۆز تەبىئىتىنى بىر ئورۇنغا قويۇپ، ئىككى تەبىئەتنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىشى لازىمدۇر. ئاشۇنداق چارە ـ تەدبىرلىك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككى ئارىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىلىم ـ پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ بۇيرۇغان ۋە ئۆزلىرى ئىزچىل ئەمەل قىلغان ئادەت ـ ئىشلىرىغا ئەگەشمەك مۇناسىپتۇر. چۈنكى ئەر بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى تۇرمۇشنىڭ نازۇك قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر ۋە يېزىلغان كىتابلار ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، ئۆتمۈش تارىخىمىزنىڭ، ئۆزۈن ئەسىرلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمىزنىڭ بۈيۈك يەكۈنىدۇر. شۇ جۈملىدىن مەشھۇر ئالىم، رەھمەتلىك پەقىر ئەبۇلەيس خوتۇنلارنىڭ ئۆز ئەرلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: ئەرلەر ئۆز خوتۇنلىرىغا ھالال يېگۈزۈپ، ھالال ئىچكۈزۈپ، ھالال كىيىندۈرسۇن، ئۇلارغا جاپا ۋە زۇلۇم قىلمىسۇن، مۇبادا ئۇلار گەپ ئاڭلىمىسا، ئەدەپسىزلىك قىلسا، سەۋر قىلىپ، نەسىھەت قىلسۇن. ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرسۇن، قىسمەنلىرىنى بولسا بىلمەسكە سالسۇن، دېگەنىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۆي ئىچىدىكى بارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى خوتۇنلار باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۆي

سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەر كۈنى كۆپ قېتىم ئۇلارنىڭ مۇبارەك قوللىرىدىن ئۆتتىدۇ. ئىشلىتىش جەريانىدا ئۇ سايمانلارنىڭ بەزىلىرى بولۇپمۇ قاچا ـ قۇچىلار سۇنۇپ ياكى بۇزۇلۇپ كېرەكتىن چىقسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەپسىزلەرچە غەزەپلىنىش ئەرلەرگە ئەسلا مۇناسىپ ئەمەستۇر. ئەرلەرمۇ خوتۇنلارغا ئوخشاش بۇ خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ سۇندۇرغان ھەم بۇزۇپ كېرەكتىن چىقارغان بولاتتى. شۇڭا، بۇنداق تاسادىپىيلىق كۆرۈلگەن چاغلاردا ئاياللارنى مۇتلەق ئەيىپ قىلىش لازىمدۇر. شىجائەتلىك ساھىبقىران ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «خوتۇنلار مېنى گۇناھتىن ساقلاشقا سەۋەبچى بولىدى، ئۆيۈمگە كۆيۈنۈپ مېلىمنى باقتى، باللىرىمنى ئېمىتىپ، كىيىملىرىمنى يۇدى، تاماقلىرىمنى ئېتىپ، نانلىرىمنى يېقىپ، باللىرىمنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزسىمۇ كەچۈرىمەن». مادامىكى، سىزلەرنىڭمۇ خوتۇنلىرىڭىز شۇنداق بولمىسا. شۇنداق ئىكەن، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پەزىلىتى ئەرلىرىمىزگىمۇ ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپتۇر، ئەلۋەتتە.

# قېينانا بىلەن كېلىنلەر ئارىسىدا بولىدىغان قائىدە ھەققىدە

كىتابلاردا ئىلىم ـ پەننىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا: «ئۆزۈڭگە راۋا كۆرگەننى ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرگىن» دېگەن بىر قائىدە بار. كېلىنلەر ھەققىدە سۆز قىلغاندا بۇ قائىدىنى خاتىرىدە تۇتۇش كېرەك بولغاچقا، شۇڭا سۆز بېشىدا ئۇنى زىكرى قىلدۇق.

قېينانىلار كۆپ ياشىغان ھۆرمەتلىك كىشىلەر بولغاچقا، ئۆي تۇتۇشنىڭ قائىدە ۋە چارە ـ تەدبىرلىرى ئارقىلىق كېلىنلەرنى ياخشى ئادەتلەرگە، قىز باللارنى بولسا گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ئۆگىتىشلىرى لازىمدۇر. بولمىسا كېلىنلىرىگە جەبىر ـ جاپا، قىزلىرىغا كەلگۈسىدە بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ. بۇ ئەيىب بولۇپلا قالماي، بەلكى گۇناھتۇر.

شۇ كۈنلەردە كۆز قارىچۇقىمىزدەك كۆرۈپ ئۆستۈرۈۋاتقان قىزلىرىمىز بىر كۈنلەردە سىزنىڭ تەربىيىڭىزدىن ئايرىلىپ، چەت يۇرتلارغا، بىلمىگەن ـ كۆرمىگەن كىشىلەر ئارىسىغا چۈشۈپ كېلىن بولۇپ كېتىدۇ، بەلكىم كەتكەندۇر. شۇنداق قىزلىرىمىزنىڭ خۇش تىرىكلىك بىلەن بەختلىك ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز

نەقەدەر شادلىنىپ، نەقەدەر سۆيۈنىسىز. مادامىكى، ئۇلارنى ئاياغ ئاستىدا، جەبىر-جاپا ئىچىدە كۆرگۈدەك، بولسىڭىز قان ياشلىرىڭىزنى تۆكۈپ قايغۇرىسىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟! سىزگە كېلىن بولۇپ چۈشكەنلەرمۇ بىراۋلارنىڭ كۆز قارىچۇقى، ھاياتىنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئۇلارمۇ سىزلەرگە ئوخشاش قىزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشىنى ئىستەيدۇركى، ھېچقاچان قايغۇلۇق خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا رازى ئەمەس! شۇڭا، سىز قېيىنانىلار ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن نەرسىنى باشقىلارغا ھەم سۆيۈشنى ئۆگىتىشىڭىز لازىمدۇر. بۇ بىر ئەقىلدۇركى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس. بەزىبىر قېيىنانىلار باركى، كېلىنلىرىنى ھەر ۋاقىت خارلايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى، سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ ھە دېسىلا ئەيىبلەيدۇ. پۇرسەت كەلگەندە ئوغۇللىرىغا يامانلاپ ئۈستىدىن بولار-بولماس سۆزلەپ، يامان كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. نەتىجىدە ئوغلىنى خوتۇنىدىن ئاجرىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئاجراشمىسا، ئۆي ئايرىشقا زورلايدۇ. يېمەك-ئىچمەكتىنمۇ قىسىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئورۇنسىز رەۋىشتە بىر خاندانىنىڭ بەختى سورۇلۇپ كېتىدۇ، ئوتتۇرىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ، ھاياتلىرى تەمسىز، دۇنيالىرى لەززەتسىز تۇيۇلىدۇ. ئاخىر بۇ ئائىلە ئادەملىرى ئىناقسىزلىقتىن تارقىلىپ خانۇ-ۋەيران بولۇپ كېتىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبى قېيىنانىنىڭ پەزىلەتسىزلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. دۇنيادا، بولۇپمۇ تۆت-بەش كۈنلۈك قىسقىغىنە ئۆمرىدە ئەمدى چېچەكلەشكە، مېۋە بېرىشكە تەييارلانغان ياشلارنىڭ شېرىن ھاياتىغا زەھەر قوشۇپ، بەختىگە زامىن بولغان ئەقىلسىز خوتۇنلارغا مەيلى ھايات ۋاقتىدا بولسۇن، خاھى ئۆلگەندىن كېيىن بولسۇن ھېچكىم سېغىنىش بىلەن قارىمايدۇ، رەھمەت بىلەن يادلىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار سېغىنىدىغانلارنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ-مۇزلىتىپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئەمما، ياخشى قېينانىلارنى ھەر قانداق كىشى ماختاش، ئەسلەش، سېغىنىش ۋە مىننەتدارلىق بىلەن يادلاپ تۇرىدۇ. باشقىلارغا ئىبرەت، ئۈرنەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇلار جۈملىسىدىن بىرى مېنىڭ قېينانام تۇتىيە پەيزۇللا قىزىدۇر. ئۇ ئۆي ئىچىدە ئەقىل-شەپقەت بىلەن تەدبىر كۆرسەتكەندە باشقىلار ئۇنىڭ ئىلىم-بىلىملىرىدىن لەززەت ئالاتتى. كېلىنى بولغىنىم ئۈچۈن مەن پېقىردىن يەنە ئىلىم ئۆگىنەتتى. ئۇ مەرھۇمە پەزىلەتلىك خوتۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، تەڭرىنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىپ دۇنيادىن پاكىز كەتتى.

قېينانىلار شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇشلىرى لازىم بولغىنىدەك، كېلىنلەرنىڭمۇ قېينانىلىرىغا ئىتائەت قىلىش، خىزمەت قىلىشى — ئۇلاردىكى ئەخلاق گۈزەللىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنىڭدا قىلچىمۇ شۈبھە يوقتۇر. قېينانىلىرىغا ياخشى خىزمەت قىلىپ دۇئاسىنى ئالغان كېلىنلەرگە نۆۋىتى كەلگەندە ئۆز كېلىنلىرى ھەم خىزمەت قىلىدۇ، «خىزمەت قىلغان خىزمەت كۆرەر» دېگەن شۇ!

ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى كېلىنلەرمۇ ئىزدىگەندەك، قېينانىلارمۇ يىللاپ ئۆستۈرۈپ تەربىيىلىگەن ئوغۇللىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى تۇرمۇش تەلەپ قىلسا كېرەك. كېلىنلەر قېينانىلىرىنى تۇغقان ئانىلىرى سىياقىدا كۆرۈپ، خىزمىتىنى قىلىش بىلەن رازى قىلسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋەزىيىتى كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ-دە، شۇ ئۆينىڭ رىزىق-مەئىشىتى باياشات، تىرىكچىلىك ھەمىشە كۆڭۈلدىكىدەك، ئۆز جايىدا بولىدۇ.

# ئۆگەي بالىلار ۋە ئۆگەي كېلىنلەر ھەققىدە

خوتۇنلارنىڭ ئەقىللىق، ساپ دىل، ياخشىلىرى ئۆگەي بالىلار بىلەن كېلىنلەر ئارىسىغا كەلگەندە مەلۇم بولىدۇ. ياخشى خوتۇنلار شۇ چاغدىن باشلاپلا ئۆزىنى ئۆگەيلەرگە ۋە كېلىنلىرىگە كۆيۈمچان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار تەدرىجىي مەسلىھەت بىلەن روزىغارنى تىكلەشكە ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىر ئۆي ئىچىدە بىر قائىدە-نىزامنى جارى قىلىش ئارقىلىق ئىناقسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دېمەك، باشتىلا بىر قەدەر تىرىشىپ تەرتىپكە سالالىسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم ياشىيالايدۇ. بۇنداق خوتۇنلار ئۆز بالىلىرىدىن كۆرەلمىگەن ئىلتىپاتلارنى ئاشۇ ئۆگەي بالىلىرىدىن كۆرىدۇ. بەزىبىر خوتۇنلار باركى، ھەر خىل گەپ-سۆزلەردىن خالىي بولمىغان بىر ئائىلىگە كىرىش بىلەنلا شۇ گەپ-سۆزلەرنى جىمىقتۇرۇپ، تىنچلىققا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئائىلىنى گۈل-گۈلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق خوتۇنلاردىن دۇنيامۇ كۆز يۇمۇپ تۇرمايدۇ، بەلكى بۇنى كۆرۈپ ھەر بىر كىشى سۆيۈنۈپ مەدھىيىلەيدۇ.

بەزىبىر خوتۇنلار بولىدۇكى، ئۆگەيلەر ئارىسىغا كېلە-كەلمەيلا

كىنايە ۋە ياكى بولمىغۇر سۆزلەرنى پەيدا قىلىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىكنى بۇزىدۇ. ئائىلە ئارا بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئەل ئىچىدە: «پالانى كىشى ياش خوتۇن ئېلىپ ئازدى، ئائىلىسى توزۇپ كەتتى...» دېگەندەك گەپلەرگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئاخىرىدا بۇنداق خوتۇنلاردىن ئېرىنىڭمۇ، يېقىنلىرىنىڭمۇ ئىخلاسى قايتىپ كۆڭلى سوۋۇيدۇ. نەتىجىدە پىتنە ـ پاسات يىپلىرى، ھىيلە ئارقانلىرى ئۈزۈلۈپ چۇۋۇلىدۇ، ئىغۋا تۇمانلىرى سۇزۇلىدۇ ـ دە، ئاندىن بۇنداق خوتۇننى «مەرھەمەت» دەپ كەلگەن يولىغا ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك خوتۇنلارنىڭ قايسىبىرى ياخشى؟! سىز قايسىسىنى قوللىغان بولاتتىڭىز؟!

ھالبۇكى، چەكسىز غەزەپ يەرگە سىڭمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگەيلەرگە قىلغان جاپالىرى، يامان گەپ ـ سۆزلىرى ئارتۇقى بىلەن ئۆزىگە قايتىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئەزەلدىن بېرى كېلىۋاتقان كونا ئادىتىدۇر. بوۋىلىرىمىز «بىگىز قاپچۇقتا ياتماس» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

www.uyghurkitap.com

# ئۆي تۇتۇش ھەققىدە

كونىلار بىزنى ھەر قاچان، ھەر زامان پاكىزلىق ۋە ساپلىققا ئۈندەيدۇ. ھەقىقەتەن پاكىزلىقنا بىر خاسىيەت باركى، بۇنى كۆپ كىشىلەر سىناپ كۆرگەندۇر. شۇڭا، ئۆي ۋە قورۇلارنى ئوت-چۆپلەردىن، ئەخلەت، چاڭ-توزانلاردىن تازىلاپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىش لازىمدۇر. ئۆي ئىچىدىكى ئىدىش، تاۋاق، قازان، چىنە-قاچا، قىڭراق، ساماۋار، چەينەكلەرنى ھەر دائىم پاكىز تۇتۇش زۆرۈردۇر، شۇنداقلا ئۆيلەرنىڭ تام-تورۇسلىرىدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ئېلىۋېتىپ ئۆينى پاكىز تۇتۇش — خوتۇنلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

بىلىقلارنىڭ سۇسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلگەندەك، بىزلەرمۇ دۇنيادا ياشىشىمىز ئۈچۈن ھاۋاغا موھتاجمىز. نەپەسىمىز ئارقىلىق سېسىق ھاۋانى چىقىرىپ، يېڭى، ساپ ھاۋانى ئىچىمىزگە سۈمۈرۈپ تۇرىمىز. ھاۋاسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەستۇر. پاسكىنا، سېسىق سۇلاردا بېلىقلار ئۆلگەنگە ئوخشاش، ناچار ھاۋا، بۇلغانغان مۇھىتتىكى ئادەملەر كېسەللىك ۋە خاپىلىقتىن خالىي بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆيلەرنىڭ ئىچ-تېشىنى پاكىز تۇتۇپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا دېرىزىلەرنى ئېچىپ، ئۆيلەرنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ

تۇرۇش پايدىلىقتۇر. شۇنىڭدەك، بەكمۇ ئىسسىق بولمىغان كۈن نۇردا يۇرۇشنىڭمۇ پايدىسى بار. ئۆينىڭ تارچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆينىڭ ھاۋاسى بۇزۇلسا، ئىشىكنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش لازىمدۇر. لېكىن ئادەم تەرلەپ تۇرغاندا ئوچۇق دېرىزە-ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇش زىيانلىقتۇر. يېڭى سىلىنغان ئۆيلەرنىڭ بوياقلىرى تامام قۇرۇپ كەتمىگۈچە ئۆيگە كىرىش ۋە ئۇخلاش زىيانلىقتۇر.

## ساغلام روھ مەنزىللىرى (2)

# ئاتا-ئانىلار ئەخلاقى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: شىرىنجان ئەيسا
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
كومپيۇتېردا لايىھىلىگۈچى: مۇھەممەد قۇربانىنياز
خەتتات: ئەنۋەر قاسىم
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ نومۇر
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنبوۋېن باسما چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32 كەسلەم 22.375 باسما تاۋاق
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 ـ 7 ـ 5372 ـ 4544 ـ 9
تىرازى: 1 ـ 10000
ئومۇمىي باھاسى (ئۈچ قىسىم): 54.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001